«تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» نى قۇرۇپ، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇشتىن مەقسەت: «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمى» توغرىسىدىكى تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، تۇرپاننىڭ خەلقئارادىكى ئورنى، ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

(ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ، كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى)

① گابائىن خانىمنىڭ 1983 ـ يىلى تۇرپانغا ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەندە قىلغان سۆزىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# غەربىي يۇرت، تۇرپان «قوس خانلىقى» ۋە قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزىلەر

شەرىپىدىن ئۆمەر

«غەربىي يۇرت» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ تار ۋە كەڭ ئىككى مەنىسى بار. ئۇنىڭ تار مەنىسى ھەققىدە مىلادى I ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك تارىخچى بەن گۇ (مىلادى 32 — 92 ـ يىللىرى) مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: «غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقە پادىشاھ خەن ۋۇدىنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىدىن ئىلگىرى 156 ـ 87) ئىلگىرى باشلانغانىدى. غەربىي يۇرتتا ئەسلىدە 36 دۆلەت بولسىمۇ، بىز ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئەللىك نەچچىگە يەتكەن. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ھونلارنىڭ غەربىي، ئاسيۇلارنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. غەربىي يۇرتنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدىكى چوڭ تاغلار (قارا قۇرۇم تېغى بىلەن تەڭرىتېغىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك ـ ئا) بار. غەربىي يۇرتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاقىدىغان دەريا (تارىمنى كۆرسىتىدۇ ـ ئا) بار. غەربىي يۇرتنىڭ شەرقىدىن تارتىپ غەربىگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 6000 چاقىرىمدىن كۆپرەك كېلىدۇ. غەربىي يۇرتنىڭ شەرقى قاشقوۋۇق ۋە كۆن قوۋۇق ئارقىلىق خەن (جۇڭگوغا) گە تۇتىشىدۇ. غەربى بولسا پامىرغا تۇتىشىدۇ...

غەربىي يۇرتتىكى دەريانىڭ سۈيى ئىككى مەنبەدىن ئېقىپ چىقىدۇ؛ ئۇنىڭ بىر مەنبەئى پامىر تاغلىرىدىن ئېقىپ كەلسە، يەنە بىر مەنبەئى ئۇدۇل خوتەندىن ئېقىپ كېلىدۇ»① دەپ كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ «غەربىي يۇرت» نىڭ تار مەنىسى بولۇپ كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئۇ پەقەت تارىم ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«غەربىي يۇرت» توغرىسىدىكى كەڭ چۈشەنچە جاڭ چيەن شىنجاڭغا ئىككى قېتىم كەلدى. بىرىنچى قېتىم ئۇ مىلادىدىن 139 يىل ئىلگىرى

كەلگەن بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرنى ھەر قايسى ئەللەرنى خەن سۇلالىسى تەرەپكە تارتىپ ھونلارغا قارشى بىر مۇستەھكەم ئىتتىپاقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى. مىلادىدىن 70 يىل ئىلگىرى، ھونلار دۇڭخۇاڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان تۇخارلارنى قوغلىغۇەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئىلى ۋادىسىغا ئۆتۈپ ئولتۇراقلاشقانىدى. بىراق ئۇ يەردىمۇ ئۆزلىرى بىلەن تارىخىي ئۆچمەنلىكى بار ئاسيۇ خانلىقى (ئاسيۇلار تۇخارلار بىلەن بىللە دەسلەپتە دۇڭخۇاڭدا تۇرغان) زەربىسىگە ئۇچرىدى. تۇخارلار تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ پامىر ئارقىلىق ھازىرقى ئافغانىستانغا ئۆتۈپ، باكتېرىيىنى بېسىۋېلىپ، كۇچلۇك كۇشان ئىمپېرىيىسىنى قۇرغانىدى. جاڭ چيەن مانا شۇ ئالەمنى تىترەتكەن كۇچلۇك ئىمپېرىيىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ھونلارغا قارشى تۇرۇشقا قوزغاپ، ئۇلارنىڭ قولى بىلەن ھونلارنى يوقاتماقچى بولۇپ كەلگەنىدى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ناھايىتى ئېغىر مۇشەققەتلەر بىلەن كەلدى. ئارىلىقتا ئۇ ھونلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ 10 يىل ئەسىرلىكتە تۇردى. كېيىن، قېچىپ كەتتى.

ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇ سۈيىقەستلىك تەلىپى كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەقىللىق سىياسىئون ئىمپېراتورى تەرىپىدىن رەت قىلىندى. لېكىن جاڭ چيەن بۇ قېتىم غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي، ئىجتىمائىي، تەبىئىي شارائىتلىرىنى خېلىلا پۇختا ئىگىلەپ قايتقانىدى. ئۇ ئەنە شۇ ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرىنى خان ۋە خان سارىيىدىكى ئەمەلدارلار بىلەن پىششىق مۇزاكىرە قىلىپ، بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن مىلادىدىن 115 يىل ئىلگىرى، ئىككىنچى قېتىم نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام ئېلىپ غەربىي يۇرتقا كېلىپ، ئاسيۇ كۇنبېيىنى خەن پادىشاھى بىلەن قۇدىلىششقا ئۇنىتىش مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن دۆلىتىگە قايتتى.

جاڭ چيەننىڭ ئەنە شۇ ئىككى قېتىم غەربىي يۇرتقا ناھايىتى چوڭ مەقسەت بىلەن كېلىپ ـ كېتىپ غەربىي يۇرت توغرىسىدىكى باش قاتۇرۇپ قىلغان مۇلاھىزىلىرى غەربىي يۇرتنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتتى. ئەمدى «غەربىي يۇرت» دېگەن بۇ نام ئوتتۇرا ئاسيادىن

www.uyghurkitap.com

تارتىپ، شەرقىي ياۋروپاغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىنى كۆرسىتىدىغان بولدى. بىز بۇ ماقالىمىزدە «غەربىي يۇرت» دېگەن بۇ نامنى ئاسىيا تېررىتورىيىسى دائىرىسىدە ئىستېمال قىلىمىز. «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان تېررىتورىيىنىڭ ئىچىدىكى تارىم ۋادىسى، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ غەربىدە (ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادا) نەچچە ئونلىغان دۆلەت بار ئىدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ مەشھۇرراقلىرى خوتەن، ياركەنت، قەشقەر، كۇسەن، كىنگىت، قوس خانلىقى بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن تارىم ۋادىسىدا ئىدى. جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ئىلى ۋادىسى، ماۋرا ئۇننەھر ۋە خوراسان ۋە غەربىي ئاسىيادا بولسا ئاسىيۇ خانلىقى، پەرغانە خانلىقى، قاڭلى خانلىقى، ئالانلار خانلىقى قاتارلىق خېلى كۈچلۈك دۆلەتلەر بار ئىدى. بۇلار «غەربىي يۇرت» دېگەن ئاتالغۇنىڭ تارىخىي مەزمۇن ۋە دائىرىسىدىن ئىبارەت.

ئەمدى بىز ماقالىمىزگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەنە شۇ «غەربىي يۇرت» ئىچىدىكى «قوس» دۆلىتى توغرىسىدا توختىلىمىز.

كۈچلۈك تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى تۇرپان ئويمانلىقىدا قۇرۇلغان ئەڭ قەدىمكى دۆلەتنىڭ نامى «قوس» خانلىقى دەپ ئاتالغانلىقى تارىختىن بىزگە مەلۇم. دۆلىتىمىز تارىخچىلىرى بۇ دۆلەتنى بۇرۇن «گۇشى» دەپ يازغان بولسا، مىلادىدىن 60 يىل ئىلگىرىكى مەزگىلگە كەلگەندە «جۇيشى» دەپ يېزىشقا باشلىدى. دۆلىتىمىز تارىخچىلىرىنىڭ تارىخنى ماتېرىياللارغا تايىنىپ چىقارغان خۇلاسىسىگە قارىغاندا، «كۇشان ئىمپېرىيىسى» مىلادىدىن 60 يىل ئىلگىرى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندىن باشلاپ قوس خانلىقىمۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئالدى قوس» ۋە «ئارقا قوس»② دەپ ئاتالغاندى. «گۇشى» بىلەن «جۇيشى» دېگەننىڭ مەنىسى توغرىسىدا تارىخچى مىڭ فەنرىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «گۇشى بىلەن جۇيشى» دېگەن نام كولتېكىن يادىكارلىقىدىكى «قوسۇ» دېگەن نام بىلەن بىر ئاھاڭدا ئېيتىلىشى، خالاس. پەلليئوتنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا («جۇڭغارىيە، تارىم ناملىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، 68 - بەت)، «قوسۇ» دېگەن نام„تاڭنامە غەربىي

يۆرت تەزكىرىسى» دىكى «گې‌شۆ» دېگەن نامنىڭ ئېيتىلىشى بىلەن ئوخشاش. «گې‌شۆ» تۆرك قەبىلىلىرىنىڭ نامى. قوس خانلىقى گەرچە شەھەرلەرنى ئاساس قىلغان دۆلەت بولسىمۇ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە (مىلادىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى ـ ئا) خەن سۇلالىسى بىلەن هونلار قوس خانلىقىنى تالىشىپ بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇشقان. «هون قەبىلىلىرى ئىچىدە ‹قوسۇ› دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبىلىمۇ بار» ئىدى ③. يۇقىرىقى تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «قوس خانلىقى» دېگەن بۇ دۆلەتنىڭ نامى شۇ چاغدىكى بۇ دۆلەتتە هاكىمىيەت تۇتقان «قوس» قەبىلىسىنىڭ نامىغا قويۇلغانلىقى ناهايىتى ئېنىق. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «قوس خانلىقى» نىڭ تېررىتورىيىسى مۇنداق دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بۇ خانلىق چېگرىسىنىڭ شەرقى قۇمۇل، بارىكۆلگىچە، غەربى ماناسقىچە، شىمالى جۇڭغارىيە ئويمانلىقى (قاۋان توڭگۇز قۇملۇقى) نىڭ جەنۇبىغىچە، جەنۇبى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى تىزمىلىرى ئارىسىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا تۇتاشقان بولۇپ، پايتەختى يارغول شەھىرى ئىدى. قوس خانلىقىدا سولى، بارىكول (بارىكۆل)، لۇكچىن قاتارلىق شەھەرلەر بار ئىدى. قوس خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار هاياتىدا چارۋىچىلىق تىرىكچىلىكىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇلار چېدىرلاردا ئولتۇرۇپ ئات، كالا، قوي، ئۆچكە قاتارلىق چارۋا ماللارنى باقاتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. بۇ ئىگىلىك بارىكۆل، ئۈرۈمچى، تۇرپان يەرلىرىنى ئاساس قىلىپ بۇغداي، ئاق قوناق، سۇلۇ، پۇرچاق، بېدە، كەندىر، ئۈزۈم، قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىيتتى.

قوس خانلىقى مىلادىدىن 108 يىل ئىلگىرىدىن باشلاپلا هونلار بىلەن خەن ۋۇدىنىڭ تالىشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى. بۇ ئەمەلىيەتتە خەلقئارا سودا يولى بولغان يىپەك يولىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا ئىگە بولۇش مەسىلىسى ئىدى. مىلادىدىن تۆت ـ بەش ئەسىر ئىلگىرىدىكى چاغلاردىن باشلانغان «بۈيۈك كارۋان يولى» X IX ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا «يىپەك يولى» دەپ ئاتالدى. بۇ قۇرۇقلۇق يولى قەدىمقى چاغدا غەربتىن ـ شەرققە،

شەرقتىن غەربكە ئۆتۈشىدىغان خەلقئارا يول بولۇپ، شەرق ۋە غەرب خەلقلىرىنى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىن بىر ـ بىرىنى ئۈزۈلمەس زەنجىردەك باغلاپ كەلگەنىدى. غەربىي يۇرت تېررىتورىيىسىدە «شىمال يول»، جۇڭغارىيىدىن ئۆتسە «جەنۇبىي يول» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ خەلقئارا يولنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈگۈنى تۇرپان ئىدى. دېمەك ھەم «شىمالىي يول» ھەم «جەنۇبىي يول» نىڭ تۈگۈنى قوش خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسىدە ئىدى. مانا بۇ ھال «قوش خانلىقى» نى ھونلار بىلەن خەن ۋۇدىنىڭ تالىشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يىپەك يولىنىڭ تۆت كوچىسىغا جايلاشقان «قوش خانلىقى» نىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى يۇقىرىقى ھەر ئىككى ئىمپېرىيىنى بۇ جاينى جان تىكىپ تالىشىشقا مەجبۇر قىلاتتى. چۈنكى بۇ جاينى ئىگىلەش خەلقئارا سودا يولىنى كونترول قىلىپ تۇرۇشتىن تاشقىرى بۇ جاي ئارقىلىق شەرققىمۇ، غەربكىمۇ تاجاۋۇز قىلىپ كېڭىيىش ئىمكانىيىتىگە زور رول ئاچاتتى.

ھون تەڭرىقۇتلۇقى (مىلادىدىن 240 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن مىلادىنىڭ 220 ـ يىللىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 210 يىل ئىلگىرىكى چاغدىن مىلادىدىن 174 يىل ئىلگىرىكى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) مىلادىدىن 177 يىل ئىلگىرى غەربكە قىلغان سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىلادىدىن 176 يىل ئىلگىرى غەربىي خەن سۇلالىسى (مىلادىدىن 207 يىل ئىلگىرىكى چاغدىن مىلادىنىڭ 220 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ پادىشاھى خەن ۋۇدىغا يازغان مەكتۇبىدا ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «كروران، ئاسىيۇ ئېلىنى، ئۇيغۇزلارنى (ئۇلار شۇ چاغدا چۆچەك، زايسان كۆلى ئەتراپىدا ياشايتتى) ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 ئەلنى ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئالدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھونلار تەركىبىگە كىردى. ئوقيا كۆتۈرگەن خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە بولۇپ بىرلەشتى!»④ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتىدىن بىز مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى قۇرۇلۇپ، مۇستەقىل ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن «قوش بەگلىكى» مىلادىدىن 177 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا كەلگەندە ھونلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەنلىكى

جۇملىدىن ئەنە شۇ چاغدا كرورەن خانلىقى (تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى خانلىقلارمۇ)، ئىلى ۋادىسى بىلەن يەتتەسۇدىكى ئاسىيۇ خانلىقى، بالقاش كۆلى بىلەن ئارال دېڭىزى ئارىسى ۋە سەمەرقەنت رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن تېررىتورىيىدىكى قاڭلى خانلىقى، كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئالانىيلار خانلىقى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھون تەڭرىقۇتلۇقىغا بويسۇنغانلىقى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

ھون تەڭرىقۇتىنىڭ يۇقىرىقىدەك كېڭەيمىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ۋە يۇقىرىقى ئۇلتۇماتوم خاراكتېرىدىكى ئۇقتۇرۇشى قەلبىگە كېڭەيمىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق خىيالىنى پۈككەن خەن ۋۇدىنى ئۇنىڭغا جىددىي تاقابىل تۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ ھەرىكەت قوللىنىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن خېلى بىر مەزگىل پۇختا تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، مىلادىدىن 127 يىل ئىلگىرىكى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 119 يىل ئىلگىرىكى چاغقىچە ھونلار بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۈچ قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاساسەن غەلىبە قىلدى. ھونلار بۇ ئۈچ قېتىملىق جەڭدە ئوردوس يايلىقى بىلەن خېشى كارىدورىنى قولدىن بېرىپ قويدى. خەن ۋۇدى خېشى كارىدورىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ئۇ يەردە يىلتىز تارتىپ غەربكە ئىلگىرىلەش ئۈچۈن خېشى كارىدورىدا ۋۇۋېي، جيۇچۇەن، جاڭيې، دەشىت ئاتا (دۇڭخۇاڭ) ۋىلايەتلىرىنى تەسىس قىلىپ خەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى. جاڭ چيەن ئىككىنچى قېتىم غەربىي يۇرتقا كەلگەندە، ئاسىيۇ خانلىقىغا كەلگەن ۋە خەنۇۋدىنىڭ بىر مەلىكىسىنى ئاسىيۇ كۇنبىيىگە بېرىپ قۇدىلىشىش ئارقىلىق ئۇنى ھون ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىشقا قۇتراتقانىدى. خەن ۋۇدى ھونلاردىن ئوردوس يايلىقىنى ۋە خېشى كارىدورىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ئاسىيۇ خانلىقى ھونلاردىن يۈز ئۆرۈپ، خەن ۋۇدى تەرەپكە ئۆزۈل - كېسىل ئۆتتى. خەن ۋۇدى بۇ قېتىمقى تەييارلىقنى پۇختا قىلىۋالغاندىن كېيىن، يىپەك يولىنىڭ ئىككى تۈگۈنىنى ئۆز دائىرىسىگە ئېلىپ، خەلقئارا سودا يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان، قوس خانلىقى بىلەن كرورەن خانلىقىنى ھونلار قولىدىن تارتىۋېلىپ، خەلقئارا

بازارغا كونتروللۇقىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئاندىن قورال كۈچى بىلەن غەربكە قاراپ كېڭىيىش قارارىغا كەلدى. شۇڭا، مىلادىدىن 108 يىل ئىلگىرى، ئۇ سانغۇن جاۋپونۇنى 10 مىڭ ئاتلىق قوشۇنغا قوماندان قىلىپ بەلگىلەپ، غەربىي يۇرتقا ماڭغۇزدى. خەن قوشۇنلىرى قاشتېشى قوۋۇقىدىن يولغا چىقىپ لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كرورەن خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، كرورەن خانىنى ئەسىرگە ئالدى. ئارقىدىنلا قوس خانلىقىنىڭ جەنۇبىي تېررىتورىيىسى بولغان تۇرپاننى بېسىۋالدى. خەن سۇلالىسى كرورەن خانلىقى بىلەن قوس خانلىقىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن بۇ ئىستراتېگىيىلىك زېمىننى بازا قىلىپ، تۇرۇپ، غەربكە كېڭىيىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «پەرغانە تۇلپارلىرىنى ئېلىپ كېلىش» نى باھانە قىلىپ، گېنېرال لى گۇاڭلىنى مىلادىدىن 104 يىل ئىلگىرى بىر قېتىم، مىلادىدىن 102 يىل ئىلگىرى بىر قېتىم كۆچلۈك قوشۇن بىلەن پەرغانىگە ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلغۇزۇپ، پەرغانىنى زور زىيانغا ئۇچراتقان بولسىمۇ، ئەمما كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىدى.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بېسىۋالغان (مىلادىدىن 108 - يىل ئىلگىرىدىن مىلادىدىن 60 يىل ئىلگىرىگىچە) 48 يىل ئىچىدە، خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلارنىڭ قوس خانلىقىنى تالىشىش ئۇرۇشى بېسىقمىدى. بۇ جەرياندا، بەش قېتىم چوڭ ئۇرۇش بولۇپ، قوس خانلىقىنىڭ تەۋەلىكى دېگەندەك بىر تەرەپكە مۇقىملىشالمىدى. ئەمما قوس خانلىقى باشتىن - ئاخىر ھونلار تەرەپكە بولغان مايىللىقىنى يوقاتمىدى.

ھونلارنىڭ ئۇيانغۇتى تەڭرىقۇتى دەۋرىدە يەنى مىلادىدىن 60 يىل ئىلگىرىكى دەۋردە ھونلار ئارىسىدا ناھايىتى جىددىي ھاكىمىيەت تالىشىش جېڭى باشلاندى. بۇ ئۇرۇشنى ھون ھاكىمىيىتى ئىچىدە يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن قوغۇشار، قوتىئۇش، تۇرك قاتارلىق بەش ئاتامان ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆز ئارا جەڭگى - جېدەل قىلىشىپ ئۇلۇغ ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىنى قىزىل قانغا بويىدى. دۇنيانى تىترەتكەن ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇدرىتى خېلىلا پەسەيدى. لېكىن قوتىئۇش ھەممىنى يېڭىپ مىلادىدىن

43 يىل بۇرۇن ھون ئىمپېرىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يەنە قۇدرەت تاپقۇزدى. خەن سۇلالىسى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇن ئاساسىي دۈشمىنى بولغان ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، غەربىي يۇرتتىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە جىددىي ھەرىكەت قىلدى. بۇ چاغدا خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن شۈەندى ئىدى (مىلادىدىن ئىلگىرى 91 ـ 49) . ئۇ بىرىنچى چارە سۈپىتىدە مىلادىدىن 59 يىل بۇرۇن جىڭ جى دېگەن ئەمەلدارنى غەربى يۇرتقا قورۇقچىبەگ قىلىپ ئەۋەتتى. جىڭ جى 1000 غا يېقىن گۇناھكارنى باشلاپ ھازىرقى بۈگۈردىكى چادىر ئەتراپىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

ھازىرغىچە قورۇقچىبەگنىڭ خاراكتېرى، ۋەزىپىسى توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. قورۇقچىبەگنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» (66 ـ جىلد) دا مۇنداق مەلۇمات بار: «ۋۇدى خان (خەن ۋۇدى) ھەزرەتلىرى غەربىي يۇرتلارغا بارىدىغان يولنى راۋانلاشتۇرماق بولدى. شۇ ۋەجىدىن چەت ئەللەرگە ماڭىدىغان يالۋاچلار (ئەلچىلەر) نىڭ مەنپەئىتىنى قامداش ئۈچۈن يالۋاچىبېگىنىڭ باشچىلىقىدا بۈگۈر، چادىر قاتارلىق جايلاردا بىر نەچچە يۈزدىن تېرىقچى چېرىك تۇرغۇزۇشقا ئەمىر قىلدىلەر. شۈەندى خان (خەن شۈەندى) ھەزرەتلىرى زامانىسىدىن باشلاپ قورۇقچىبەگ ئەملى تەسىس قىلىندى» ، «خەن شۈەندى زامانىسىدا ئۇلارنىڭ ئاياغ يولنى قورۇقلاشقا ماجالى يەتسىمۇ، يۇقىرىقى يولنى قورۇقلاشقا ماجالى يەتمىدى. . . جىڭ جى غەربىي يۇرتلارغا ماڭغان يالۋاچلارنى تاكى پېشامشانغا (لوپنۇر كۆلى ئەتراپى) قەدەر ئۇزىتىپ كېلەتتى. . . جىڭ جى يۇقىرىقى يولنىمۇ قوشۇپ قورۇقلايدىغان بولغاندىن كېيىن ‹باش قورۇقچى› دەپ ئاتالدى. ‹باش قورۇقچى› دېگەن ئەمەل نامى جىڭ جىدىن باشلاندى. باش قورۇقچى بىرەر ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ قالغۇدەك بولسا دەرھال خەۋەر تېپىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئاسيۇ، كاڭگۈي قاتارلىق مەملىكەتلەرگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇراتتى.» يۇقىرىقى پاكىتتىن قارىغاندا، قورۇقچىبەگ ھەممىدىن ئاۋۋال، غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىككە ئۆتىدىغان خەن سۇلالىسى ئەلچى ۋە

سودىگەرلىرىنى ئوزۇق - تۈلۈك، ئات - ئۇلاغ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئۆتەك ۋەزىپىسىنى ئۆتىسە، ئىككىنچىدىن، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ھەرىكىتىنى كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرىدىغان قوشۇمچە ۋەزىپىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالىدىكەن.

«خەننامە ئەمەلدارلار رويخېتى» بابىدا ئېيتىلغان مۇنۇ گەپلەر قورۇقچىبەگ توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرىدۇ: «غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى قوشۇپ بېرىلگەن ئەمەل، شۈەندى خان دەۋرى 2 - يىلى تەسىس قىلىنغان. غەربىي يۇرتتىكى 36 مەملىكەتكە ئەۋەتىلگەن ياساۋۇللارنى قوغداش ئۈچۈن ئۇچقۇربەگ، پاسىبان بەگ قويۇلغان. ئۇلارغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن يەنە بىردىن ئورۇنباسار بەگ، كاپىچىبەگ، ياندا‌ش بەگ، ئىككىدىن كاندىدات تۆرە، مىڭبېشى قويۇلغان.

» بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئېنىق كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇكى، قورۇقچىبەگ پەقەت يول قورۇقلاش، خەن سۇلالىسىدىن كېلىدىغان ۋە خەن سۇلالىسىگە كېتىدىغان ياساۋۇل، سودىگەرلەرنىڭ ياتاق - تامىقى، ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ يەم - خەشەكلىرىنى ھازىرلاپ بېرىش قاتارلىقلارغىلا مەسئۇل بولىدىكەن. تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، غەربىي يۇرتتىكى قورۇقچىبەگ ئۆز قورۇقىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى، يەم - خەشەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆزى تورۇشلۇق مەملىكەتنىڭ مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن قورۇق ئەتراپىدىن بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىپ، ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك تەييارلايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاز بولغاندا ئون نەچچە، 100 نەچچە ھەتتا بىرەر مىڭ، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇشۇق تېرىقچى چېرىك ئىشلىگەنلىكى مەلۇم. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جىنايەتچىلەر بولۇپ، غەربىي يۇرتقا پالانغان شەكىلدىمۇ كېلىپ قالغانلار ئىدى. غەربىي يۇرتقا رەسمىي ھۆكۈمەتنىڭ يارلىقى بىلەن كەلگەن جىڭ جى، خەن شۇەن، گەن يەنشۇ، دۇەن خۇيزۇڭ، ليەنباۋ، خەن زى، گوشۇن، سۇن جەن قاتارلىق 10 قورۇقچىبەگ كېلىپ ئىشلىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا پارا بېرىپ، غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگلىكىنى سېتىۋېلىپ، غەربىي يۇرتقا كېلىپ

غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ سايمۇنى سايىسىدا سايىداپ ئۆتكەن يەنە سەككىز قورۇقچىبەگ بار ئىكەنلىكى تارىختىن بىزگە مەلۇم.

ئۇزۇندىن بېرى، بىزدە «قورۇقچىبەگ» ( 都护 ) بىلەن «تۇتۇق ھىراۋۇل» ( 节度使 )نى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئىشلىرى يۈز بېرىپ كەلدى. «قورۇقچىبەگ» ۋە «تۇتۇق ھىراۋۇل» ئىككىسى ئىككى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، خاراكتېر جەھەتتىن بىر - بىرسىگە مۇتلەق ئوخشىمايدۇ. «تۇتۇق ھىراۋۇل» بولسا قورۇقچىبەگدىن 5 - 6 يۈز يىل كېيىن، شىمالىي جۇ سۇلالىسى (مىلادى 557 - 581) ۋە سۇي سۇلالىسى (581 - 618) يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ئەمەل نامى. «تۇتۇق ھىراۋۇل» خان تەرىپىدىن مەملىكەتنىڭ مەلۇم بىر چوڭ مەمۇرىي رايونىغا ئەۋەتىلگەن ھەربىي مەمۇرىي باشلىق. بۇ ئەمەل كونا جەمئىيەتتىكى دۇبەن مەنسىپى بىلەن تەڭ كېلىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ خان زامانىسىغا كەلگەندە چېگرىدىكى جايلارغا توققۇز تۇتۇق ھىراۋۇل قويۇلغان. يىراق غەربىي يۇرتلارغا تۇتۇق ھىراۋۇل قويۇلمىغان. دېمەك كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، «قورۇقچىبەگ» بىلەن «تۇتۇق ھىراۋۇل» خاراكتېر، ۋەزىپە، ھوقۇق دائىرىسى بىر - بىرسىگە تۇپتىن ئوخشىمايدىغان ئەمەل نامى بولغاندىن تاشقىرى ئوخشىمىغان دەۋرلەر تۇغدۇرغان بىر خىل ھاكىمىيەتنىڭ ئىككى خىل مەھسۇلىدۇر⑤.

تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، راسا كۈچەيگەندە بىر ئەسىر ئەتراپىدا غەربىي يۇرت دائىرىسىگە كىرىدىغان شىنجاڭ، ماۋرا ئۇننەھر ۋە خۇراساننىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالدى. بۇ كەڭ تېررىتورىيىنى تۇتۇپ تۇرۇش، باشقۇرۇش توغرىسىدا زېڭ ۋېنۋۇ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ تۆتىنچى پاراگرافىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى جايلارنى ئالغاندىن كېيىن بۇ جايلاردىكى قەبىلىلەر ياكى بەگلىكلەرنى قانداق قىلغاندا چىن كۆڭلىدىن بەيئەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ئۇلارنى تىزگىنلەپ، يۈز ئۆرۈمەيدىغان قىلغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىپ مۇنداق ئىككى چوڭ سىياسەت قوللاندى: ئۇنىڭ بىرى، بۇ جايلاردا ھەر قايسى

جايلارنىڭ باشلىقلىرىنى قورۇقچىبەگ، تۇتۇق بەگ، ئايماق بەگ قىلىپ تەيىنلىدى؛ يەنە بىرى، ھەربىي مەھكىمە تەسىس قىلىپ ئەسكەر تۇرغۇزدى. ئالدىنقىسى خەلق ئىشلىرىنى يەرلىك ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان يۇمشاق ۋاسىتە بىلەن بېقىندۇرۇش سىياسىتى بولسا، كېيىنكىسى دۆلەت مۇداپىئەسىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرىدىغان ھەربىي قورغان سىياسىتى ئىدى» . تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلغان 45 مەھكىمە قارىمىقىدا 115 ئايماق بولغان ئىكەن. بۇ ئايماقلار ئادەتتىكى ئايماق ۋە تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان ئايماقلارغا بۆلۈنىدىكەن. يۇقىرىقى ئايماقلارنىڭ كۆپ قىسمى تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان ئايماق بولۇپ، ئاز قىسمى ئادەتتىكى ئايماقلار ئىكەن. تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان ئايماقلار بىلەن ئادەتتىكى ئايماقلارنىڭ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئوخشىمايدىغان يېرى بار: بىرىنچىسى، ئادەتتىكى ئايماقلارنىڭ بەگلىك مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىنمايتتى، لېكىن تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان مەھكىمىنىڭ تۇتۇق بەگلىك مەرتىۋىسىگە، ئايماقلارنىڭ بەگلىك مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىناتتى. ئىككىنچىسى، ئادەتتىكى ئايماقلاردا نوپۇس ۋە باج - سېلىق تۇتۇن - سېلىق پىرقىسىگە تەۋە ئىدى. لېكىن تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان مەھكىمە - ئايماقلاردا ئۇنداق ئەمەس. ئۈچىنچىسى، ئادەتتىكى ئايماقلار سىياسەت يۈرگۈزگەندە ئوردىنىڭ يارلىقى بويىچە ئىش قىلىناتتى. لېكىن تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان مەھكىمە - ئايماقلار ئۆز ئالدىغا سىياسەتنى ئەركىن يولغا قوياتتى. «غەربىي يۇرتتا ئادەتتىكى ئايماقلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئىشىرغول، قوچۇ، بېشبالىقتىن ئىبارەت ئۈچلا ئايماق بار ئىدى» . ⑥

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بىز يۇقىرىدا خەن دەۋرىدە كۆرگەن «قورۇقچىبەگ» نىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇستقۇرۇلمىسىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ جەڭگىۋار قورالغا ئايلاندى. بۇ چاغدا «ئەنشى قورۇقچىبېگى» بىلەن «بېشبالىق قورۇقچىبېگى» تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتۈن يۇرتنى باشقۇرۇش، تۇتۇپ تۇرۇش دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورالىغا ئايلاندى. بۇ مەسىلە «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دېگەن كىتابتا

بىر قەدەر سىستېمىلىق ھەم روشەن كۆرسىتىلىدۇ. بۇ كىتابتا ئەنشى قورۇقچىبېگىنىڭ قورۇلۇشى ۋە تۈزۈلۈشىنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «... مىنگودىن 1272 يىل ئىلگىرى (جېنگۈەن 14 - يىلى، مىلادى 640 - يىلى) خوجۇنجې ئىدىقۇتنى يوقاتتى. تەيزۇڭ خان ئۇ يەردە قوچۇ ئايمىقىنى تەسىس قىلدى. ئاندىن قوچۇ ئايمىقىدا ئەنشى قورۇقچىبېگى مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. بۇ ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. شۇ چاغدا ئەنشى قورۇقچىبېگى قوچۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بەگلىكلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىدى (مەسىلەن، گوشاۋگى ئەنشى قورۇقچىبېگى ۋە قوچۇ ئايمىقىنىڭ ئايماق بېگى ئىدى) ئۇ جېنگۈەن 18 - يىلى كۇسەننى ئىنجىتتى. ئەنشى قورۇقچىبېگى مەھكىمىسىنىڭ مەركىزىنى كۇسەننىڭ پايتەختىگە (ھازىرقى كۇچا) يۆتكىدى. مىنگودىن 1284 يىل ئىلگىرى (يۇڭ خوي 2 - يىلى، مىلادى 651 - يىلى) گاۋزۇڭ خان ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى ئىدىقۇتتىكى ئەسلى ئورۇنغا يۆتكىدى. مىنگودىن 1292 يىل ئىلگىرى (شەن چىڭ 3 - يىلى مىلادى 658 - يىلى) ياڭجۇ كۇسەننى قايتا ئىنجىتىپ، ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ مەركىزىنى يەنە كۇسەنگە يۆتكىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ يەر مەھكىمە مەركىزى بولۇپ تۇرىۋەردى. بۇلار ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇش، يۆتكىلىش جەريانىدىن ئىبارەت»⑦. قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقى توغرىسىدا: «تەيزۇڭ خان ۋە گاۋزۇڭ خان دەۋرلىرىدە ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئەڭ ئالىي ئورگان ئىدى. ئۇ ھوقۇق جەھەتتە بىر تەرەپتىن، قارام ئەللەردىكى مەھكىمە - ئايماقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنى باشقۇراتتى، بۇ ئەسكەرلەر مۇھىم ئۆتكەللەرگە تارالغان بولۇپ، قارام ئەللەرنى باستۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەيتتى.» دەپ كۆرسىتىلگەن. ⑧ بېشبالىق قورۇقچىبېگى توغرىسىدا: «ۋۇزېتيەن زامانىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. بۇ مەھكىمە

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئايماقلارنى باشقۇردى» دېيىلگەن.
قورۇقچىبەگنىڭ مەمۇرىي تەشكىلى تۈزۈمى: «قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» ۋە «يۇقىرى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» دەپ ئىككى دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە باش قورۇقچىبەگدىن بىرى، يانداش قورۇقچىبەگدىن تۆتى قويۇلاتتى. يۇقىرى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە بىر قورۇقچىبەگ، ئىككى يانداش قورۇقچىبەگ قويۇلاتتى. ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى دەسلەپتە يۇقىرى قورۇقچى مەھكىمىسى ئىدى. مەسىلەن، گوشاۋگى «ۋاقىتلىق ئەنشى قورۇقچىبېگى» بولغان. ئۇ جەڭدە ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا «ئەنشى قورۇقچىبېگى» ⑨ دېگەن نام بېرىلگەن. كېيىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. مەسىلەن، گويۇەنجىن «ئەنشى باش قورۇقچىبېگى» بولغان. «كونا تاڭنامە» بىلەن «يېڭى تاڭنامە» لەرنىڭ «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» ئوخشاشلا «ئەنشى باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى دېيىلگەن.»⑩ يۇقىرىقى كىتابتا قورۇقچىبەگنىڭ ۋەزىپىسىنى كونكرېت قىلىپ: «باش قورۇقچى بەگنىڭ ۋەزىپىسى قارام ئەللەردىن ھال سوراش، تاجاۋۇزچىلارنى تىنچىتىش، ھىيلىگەر - ئالدامچىلارنى كۆزىتىش، ئالا كۆڭۈللەرنى جازالاشتىن ئىبارەت بولۇپ، مەسئۇلىيىتى بەك ئېغىر ئىدى»⑪ دەپ كۆرسىتىپ، خىزمەت زۆرۈرىيىتى بويىچە نىملەرگە ئىگە بولۇشنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «قورۇقچىبەگنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە زۆرۈر ھەربىي كۈچ بولمىسا بولمايتتى. قورۇقچىبەگنىڭ ھېچقانداق كۈچى بولمىسا قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ شۇڭلاشقا ئەينى ۋاقىتتا قوچۇ ئايمىقىغا ھەر يىلى مىڭلاپ ئادەم يۆتكەپ كېلىنەتتى. سۈرگۈن قىلىنغان ئەمەلدارلارمۇ چېگرىنى قوغداشقا ئەۋەتىلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تۆت قورغاننىڭ ئەسكەرلىرىگىمۇ قورۇقچىبەگ بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلاتتى.
.. كۇسەن، ئۇدۇن، كىنگىت، سولىدىن ئىبارەت تۆت دۆلەتنىڭ پايتەختى بۇ تۆت قورغاننىڭ مەركىزى ئىدى... بۇ تۆت قورغان ئەسكەر تۇرىدىغان جاي بولۇپ، ھەر بىر قورغانغا بىر سانقۇن ۋە بىر يانداش قورغان

باشلىقى قويۇلاتتى. ئۇ دۆلەت مۇداپىئە ئورگىنى ئىدى.»⑫ بۇنىڭدىن باشقا تۇتۇق مەھكىمىسى بولۇپ، بۇ شۇ يەردىكى بەگلىك ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى تۇتۇق ھىراۋۇلى قىلىپ بەلگىلىنەتتى، بۇنداق بەگلىكلەر بېقىنغان ئەللەر بولۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەت ھېسابلىنىپ، قورۇقچىبەگنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى.

دېمەك، تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە قورۇقچىبەگ يەنى ئەنشى قورۇقچىبېگى بىلەن بېشبالىق قورۇقچىبېگى پۈتۈن غەربىي يۇرتتىكى نەچچە يۈزلىگەن تۇتۇق بەگلەرنى باشقۇرىدىغان، بىۋاسىتە مەركەزگە قارايدىغان ئەڭ ئالىي ھەربىي سىياسىي، مەمۇرىي ئورگان بولۇپ شەكىللەندى. بۇ ئورگان خەن دەۋرىدە غەربىي يۇرتنى ھونلار بىلەن تالىشىشىدا، تاڭ دەۋرىدە تۈركلەر، تىبەتلەر، ئەرەبلەر بىلەن تالىشىشىدا غايەت زور ھەربىي، سىياسىي، مەمۇرىي ئىستىھكام بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىدا ئۆتكۈلۈك، سۆيگىن توپلىغى بولغانغا قەدەر غەربىي يۇرتنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ گۈللىنىشىدە غايەت مۇھىم رول ئوينىدى. نەتىجىدە، يىپەك يولىنىڭ تۆت كوچا ئاغزىغا جايلاشقان تۇرپان (قوس خانلىقى) كېيىن قوچۇ، كېيىن ئىدىقۇت دەپ ئاتالغان بۇ ئالتۇن دىيار ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

تۇرپان - شىنجاڭ بويىچە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دىيارلارنىڭ بىرسى ھېسابلىنىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى تۇرپان، پىچان، توقسۇندىن ئىبارەت شەھەر ناھىيە تەۋەسىدىكى سۇ بېشى، يارغول، قارا خوجا، ئاستانە، چاشتاغ، ئىشەك داۋان، شور بۇلاق، ماچاڭگو، قارا يۇزى، دىغار، چوۋانقىر، ياڭخېي، ئۈچ كۆۋرۈك، قوشتۇر، ئويمان بۇلاق، پەنجىر تاغ، بايتوقاي، چولاق كارىز، ئېۋىرغول، ئالغۇي، توتەي، قوشچاڭزا، دۆڭ مەھەللە، خوجام ئالدى قاتارلىق جايلاردىن ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت ئىزلىرى، قىياتاش رەسىملىرى، تاش خەرىتە، قەدىمكى قەبرىستانلىقلارنىڭ تېپىلغانلىقى «تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلار پەيدا بولغان،

ياشىغان، كۆپەيگەن، ئۆزىگە خاس قەدىمىي مەدەنىيەت يارىتىلغان خاسىيەتلىك ئانا دىيار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.» ⑬ مانا مۇشۇلار ئاساسىدا تۇرپاننىڭ رەڭگارەڭ، باي مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى.

ئۇيغۇر كلاسسىك مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نەمۇنىسى سۈپىتىدە تۇرپاندا مەيدانغا كەلگەن «غوۋاس ئانافىت» (تووۋا دۇئاسى)، «چىستانى ئىلىك بەگ» ھازىر تۈركىي خەلقلەر دۇنيا قارىشىنىڭ ئىنىنسىكلوپېدىيىسى دەپ قارىلىۋاتقان «ئىسرىق بىتىك» (پالنامە) «مانى شېئىرلىرى»، «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇغ»، «ئىككى تېكىن ھېكايىسى»، «ئەيسانى يوقلاش» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە ئاپىرىن چورتىكىن، كۈلتارقان، قالىم قايىشى، پىراتيا ياشىرى، كىي كىي، چۇچۇ، ئاسىغ تۇتۇڭ، چىسۇياتۇتۇڭ، سىنقۇ سەلى تۇتۇڭ قاتارلىق شائىر، يازغۇچى، ئالىملار ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ئەلچىلىرىدەك تارىختىن بىزگە مەلۇم. بۇ گۈللەنگەن مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزى يۇقىرىقى تارىخىي ئاملىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى ئۆڭلۈك - سۈيگىن تۇپىلىڭىدىن كېيىن سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي جەھەتتىن بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ، غەربىي يۇرتنى ئاستا - ئاستا قولدىن چىقىرىپ قويىدى. بۇ ئەھۋال يۇقىرىقى «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دېگەن كىتابتا قىسقا ئەمما ئېنىق مۇنداق دەپ ھەسرەتلىك بايان قىلىنىدۇ: «تاڭ سۇلالىسى ئۆڭلۈك - سۈيگىن تۇپىلىڭىدىن كېيىن ئىچكى ئەنسىزلىك ۋە تاشقى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالدى، مەسىلەن: تاشقى جەھەتتە ئۇيغۇر، تىبەت قاتارلىقلار تاجاۋۇز قىلدى. نەنجاۋ (يۈننەن)، ئاننام (ۋېتنام) قاتارلىقلار ئاسىيلىق قىلدى. دۆلەت ئىچىدىكى ئايماقلاردىكى قارام ئەللەر قورغانلىرى زوراۋانلاشتى، ھەرەمخانىدىكى ھەرەمبەگلىرى ئۆكتەملىشىپ كەتتى. ۋەزىرلەر گۇرۇھۋازلىق قىلىشتى. سازلىقتا خۇاڭ چاۋ ئىسيان كۆتۈردى، يەنە خۇاڭ چاۋنىڭ لەشكەر باشلىقلىرىدىن جۇۋېن تەسلىم بولدى. مىنگودىن 1005 يىل ئىلگىرى (لياڭ سۇلالىسىنىڭ كەيپىڭ 1 - يىلى، مىلادى 907 - يىلى) جۇۋېن تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى جاۋزۇڭنى بىكار

قىلىپ ئۆزى خان بولۇپ، ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ ئىلياڭ ئوردىسى» دەپ ئاتالدى. گاۋزۇڭ خان زامانىدىن جاۋزۇڭ خان زامانىغىچە 20 ئەۋلاد 290 يىل ھۆكۈم سۈرگەن تاڭ سۇلالىسى مۇنقەرز بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆڭلۈك توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن تارتىپ تاڭ سۇلالىسى مۇنقەرز بولغۇچە 150 يىل ئۆتتى. بۇ مەزگىلدە يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئىچكى ئەنسىزلىك، تاشقى پاراكەندىچىلىك ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى. دۆلەتنىڭ ئاساسى ئاجىزلىشىپ ئۆزىنى قوغدىيالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالدى. غەربىي يۇرتنى قايتۇرۇۋالغۇدەك كۈچى قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ تاغ - دەريالىرى 900 نەچچە يىل ياتلار قولىدا بولدى. . . ⑭

(ئاپتورى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى)

---

**ئىزاھاتلار:**

① بەنگو: «خەننامە. غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسسە»
② مىلى فەنرېن: «بېشبالىقنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيە ئەھۋالى توغرىسىدا تەتقىقات»، خەنزۇچە 266 - بەت
③ مىلى فەنرېن، يۇقىرىقى كىتاب 266 - بەت
④ بەنگو: «خەننامە. ھونلار ھەققىدە قىسسە»
⑤ ئابدۇۋەلى ئەلى: «يىپەك يولى، قورۇقچىبەگ ۋە باشقىلار توغرىسىدا»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1985 - يىلى 11 - ئۆكتەبىردىكى سانى.
⑥ «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1994 - يىل 4 - سان.
⑦ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى » «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1994 - يىلى 4 - سان.
⑧⑨⑩⑪⑫⑬⑭ يۇقىرىقى كىتاب. شىنجاڭ تەزكىرىسى 95 - يىل 1 - سان 87 -، 88 - بەتلەر؛ 96 - يىل 1 - سان 125 - بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
ئۇيغۇر كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## پىچان سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن دوكلات

ئابلىم قېيۇم، ليۇ خۇڭلياڭ

سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقى پىچان ناھىيىسىدىكى تۇيۇق يېزىسىنىڭ 1 ـ كەنت 8 ـ مەھەللىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان بولۇپ، پىچان شەھىرى بىلەن ئارىلىقى 45 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەر يالقۇنتاغنىڭ شىمالى باغرىدىكى تۇيۇق غولىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ غەربىي تەرەپ تۆپىلىكىگە جايلاشقان، غول ئېغىزىنىڭ جەنۇبىي چىقىش ئېغىزىدا داڭلىق تۇيۇق مىڭئۆي قەدىمكى خارابىلىقى بار. قەبرە رايونىنىڭ يەر يۈزىگە تارقالغان، ئېگىزلىكى 0.2 ـ 0.5 مېتىرغىچە كېلىدۇ. دىئامېتىرى بىر ـ ئىككى مېتىر كېلىدىغان تۇپا دۆۋىسى قەبرىلەرنىڭ بەلگىسىدىن ئىبارەت، شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپى تۇيۇق دەريا جىلغىسىنىڭ قىرغاقلىرىدىن باشلىنىپ، غەربىي شىمالى يۆنىلىشنى بويلاپ تارقالغان، ئۇزۇنلۇقى 150 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 50 مېتىر بولغان دائىرە ئىچىدە، جەمئىي 40 تىن ئارتۇق قەبرە بار. بۇ دائىرە ئىچىدە قەبرىلەر بىر قەدەر مەركەزلىك جايلاشقاندىن سىرت، غەربىي ـ شىمالىي تەرەپتىن تاغ ئويمانلىقىنى بويلاپ 0.5 كىلومېتىر دائىرە ئىچىگە يەنە بىر قىسىم قەبرىلەر تارقالغان. قەبرە تۆپىسىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، ھېچقانداق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان، تاش دۆۋىلىرىنىڭ يۈزى خېلى رەتلىك، چاسا شەكىلدە بولۇپ، ناھايىتى رەتلىك تىزىلغان، ئۇزۇنلۇقى 2.5 مېتىر، كەڭلىكى 1.2 مېتىر، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 0.2 مېتىر كېلىدۇ. 1980 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئۈچ دانە قەبرىنى سىناق تەرىقىسىدە قازغان.

قەبرىگە 80MSAS1 ـ 3 دەپ نومۇر بېرىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئىدارىمىز پىچان ناھىيىسىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، بۇ يەردە بەش قەبرىنى تازىلىدى. تازىلانغان قەبرىلەرگە 80MSAS4 ـ 8 دەپ نومۇر بېرىلدى. ئىلگىرى ـ كېيىن سەككىز قەبرە تازىلانغان بولۇپ، ماتېرىياللىرى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

## 1. قەبرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ھەمدەپنە بۇيۇملىرى

قەبرىلەر ئاساسەن تىك قۇدۇق شەكلىدە كولانغان قەبرىلەر ۋە يانتۇ ئۆيلۈك قەبرىلەر، دەپ ئىككى خىل شەكىلدە بولۇپ، ھەممىسىگە كارىۋات ھەمدەپنە بۇيۇمى قىلىپ ئىشلىتىلگەن.

تىك شەكىلدىكى توپا سۇپىلىق قەبرىلەردىن ئىككىسى بولۇپ، تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈشى چاسا شەكىلدە، چوڭلۇقى 2.5 مېتىر ئەتراپىدا، قەبرىنىڭ ئېغىزى قەبرىنىڭ تېگىدىن سەل ـ پەل چوڭ بولۇپ، جەسەت ئىسكىلىتى ياغاچتىن ياسالغان كارىۋاتقا قويۇلغان. $M_7$ قەبرىگە بىر ئەر، ئىككى ئايال، $M_8$ قەبرىگە بىر ئەر، بىر ئايال دەپنە قىلىنغان. دەپنە قىلىش شەكلىدە جەسەتنىڭ پۇت ـ قوللىرى بەدىنىگە چىپىسلاشتۇرۇلۇپ، بېشى غەربكە قارىتىلىپ، تۈپتۈز ياتقۇزۇلۇپ قويۇلغان. $M_8$ قەبرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.40 مېتىر، كەڭلىكى 1.04 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2.50 مېتىر كېلىدۇ. قەبرىنىڭ ئىچى سېغىز توپا بىلەن تىندۇرۇلغان بولۇپ، ئاندا ـ ساندا تاش، شېغىللارمۇ ئارىلىشىپ قالغان. ئادەم ئىسكىلىتىدىن ئىككىسى بار بولۇپ، ناھايىتى بېجىرىم ساقلانغان. جەنۇبىي تەرەپكە قويۇلغان بىر جەسەتنىڭ ئۈستىخىنى زور ھەم يوغان بولۇپ، باش سۆڭىكىنىڭ سىرتقى شەكلى ياي شەكلىدە، ماڭلاي ئۈستىخىنى سەل ـ پەل قىيسىق، ئارقا باش سۆڭىكى كۆرۈنەرلىك پولتىيىپ چىققان. باشنىڭ كەينى ئۈستىخىنى سەل گەۋدىلىك چوقچىيىپ

www.uyghurkitap.com

چىققان. كۆكرەك، بويىنى سەل چوك ۋە يوغان؛ داس ئۈستىخىنىنىڭ پۈتكۈل شەكلىدىن قارىغاندا تار، ئۇزۇنچاق، چىقىلغان كۈرىكە ئوخشايدۇ. تاپىنىنىڭ يايىسى 75گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدۇ، كۆز چانىقى چوڭقۇر، قاڭشىرى سەل چوك بولۇپ، ئەللىپىس شەكىلدە، يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ بىر ئەرنىڭ جەستى. يەنە بىرسى، شىمالىي يان تەرەپتە بولۇپ، ئۈستىخانلىرى ئەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا سەل ئىنچىكە، باش ئۈستىخىنىنىڭ چوققىسىنىڭ سىرتقى شەكلى چاسا شەكىلدە، پېشانە قىسمى سەل چوقچايغان، قاپاق يايىسى گەۋدىلىك ئەمەس، باش ئارقا سۆڭىكىنىڭ سىرتقى قىسمى سەل تۈز. كۆكرىكى گەۋدىلىك، بويىنى سەل كىچىك ھەم ئىنچىكە؛ داس سۆڭىكىنىڭ ئومۇمىي شەكلىدىن ئېيتقاندا خۇددى چېلەككىلا ئوخشايدۇ. تاپان ئۈستىخىنىنىڭ يايىسى تەخمىنەن 98 گرادۇس، كۆز چانىقى سەل تېيىز، قاڭشىرى سەل كىچىك، ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىگە سەل يېقىنلىشىدۇ. مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ بىر ئايالنىڭ جەستى. ئايال جەسەتنىڭ چېچى ئىنتايىن مۇكەممەل ساقلانغان. ئۇزۇن چاچلىرى تاراقلىق ئىكەن. سىرتى يۇڭدىن ئىشلەنگەن تور بىلەن قاپلانغان ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن قىزىل گۈللۈك ساپال چۆگۈن، پىيالە ھەر بىرسى بىردىن، قىزىل سىيدام ساپال چۆگۈندىن بىر دانە، ياغاچ تارغاق بىر دانە، ياغاچ تەگنە بىر دانە، كومزەك بىر دانە، پىيالە ئۈچ دانە، يۇڭدىن ئىشلەنگەن چاچ توردىن بىر دانە، بىر دانە قىزىل سىيدام پىيالە پۈتىنىڭ ئاستى تەرىپىگە، ياغاچ تارغاق ئايال جەسەتنىڭ بېشىنىڭ سول تەرىپىدىكى كارىۋات ئۈستىگە قويۇلغان، تور ئايال جەسەتنىڭ بېشىغا يېپىلغاندىن سىرت، قالغانلىرى جەسەتنىڭ باش قىسمىنىڭ ئىككى يېنىغا قويۇلغان. جەسەت ساندۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.20 مېتىر، كەڭلىكى 0.84 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.25 مېتىر. ياسىلىش ئۇسۇلىدا بىر كارىۋات جازىسى بىلەن ياغاچ كارىۋاتقا ئوخشاش قورۇلما ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ، تۇتاشتۇرۇلغان قىسمى ئەركەك تۆرۈمدىن پەرچىنلەپ، ياغاچ مىخ بىلەن مىخلىنىپ

ياسالغان. ئۇندىن كېيىن كارىۋات جاھازىسىغا بىر قەۋەت شاخ ـ شۇمبا يېيىتىلىپ كارىۋات يۈزى شەكىللەندۈرۈلگەن.

$M_7$ قەبرىدىكى جەسەت كارىۋىتىنىڭ ئازراق ئوخشىمايدىغان يېرى بار، ئۇ بولسىمۇ جەسەت قويۇلغان كارىۋات جازىسى تومراق شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن باغلىنىۋېتىلگەن. ياغاچ ئاچىسىدىن پايدىلىنىپ جەسەت كارىۋىتىنىڭ پۇتى ياسالغان. بىراق، بۇلاردا ئەركەك تورۇمدىن پايدىلىنىپ پەرچىنلەپ مىخلاپ ياسالغان قۇرۇلمىلار ئۇچرىمايدۇ. جەسەت كارىۋىتىنىڭ ئۈستىگە كىگىز، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن كۆرپە، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار سېلىنغان.

تىك قۇدۇقلۇق يانتۇ ئۆيلۈك قەبرىلەردىن ئالتىسى بار. قەبرىلەرنى قەبرە يولى ۋە لەھەتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. قەبرە يولى تەرتىپسىز چاسا شەكىلدە، تىك قۇدۇق شەكىلدە بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى ئۈچ مېتىر، ئاستىنقى قىسمىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە قەبرە ئۆيى ئويۇلغان، قەبرىنىڭ تەكشىلىك يۈزىمۇ تەرتىپسىز چاسا شەكىلدە، لەھەت بىلەن قەبرە يولى ئوتتۇرىسىدا 0.40 مېتىر ئېگىزلىكتە ئىككى قەۋەت خام توپا قاتلىمى بار. لەھەت ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بىر قاتار ياغاچ قۇرۇلمىلا قويۇلۇپ قەبرە ئېغىزى توسۇۋېتىلگەن. قەبرە يولى ئېغىزى بىر قەۋەت دەرەخ پوستى، قومۇش، ئوت ـ چۆپ قاتارلىقلار بىلەن ئېتىۋېتىلگەن، قەبرە ئۈستى توپا بىلەن تىندۇرۇلغان، دەپنە بۇيۇملىرىمۇ ياغاچتىن ئىشلەنگەن جەسەت كارىۋىتى ئىشلىتىلگەن. 2 ـ 5 كىچە بولغان جەسەت قويۇلغان. جەسەت ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلۇپ، پۇت ـ قولى بەدىنىگە جىپسىلاشتۇرۇلغان، بېشى غەربكە قارىتىلغان $M_3$ قەبرە يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.95 مېتىر، كەڭلىكى 1.30 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 2.40 مېتىر بولۇپ، سېغىز توپا بىلەن تىندۇرۇلغان. ئاندا ـ ساندا قۇم ـ شېغىللارمۇ ئارىلىشىپ قالغان، ئىككى قات خام توپا قاتلىمىنىڭ ئېگىزلىكى 50 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 55 مىللىمېتىر، ئۈستىدە لەھەت ئىشىكىنىڭ ئالدىدا 10 دانە قىسقا ياغاچ ماتېرىيالى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن

لەھەت ئىشكى ئېتىۋېتىلگەن، ئابىيۇمى 8 ـ 14 مىللىمېتىرغىچە، ئۇزۇنلۇقى 88 مىللىمېتىر كېلىدۇ. تىك ياغاچ رىتىنىڭ ئوتتۇرىسى شالاڭراق، ئىككى تەرىپى سەل زىچراق، لەھەت ئۆيىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.40 مېتىر، كەڭلىكى 1.01 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.80 مېتىر، جەسەت كارىۋىتىنىڭ ئۈستىگە شىمالدىن جەنۇبقا ئۈچ جەسەت قويۇلغان. شىمالدىكى بىر جەسەت ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلۇپ، پۇت ـ قولى بەدىنىگە چىپپىسلاشتۇرۇلغان، بېشى غەربكە قارىتىلغان بولۇپ، جەسەت ناھايىتى بېجىرىم ساقلانغان. بۇنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئەر جەسەت ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلدى؛ جەنۇبىي تەرىپىدىكى بىر جەسەتنىڭ سۆڭەكلىرى قالايمىقان بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ياش ئايالنىڭ ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلدى؛ يەنە بىر جەسەتنىڭ سۆڭەكلىرىمۇ چېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، بىر بالىنىڭ ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن باشقا قەبرە يولىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى پەلەمپەي تويا قاتلىمىنىڭ ئۈستىدىن بىر كىچىك بالىنىڭ جەستى بايقالغان بولۇپ، ئۈستىخىنى ئالدىقاچان چىرىپ كەتكەن. شۇ يەردىن يەنە يۇڭ كىگىز، يۇڭ توقۇلما بۇيۇم پارچىلىرى، سەدەپ، قۇلۇلە قېپىدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىدىن بىر دانە، قەبرىدىن يەنە جام، غىدىر، ياغاچ تاسما توقۇمى، كىچىك ياغاچ قوتا، گۈللۈك ياغاچ ئەسۋاب پارچىسى، تاغاچ ئەسۋاب پارچىسى، سىرلىق قاچا قالدۇقلىرى، ياي شەكىللىك تۆمۈر خەنجەر، سەدەپ، قۇلۇلە قېپىدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇمى، بىر تال ھىنق، مەرۋايىت قاتارلىق بۇيۇملار ھەمدەپنە بۇيۇملىرىنىڭ تۈرى ئېنىق ئەمەس. $M_2$، $M_1$ قەبرە يولىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنىڭ تىندۇرۇلغان يېرىدىن يەنە قالايمىقان قويۇلغان ئوتتۇرا ياشلىق ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى، داس سۆڭىكى قاتارلىق سۆڭەك ئۇستىخانلار بايقالغان بولۇپ، ساقلىنىشى مۇكەممەل ئەمەس، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى، دەپنە قىلىنىش سەۋەبى بىزنىڭ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.



www.uyghurkitap.com

## 2. قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار

قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار ماتېرىيالغا ئاساسەن ساپال بۇيۇملار، ياغاچ بۇيۇملار، مىس بۇيۇملار، تۆمۈر جابدۇقلار، كۈمۈش بۇيۇملار، سۆڭەك بۇيۇملار، ھىقىق، كۆن - خۇرۇم، كىگىز، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار قاتارلىق ئون نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاساسلىقى تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە مەلۇم مىقداردىكى زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت.

1. ساپال بۇيۇملار

رەڭلىك ساپال بۇيۇم ئىككى دانە، $M_8$ قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان رەڭلىك ساپال چەينەك ($M_{0:10}$)، ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 8.5 سانتىمېتىر، تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى يەتتە سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 22.5 سانتىمېتىر، ئېغىزى قاتلاقلىق، بويىنى ئېگىز، قورساق قىسمى يۇملاق شەكىلدە بولۇپ، ياي شەكلىدە زىننەتلەنگەن ۋە تىك سىزىق ۋە قوشۇمچە توپلاشتۇرۇپ سىزىلغىنىدىن ئىككىسى بار. تۈز رەڭلىك، قول بىلەن ياسالغان لايغا ئۇششاق قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال بولۇپ، سىرتىغا بىر قەۋەت كۈل رەڭ ساپال سىر بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، قارا رەڭدە نەقىش سىزىلغان، ئاغزىنىڭ ئىچكى قىسمىغا ھەرە چىشى شەكلىدە نەقىش بېرىلگەن. سىرتقى قىسمىغا رومبا شەكلىدە نەقىش بېرىلگەن. قورساق قىسمىغا قاينام شەكلىدىكى نەقىش بېرىلگەن. رەڭلىك نەقىشلەر ئېغىر دەرىجىدە ئۆڭۈپ كەتكەن.

يالاڭ قۇلاقلىق رەڭلىك پىيالە($M_2$). ئېغىزىنىڭ دىئامېتىرى 11.5 سانتىمېتىر، تۈۋىنىڭ دىئامېتىرى 6.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى ئالتە سانتىمېتىر، ئېغىزى سەل - پەل ئىچىگە تارتىلغان. ئېغىزىنىڭ گىرۋىكىگە يېقىن يېرىدە ھالقا شەكلىدە قۇلىقى بار. تۈز تەگلىك، قول بىلەن ياسالغان لايدىن ياسالغان، قىزىل ساپال، ئىچى - سىرتى قىزىل رەڭ بىلەن بېزەلگەن. ئېغىزىنىڭ گىرۋەك قىسمىنىڭ سىرتىغا قارا رەڭدە تىك سىزىق سىزىلغان.

سىيدام ساپال بۇيۇملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قىزىل، كۈل رەڭلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، قىسمەنلىرى ئوت ھارارىتىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن ئوبدان پىشۇرۇلمىغان بولۇپ، جەمئىي 35 دانىسى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى قولدا ياسالغان بولۇپ، ئاساسەن چەينەك، كومزەك، قەدەھ، پىيالە، غىدىر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

چۆگۈن بىر دانە ($M_{8:2}$). ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 7.5 سانتىمېتىر ئېگىزلىكى 15 سانتىمېتىر، قورساق قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 10 سانتىمېتىر، بويىنى ئېگىز، ئاغزى قاتلاق، قورسىقى چوڭ، يۇمىلاق تەگلىك، ياي شەكلىدىكى يالاڭ قۇلىقى قورساق قىسمىدىن بويىنىغىچە كېلىدۇ. ئۇششاق قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان قىزىل ساپال بولۇپ، قىزىل رەڭ بىلەن بېزەلگەن.

كومزەك 16 دانە بولۇپ، تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

I خىلىدىن بەش دانە، پاكار بويۇنلۇق، ئاغزى قاتلاقلىق، قورسىقى يۇمىلاق، يۇمىلاق تەگلىك ھالقا شەكلىدىكى يالاڭ قۇلاق قورساق قىسمىغا جايلاشقان. لايدىن ياسالغان قىزىل ساپال بولۇپ، سىرتقى قىسمىغا قىزىل رەڭ بېرىلگەن ($M_{4:10}$). ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 7.6 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى ئالتە سانتىمېتىر، قورسىقىنىڭ دىئامېتىرى توققۇز سانتىمېتىر.

II خىلىدىكىسى بەش دانە. بويىنى ئېگىز ئېغىزى سىيلاڭغۇ، يۇمىلاق قورساقلىق، يۇمىلاق تەگلىك ياكى كىچىك تۈز تەگلىك بولۇپ ھالقا شەكىللىك قۇلىقى قورساق قىسمىغا جايلاشقان. ($M_{4:3}$) ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 8.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 10.5 سانتىمېتىر، قورسىقىنىڭ دىئامېتىرى 10.5 سانتىمېتىر. بۇ لايدىن ياسالغان قىزىل ساپال ئىچى - تېشىغا قىزىل رەڭ بېرىلگەن.

III خىلىدىكىسى ئىككى دانە ئاغزى قاتلاقلىق. جوغىسى بار، قورسىقى چوڭ، تۈز تەگلىك، ياي شەكلىدىكى قۇلىقى قورساق قىسمىدىن ئاغزىغىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ لايغا ئۇششاق قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان قىزىل

ساپال بولۇپ، سىرتىغا قىزىل رەڭ بېرىلگەن. ( $M_{2,7}$ ) ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 5.5 سانتىمېتىر، تېگىنىڭ دىئامېتىرى تۆت مىللىمېتىر، ئېگىزلىكى 9.5 سانتىمېتىر.

Ⅳ خىلدىكىسى تۆت دانە. تۈز تەگلىك، يىرىك قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان قىزىل ساپال بولۇپ، قاچا تېپى بىر قەدەر چوڭراق. ( $M_{2,1}$ ) ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 20 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 48 سانتىمېتىر، تەگلىكىنىڭ دىئامېتىرى 14.5 سانتىمېتىر، قورسىقى چوڭ، بويىنى ئېگىز بولۇپ، ئاغزى سەل قاتلانغان، قورساق قىسمىدا ھالقا شەكلىدە ئىككى دانە قۇلىقى بار. بۇلار ئىستا قارىداپ كەتكەن بولۇپ، ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن بۇيۇملاردۇر. ( $M_2$ ) قەبرە يولىغا قويۇلغان بولۇپ، ئىچىگە بىر بوۋاق دەپنە قىلىنغان.

قەدەھ ئىككى دانە بولۇپ ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

Ⅰ خىلدىكىسى ( $M_{4,2}$ ) قاچا شەكلى كىچىكرەك، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 5.2 سانتىمېتىر، تەگلىكىنىڭ دىئامېتىرى 4.8 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 5.5 سانتىمېتىر. تۈز تەگلىك، يېنى تۈپتۈز بولۇپ، قورسىقى سەل - پەل تارتىلغان. ھالقا شەكلىدىكى قۇلىقى ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. بۇ لايدىن ياسالغان قىزىل ساپال بولۇپ، سىرتىغا قىزىل رەڭ بېرىلگەن.

Ⅱ خىلدىكىسى ( $M_{3,7}$ ). بۇ سەل - پەل چوڭراق بولۇپ، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 12 سانتىمېتىر، تەگلىكىنىڭ دىئامېتىرى 12 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 14 سانتىمېتىر، تۈز تەگلىك يېنى تىك؛ قورسىقى سەل - پەل ئىچىگە تارتىلغان. ھالقا شەكلىدىكى قۇلىقى تۆۋەن قىسمىغا جايلاشقان. بۇ لايغا ئۇششاق قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان قىزىل ساپال بولۇپ، ئىچى - تېشىغا قىزىل رەڭ بېرىلگەن.

قاچىدىن يەتتە دانە بولۇپ، ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

Ⅰ خىلدىكىسى ئىككى دانە. تۈز تەگلىك، ئاغزى سەل - پەل ئۈچلانغان، قورساق قىسمىدا ئىككى دانە كىچىك قۇلاق بار. بۇ لايدىن ياسالغان قىزىل ساپال بولۇپ، سىرتىغا قىزىل رەڭ بېرىلگەن. ( $M_{8,9}$ ) ئاغزىنىڭ

ئېگىزلىكى 6.5 سانتىمېتىر.

I خىلدىكىسى تۆت دانە. شەكلى I خىلدىكىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بىراق سەل - پەل كىچىكرەك. ئايرىملىرىدا بىردىن قۇلاق بار بولۇپ، يىرىك قۇمدىن ياسالغان قىزىل ساپالدۇر، ئېھتىمال، ئوتنىڭ هارارىتىنىڭ تۆۋەن بولۇپ قېلىشىدىن ساپال قاچا ئوبدان پىشۇرۇلمىغان، سۈپىتى تازا ياخشى ئەمەس. مەخسۇس هەمدەپنە بۇيۇمى قىلىپ ئىشلىتىلگەن. ($M_{5,5}$) ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى توققۇز سانتىمېتىر، تەگلىكىنىڭ دىئامېتىرى تۆت سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى بەش سانتىمېتىر، ئوت هارارىتى تۆۋەن بولغانلىقتىن ساپال قاچا ياخشى پىشۇرۇلمىغان. ساپالنىڭ رەڭگى تازا ساپ ئەمەس، ئانچە - مۇنچە قارامتۇل كۆل رەڭلەر ئارىلاشقان.

II خىلدىكىسى بىر دانە ($M_{4,6}$). ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 11 سانتىمېتىر، تەگلىكىنىڭ دىئامېتىرى 6.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 5.7 سانتىمېتىر، تۈز تەگلىك، ئاغزى تۈز بولۇپ، يىرىك قۇمدىن ياسالغان، قىزىل ساپالدىن ئىبارەت .

تەشتەك توققۇز دانە بولۇپ، ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

I خىلدىكىسى بىر دانە ($M_{7,1}$). ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 13.2 سانتىمېتىر، تەگلىكىنىڭ دىئامېتىرى 9.4 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 5.5 سانتىمېتىر، تۈز تەگلىك، ئاغزى تۈز. سىرتقا يانتۇ چىقىرىلغان، ئۇششۇق قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان قىزىل ساپال بولۇپ، ئىچى - تېشىغا قىزىل رەڭ بېرىلگەن.

II خىل شەكىلدىكىسى ئىككى دانە. تۈز تەگلىك ئاغزى قاتلاق، قورسىقى سەل - پەل يۇمىلاق، لايغا ئۇششاق قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان قىزىل ساپال، ئىچى - سىرتىغا قىزىل رەڭ بېرىلگەن ($M_{2,2}$)، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 10.5 سانتىمېتىر، تەگلىكىنىڭ دىئامېتىرى ئالتە سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 4.5 سانتىمېتىر.

III خىلدىكىسى ئالتە دانە. يۇمىلاق تەگلىك، ئاغزى ئۇچلۇق،

يەزىلىرىنىڭ ئاغزى سەل ـ پەل تۈز ۋە قاتلاق. لايغا ئۆشاق قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال بولۇپ، ئىچى ـ تېشىغا قىزىل رەڭ بېرىلگەن. ($M_{3:5}$) ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 9.5 سانتىمېتىر، قورساق قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 10.5 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى بەش سانتىمېتىر.

ئۇنىڭدىن باشقا ساپال بۇيۇمدىن تۆت دانىسى يىغىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ قەبرىلەردىن تېپىلغان بۇيۇملارنىڭ شەكلى، نەقىشلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يا شەكلىدىكى تۇتقۇچ قۇلىقىغا تىك سىزىق چۈشۈرۈلگەن، رەڭلىك ساپالدىن بىر دانە بولۇپ، مەزكۇر قەبرىستانلىقنىڭ شەرقىي شىمالىغا تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان «كىچىك كارىز» دەيدىغان يەردىن تېپىلغان؛ ئېگىز بويۇنلۇق قىزىل ساپال چۆگۈندىن بىر دانە، يا شەكلىدىكى بىر قۇلاقلىق قىزىل ساپال كومزەكتىن بىر دانە، بىر قۇلاقلىق كۆلرەڭ ساپال كومزەكتىن بىر دانە بولۇپ، مەزكۇر قەبرىستانلىقنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن تېپىلغان. بۇلار بۇ خىلدىكى مەدەنىيەتنىڭ بۇ جايلاردا كەڭ تارقالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

2. ياغاچ بۇيۇملار

17 دانە. ئاساسلىقى تەڭنە، ۋازا، تارغاق، تاسما توقىسى، كىچىك ياغاچ قوتا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تەڭنە تۆت دانە. ئۇنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ھەممىسى پۈتۈن ياغاچنى ئويۇش ئارقىلىق ياسالغان. تەڭلىنىڭ ئاغزى چاسا شەكلىدە، ئىككى تەرىپى سەل ـ پەل دومبايتىلغان. تۈز تەگلىك ياكى سەل ـ پەل سىرتىغا تومپىيىپ چىققان. ئەسلىدىكى تاغاچنىڭ ئىنچىكە ـ يوغانلىقى ئوخشىمىغاچقا، تەڭنە گەۋدىسىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ يۈزىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەتكەنلىكنىڭ ئىزى قالغان. بەزىلىرىنىڭ يېرىقلىرىنى تېرە بىلەن مىخلاپ چىگىلگەن. بۇ ئەسۋابلار يېمەك ـ ئىچمەكتە ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملاردىن ئىبارەت. ($M_{8:8}$). تەڭنە ئاغزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 21.6

سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 6.5 سانتىمېتىر. بوگۇنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدا ياغاچ تەڭنە بار بولۇپ، شەكلى سىل-پەل چوڭراق.

ۋازا ئىككى دانە. تۈز ئېغىزلىق، يۈرەك شەكلىدە، تۆت پۇتى بار ($M_{6,6}$). ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى يەتتە سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 6.7 سانتىمېتىر كېلىدۇ، دىئامېتىرى 6.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

تارغاق بىر دانە ($M_{8,6}$). كەڭلىكى 5.3 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى ئالتە سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.4 سانتىمېتىر. جەمئىي 20 تال چىشى بولۇپ، كەينى ياي شەكلىدە.

تاسما توقىسى بىر دانە ($M_{3:6}$). ئۇزۇنلۇقى 5.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 3.2 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.5 سانتىمېتىر. ئالدى قىسمىدا بىر چاسا تۆشۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 0.6 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئىككى تەرىپىدە بىردىن يۇمىلاق تۆشۈكى بار بولۇپ، تۇتۇق قىزىل رەڭدە بويالغانلىقى مەلۇم.

كىچىك ياغاچ قوتا ئىككى دانە. شەكلىدىن قارىغاندا ئۇزۇن چاسا شەكلىدىكى تامغا قۇتىسىغا ئوخشايدۇ، پۈتۈن بىر ياغاچنى ئويۇپ ياسالغان بولۇپ، نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس ($M_{6,7}$). ئۇزۇنلۇقى 8.2 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.6 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 2.5 سانتىمېتىر، تاختا شەكلىدە كىچىك ياپقۇچى بار، قارا رەڭ بىلەن گېئومېتىرىيىلىك نەقىشلەر سىزىلغان.

گۈل چېكىلگەن ياغاچ ئەسۋاب پارچىسى بىر دانە ($M_{3:2}$). شەكلى بىر قوتا ياپقۇچىغا ئوخشايدۇ. ئۇزۇنلۇقى 12 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 7.6 سانتىمېتىر، يۈزىگە رومبا شەكلىدىكى گېئومېتىرىيىلىك نەقىشلەر ئويۇلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ياغاچ ئەسۋاب پارچىلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن، نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

3. سىرلىق ئەسۋابلار



www.uyghurkitap.com

پەقەت بىر دانە ياغاچ تاختا سىرلىغۇچ بايقالغان بولۇپ ($M_{2:10}$)، ئۇزۇنلۇقى تۆت سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.4 سانتىمېتىر، ئىككى تەرىپى بىلەنلا سىرلىغىلى بولىدۇ، بىر يۈزى تېگى قارا ھەممە قىزىل رەڭ بېرىلگەن. ياغاچ تاختاينىڭ بىر تەرىپىدە ئىككى دانە كىچىك يۇمىلاق تۆشۈك بار، يەنە بىر تەرىپىدە يۇمىلاق تۆشۈك بار.

4. مىس بۇيۇملار

ئالتە دانە. مىستىن ياسالغان بېزەك بۇيۇمىدىن ئىبارەت. ھايۋان بېشى شەكلىدىكى بۇيۇملاردىن تۆت دانە. شەكلى ئوخشىشىپ كېتىدۇ ($M_1$). قەبرە ئىگىسىنىڭ ئىككى تىزىنىڭ ئەتراپىدىن تېپىلغان ($M_{1:4}$). ئېگىزلىكى 2.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.5 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 2.3 سانتىمېتىر، بۇ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان، چىشى كۆرۈنۈپ قالغان، ئىككى كۆزى يۇمىلاق ئېچىلىپ تۇرغان بولۇپ، بوينىدىكى تۈكلەر راستتەك تىك تۇرىدۇ. بوينىنىڭ ئارقىدا چاسا شەكلىدىكى ئورۇندۇقى بار، ئاساسى بۇيۇمنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

گۈل شەكلىدىكى زىننەت بۇيۇمىدىن بىر دانە ($M_{1:17}$). ئۈستى - ئاستى قىسمىدا ئىككى دانە نىلۇپەر گۈلى زىننىتى بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 2.2 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.2 سانتىمېتىر، ئارقا تەرىپىدە ئورۇندۇقى بولۇپ، ئاساسى بۇيۇمنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. قەبرە ئىگىسىنىڭ ئوڭ پاقالچاق ئۈستىخىنىنىڭ ئىچى تەرىپىدىن تېپىلغان.

ھايۋان چىشى شەكلىدىكى زىننەت بۇيۇمىدىن بىر دانە ($M_{1:16}$). قەبرە ئىگىسىنىڭ ئوڭ پاقالچاق ئۈستىخىنىنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان. شەكلى ياۋايى ھايۋاننىڭ چىشىغا ئوخشايدۇ، ئۇزۇنلۇقى 5.2 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.7 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.2 سانتىمېتىر. ئارقا تەرىپىدە ئويمان شەكىلدە، ئارقا تەرىپى كۆۋرۈك شەكلىدىكى تۈگۈنچەك بار بولۇپ، شۈبھىسىزكى،

www.uyghurkitap.com

بۇ باشقا ئەسۋابلارنى زىننەتلەشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

5. تۆمۈر ئەسۋابلار

جەمئىي تۆت دانە بولۇپ، ئېغىر دەرىجىدە داتلىشىپ چىرىپ كەتكەن.

پىچاق بىر دانە ($M_{3:4}$). ئۇزۇنلۇقى 19 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2. 1 سانتىمېتىر، بىسى يايسىمان شەكىلدە بولۇپ، ئاللىقاچان چىرىپ كەتكەن. قېزىۋېلىنغان ۋاقىتتا پىچاقنىڭ بىسى قىسمى بىر قوي ئۇستىخىنىغا 4.2 سانتىمېتىر قادىلىپ تۇرغان. يايسىمان پىچاق ئۆلگۈچىنىڭ گۆش يېيىشىدە ئىشلىتىلگەن.

چاچ سانجىغۇچ (سىرغا) بىر دانە ($M_{2:4}$). ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 0.4 سانتىمېتىر. ئاللىقاچان چىرىپ ئۈزۈلۈپ كەتكەن. ئۈچى تەرىپى ئالتۇن، مىس پارچىسىدىن زىننەتلەنگەن.

پور تۆمۈر (泡铁) بىر دانە ($M_{1:4}$). دىئامېتىرى 2.3 سانتىمېتىر، چىرىپ كەتكەنلىكتىن شەكلىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايدۇ.

قالدۇق تۆمۈر پارچىسى بىر دانە ($M_{1:15}$). ئۇزۇنلۇقى 5.1 سانتىمېتىر بولۇپ، شەكلىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

6. كۆمۈش ئەسۋابلار

ئۈزۈك بىر دانە ($M_{3:3}$). سىيدام يۈزلۈك، رومبا شەكىلدە. رومبا شەكلىنىڭ دىئامېتىرى 0.9 سانتىمېتىر.

7. ئۇستىخان قولۇلىدىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇمى

جەمئىي 14 دانە.

قولۇلە قېپى ئىككى دانە بولۇپ، 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىنىڭ ئىگىسىنىڭ داس سۆڭىكى گۆرجەك سۆڭىكىنىڭ ئاستىدىن تېپىلغان ($M_{1:18}$). ئۇزۇنلۇقى 1.9 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.4 سانتىمېتىر.

كۆكرەك زىننەت بۇيۇمى ئالتە دانە. 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىنىڭ ئىگىسىنىڭ تىز بوغۇم ئەتراپىدىن تېپىلغان. ($M_{1:20}$) ئۇزۇنلۇقى 5. 4 سانتىمېتىر كەڭلىكى 3.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.3 سانتىمېتىر، ئۈستى تەرىپىدە قاتارىسىغا ئۈچ دانە كىچىك تۆشۈك بار. دىئامېتىرى

0.5 سانتىمېتىر، تۆۋەنكى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىر كىچىك يۇمىلاق تۆشۈك بار، دىئامېتىرى بىر سانتىمېتىردەك كېلىدۇ، يۈزىدە قارا رەڭ ساقلىنىپ قالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۈچ دانەزىنىنەت بۇيۇمى بار بولۇپ، تۆۋەن تەرىپىدە قاتار ئىككى دانە يۇمىلاق تۆشۈكى بار، دىئامېتىرى 0.7 سانتىمېتىر؛ يەنە ئىككى دانىسى بولۇپ ئۈستى تەرىپىدە بىر دانە يۇمىلاق تۆشۈكى بار. تۆۋەنكى قىسمىدا بىر قەدەر چوڭراق يۇمىلاق تۆشۈكى بار. تۆشۈكلەرنىڭ سانى، چوڭ - كىچىكلىكى سەل - پەل پەرقلىنىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆكرەك زىنىنەت بۇيۇملىرى، ئەسۋابلىرى بولۇپ، ئۈستى قىسمىدىكى كىچىك تۆشۈكچىلەر ئۈستىخان ( 骨牌 ) ياسالغان زىنىنەت بۇيۇمى كىيىمگە تاقاشتا، ئاساسىي قىسمىدىكى يۇمىلاق تۆشۈكلەر كۆكرەك زىنىنەت بۇيۇملىرىنى كىيىمگە تاقاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۈستىخان ھالقا ئۈچ دانە. 1 - نومۇرلۇق قەبرە ئىگىسىنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ ئىچكى تەرىپىدىن تېپىلغان ($M_{1:13}$). يۇمىلاق شەكىلدە، ئىچىدە بىر يۇمىلاق تۆشۈك بار، سىرتقى قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 2.5 سانتىمېتىر، تۆشۈكنىڭ دىئامېتىرى 0.9 سانتىمېتىر. بۇنداق كىچىك ئۈستىخان ھالقىلار كۆكرەك زىنىنەت بۇيۇملىرىنى قوشۇمچە ئۇلاشتا ئىشلىتىلىدىغان زىنىنەت بۇيۇملىرى بولۇشى مۇمكىن.

قولۇلدىن ئىشلەنگەن زىنىنەت بۇيۇمى بىر دانە ($M_{3:1}$). ئۇزۇنلۇقى 3.1 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.6 سانتىمېتىر، قولۇلە قېپىنى سىلىقلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ياساپ چىقىلغان. پارقىراپ تۇرىدۇ، ئۈستىدە ئىككى كىچىك تۆشۈكى بار، تاقاش، بېكىتىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۈستىخان تاختا بىر دانە ($M_{1:19}$). 1 - نومۇرلۇق قەبرە ئىگىسىنىڭ ئوڭ مۈرىسى ئورنىدىن چىققان. ئۇزۇنلۇقى 10.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئۈچ سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.4 سانتىمېتىر، يۈزىدە 13 كىچىك يۇمىلاق تۆشۈك بار بولۇپ، دىئامېتىرى 0.4

سانتىمېتىر، تۆت بۇرجىكىدىكى تۆت يۇمىلاق تۆشۈك ئۇستىخان تاختىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ، قالغان كىچىك تۆشۈكلەر باغلاشتا ئىشلىتىلىدۇ ياكى زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۈچلۈق ئۇستىخان ئەسۋاب بىر دانە ($M_{7:11}$). يۇمىلاق بىگىز شەكلىدە. ئۇزۇنلۇقى 5.2 سانتىمېتىر، تەگلىكىنىڭ دىئامېتىرى بىر سانتىمېتىر؛ قۇيرۇق قىسمىدا بىر يۇمىلاق شەكىلدە تۆشۈك بار، دىئامېتىرى 0.3 سانتىمېتىر، ئاستىدا بۇرما شەكىلدىكى سىزىقلار بار. كالا مۈڭگۈزىدە ياسالغان، قارا رەڭدە، نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

8. ھېقىق

پەقەت بىر دانىلا ھېقىق مەرۋايىتى بايقالغان ($M_{3:12}$) بولۇپ، قىزىل رەڭلىك، پارقىراق، يۇمىلاق ھالقا شەكلىدە، سىرتىنىڭ دىئامېتىرى 0.9 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكنىڭ دىئامېتىرى 0.15 سانتىمېتىر، زىننەتلەش بۇيۇمى قىلىپ ئىشلىتىلگەن.

9. كىگىز، كۆن - خۇرۇم بۇيۇملىرى

كىگىز ئاللىقاچان تىتىلىپ كەتكەن بولۇپ، 7 - نومۇرلۇق قەبرىنىڭ جەسەت كارىۋىتىنىڭ ئۈستىدىن تېپىلغان. قارا ۋە ئاق ئىككى خىل رەڭدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ($M_{71-33:1}$)، قارا كىگىز پارچىسىنىڭ قالدۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 66 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 31 سانتىمېتىر ($M_{7:2-31}$)؛ ئاق كىگىز قالدۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 46 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 43 سانتىمېتىر.

قوي يۇڭىدا تىكىلگەن كۆرپە بىر دانە ($M_{7:13}$)، 7 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەت كارىۋىتىنىڭ ئۈستىدىن تېپىلغان، ئاللىقاچان تىتىلىپ كەتكەن. بىر قانچە پارچە قوي تېرىلىرى ئىنچىكە تېرە يىپ بىلەن تىكىلىپ ياسالغان، بەزىلىرىدە تېرە يۇڭلىرى ساقلىنىپ قالغان. قېزىۋېلىنغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىگە كىگىز قويۇلغان. دەپنە قىلىنغان ۋاقىتتا، جەسەت كارىۋىتىنىڭ ئۈستىگە ئاۋۋال كىگىز يېيىلىپ، ئاندىن قوي يۇڭىدا

تىكىلگەن كۆرپىنى مويى بار تەرەپنى ئۈستىگە قىلىپ يېپىلغان.

چاسا شەكىلدىكى تېرە تورسۇق بىر دانە ($M_{7,7}$). ئۇزۇنلۇقى 7.6 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 3.7 سانتىمېتىر، قوي تېرىسىدە تىكىلگەن. بىر دانە باغلايدىغان بوغقۇچى بار بولۇپ، شەكلى يا ئوق خالتىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ ئېھتىمال ھەمدەپنە بۇيۇمى بولسا كېرەك.

كىچىك تېرە خالتا ئىككى دانە، شەكلى ئوخشاش. ($M_{6,6}$) ئۇزۇنلۇقى 6.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئۈچ سانتىمېتىر، ئاغزى كىچىك، قورسىقى چوڭ، قىزىل رەڭدە بويالغان. ئىچىگە قاچىلانغان نەرسىلەر چىرىپ كەتكەن. قانداق نەرسە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر كۆن - خۇرۇم بۇيۇمى بولۇپ، شەكلى ئېنىق ئەمەس.

### 10. يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار

يۇڭ رەخت 7 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەت كارىۋىتى ئۈستىدىن تېپىلغان. ئاللىقاچان چىرىپ كەتكەن، تۈز سىزىقلىق، ئەگرى سىزىقلىقلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل رەخت بار.

تۈز سىزىقلىق يۇڭ رەختنى ئىنچىكە بۆلگەندە سىلىق، يىرىك ۋە يوللۇق ئۈچ تۈرگە ئايرىغىلى بولىدۇ ($M_{7,12}$). قالدۇق پارچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 32 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر، توقۇلۇشى يىرىك ۋە قوپال. تۈز سىزىقلىق، ئاستى - ئۈستىدىكى ھەر بىر كۋادرات سانتىمېتىردىكى ئۆرۈش يىپى سەككىز تال، ئارقاق يىپى 14 تال. ئۆرۈش يىپى ئارقاق يىپىدىن يوغانراق. قىزىل رەڭلىرى ئۆڭۈپ ئۆچۈپ كەتكەن. يىپلىرى بويالغان، توپ بويالغان، تۈز سىزىقلىق سىلىق يۇڭ رەخت ئاق ۋە بېغىررەڭدىكى ئىككى خىلى بار ($M_{2,2-1}$). ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 11 سانتىمېتىر. ئاق رەڭدىكىسى ناھايىتى ئىنچىكە، زىچ توقۇلغان. تۈز سىزىقنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىدىكى ھەر بىر كۋادرات سانتىمېتىردا 17 تال ئۆرۈش يىپى بار، 20 تال ئارقاق يىپى بار. ئۆرۈش يىپىنىڭ دىئامېتىرى ئىشلىتىش دەرىجىسى بىلەن ئوخشىشىپ

كېتىدۇ. ( $M_{7:4-12}$ ) ، قالدۇق پارچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 19 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 10.2 سانتىمېتىر، سېرىق رەڭدىكىسى قوپاللىراق، يېرىك توقۇلغان. تۈز سىزىقلىقىنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىدىكى ئۆرۈش يىپى بىلەن ئارقاق يىپىنىڭ شالاڭ - زىچلىقى پەرقلىنىدۇ. ھەر بىر كۋادرات سانتىمېتىردا سەككىز تال ئۆرۈش يىپى بار، 32 تال ئارقاق يىپى بار. ئۆرۈش يىپىنىڭ دىئامېتىرى ئېشىلىشى، ئارقاق يىپىنىڭ دىئامېتىرى ۋە ئېشىلىشىدىن چوڭراق. شۇڭا يۇڭ رەختلەرنىڭ ئۇلۇڭ - تەتۈرسىگە قىر چىقىرىلغان.

دولقۇنسىمان سىزىقلىق يۇڭ رەخت پاراللېل يۇزلۇك، دولقۇنسىمان سىزىقلىق ۋە ئۆرۈمە يۇزلۇك يانتۇ گۇللۇك ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ ( $M_{7:5-12}$ ) . قالدۇق پارچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 17.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 11 سانتىمېتىر، تېگى يېرىك، قوپال توقۇلغان. ئۆرۈمە يۇزلۇك يانتۇ گۇللۇك بولۇپ، يانتۇ گۇل بىلەن ئۆرۈش يىپى 33 گرادۇس بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان. ئىككىسى ئاستىدا ۋە ئىككىسى ئۈستىدە ھەر بىر كۋادرات سانتىمېتىردا 14 تال ئۆرۈش يىپى، 22 تال ئارقاق يىپى بار. قارا رەڭلىك ئۆرۈش يىپى، سېرىق رەڭلىك ئارقاق يىپى، ئۆرۈش يىپىنىڭ دىئامېتىرى، ئېشىلىنىش دەرىجىسى ئارقاق يىپىنىڭكىدىن چوڭراق. تۈز سىزىقلىق سىيدام يۇڭ رەختنىڭ بىر نەچچە پارچىسىنى بىرلەشتۈرۈپ تىكىلگەن. ئېھتىمال ئەدىيال قىلىپ جەسەتنى يېپىشقا ئىشلىتىلگەن، بەكلا تىتىلىپ كەتكەن. جەسەتنى ئوراش، يېپىشتىكى تەپسىلىي ئەھۋاللارنى ئېنىق ھۆكۈم قىلىشقا ئامالسىزمىز ( $M_{7:6-12}$ ) . بىر تەرىپىدە ئەنلىك ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭلىكى 26 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ، قالدۇق ئۇزۇنلۇقى 16.5 سانتىمېتىر. سۇس يېشىل رەڭدە، تېگى قوپال، يېرىك ئىشلەنگەن. ئۆرۈش يۈزىدىكى يانتۇ گۇللىرى، يانتۇ گۇللىرى بىلەن ئۆرۈش يىپى 60 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان، ئىككىسى ئاستىدا ۋە ئىككىسى ئۈستىدە ھەر بىر كۋادرات سانتىمېتىردا 17 تال ئۆرۈش يىپى بار، 28 تال ئارقاق يىپى بار. كىرىۋېكىدىكى ئۈچ

تال پىلتا يىپ، ئارقاق يىپى ھەمدە ئىككى تال پىلتە يىپ، ھەم ئۆرۈش يىپلىرىنىڭ دىئامېتىرى، ئارقاق يىپلىرىنىڭكىدىن چوڭراق.

چاچ تور ($M_{8:7}$) . يۇڭدا ئىشلەنگەن، قارا رەڭدە، قەبرە ئىگىسىنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىدىغان بۇيۇمى بولۇپ، قىزىتۋېلىنغان ۋاقىتتا چاچقا قاپلاقلىق ئىكەن. تور شەكلى ئۇزۇنچاق سىلىندىر شەكلىدە. تۆۋەنكى قىسمى ئىنچىكە پارچە ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر، ئوتتۇرا قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 4.5 سانتىمېتىر، تور شەكىللىك قۇرۇلما بولغانلىقتىن شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسى تەدرىجىي بىرىكىپ ئىنچىكىلەپ بارغان. ئارقىغا تۈرمەللەپ تور ئىچىگە تىقىۋېلىنغان. كېيىنكى دەۋرلەردىكى تور ياغلىققا ئوخشىمايدۇ. بۇ خىل چاچ زىنىنىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئالدى بىلەن ئىنچىكە يىپ بىلەن تال - تال قىلىپ ئۆرۈۋېلىنغان. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت چاچنى توملىتىپ ھەم ئۇزارتىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن كېيىن سىرتقى قاپلىغۇچتىكى سىلىندىر شەكىللىك چاچ قاپلىغۇچ بىلەن يالاڭ يىپلاردىن بىرىكتۈرۈلۈپ ئىشلىتىپ توقۇلىدۇ. قۇرۇلمىسى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك. پاتاڭدىكى چاچلار ئۇستىگە تارىلىپ تور شەكلىدىكى قاپلىغۇچتا قاپلانغان، تۆۋەنكى قىسمىدىكى پارچىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇزۇنلۇقى 19 سانتىمېتىر، كەڭلىكى يەتتە سانتىمېتىر، ئەسلىدىكى قاپلىغۇچنىڭ چوققىسىغىچە ياكى دولىسىغىچە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۈچ تال پىلتە يىپنى ئېشىپ بىر قىلىپ ئىنچىكە بىر تال يىپ قىلىپ ئېشىپ چىققان. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى چاچ قاپلىغۇچ بىلەن بەل - پەل ئوخشىمايدۇ.

يۇڭدىن توقۇلغان بەلباغ ($M_{2:7-12}$) ، قالدۇق پارچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.5 سانتىمېتىر، ئىككى تال پىلتە يىپ بىر قات قىلىنغان، جەمئىي 20 قات بىلەن توقۇلغان. قىزىل رەڭدە بولسىمۇ، لېكىن پىلتە يىپلار ئۆڭۈپ كەتمىگەن، چۈنكى توپ ھالىتىدە بويالغان، تۈگمىسى قەھۋە رەڭدىكى تۈز سىزىقلىق يۇڭ رەختكە قادالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكتىرونلۇق ئامبىرى

## 3. ئاخىرقى سۆز

1. قەبرىلەرنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى ھەم يىل دەۋرى:

قەبرىلەردە ئىلگىرى - كېيىنلىك پەرقى بولۇپ، ئىككى دەۋرگە بۆلۈنىدۇ. ئىككى خىل قەبرىنىڭ ياسىلىشىمۇ ئوخشىمايدۇ، قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارمۇ روشەن پەرقلىنىدۇ. تىك ئورەكلىك، توپا سۇپىلىق قەبرىلەردىن قىزىل رەڭلىك ساپال بۇيۇملار چىققان بولسىمۇ، لېكىن تۆمۈر ئەسۋابلار بايقالمىدى، تىك ئورەكلىك يانتۇ قەبرىلەردىن رەڭلىك ساپال بۇيۇملار بايقالدى. تۆمۈر قوراللار بايقالمىدى، قىزىل رەڭلىك ساپال بۇيۇملار يېڭى تاش قوراللار دەۋرى خارابىلىرىدا زور تۈركۈمدە بار بولۇپ، شىنجاڭدىكى دەۋر چەكلىمىسى بىر قەدەر كېيىنرەك سىنىپىي جەمئىيەت مەزگىلىگە سۇرۇشكە بولىدۇ. مەزكۇر قەبرىلىكلەردىن تېپىلغان ئوخشاش شەكىلدىكى ياي بىسلىق تۆمۈر پىچاق، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خەن سۇلالىسى قەبرىلىرىدىن ئومۇميۈزلۈك تېپىلغان. لوياڭدىكى شاۋگۇ خەن سۇلالىسى قەبرىسىدىن ئىككى خىل تۆمۈر پىچاق، 2-، 3- دەۋر ۋە 6 - دەۋردىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان، ئۇنىڭ مۇتلەق يىل دەۋرى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلى ۋە ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ، غەربىي خەن دەۋرىنىڭ كېيىنكى دەۋرىگە شەرقىي خەن دەۋرىنىڭ كېيىنكى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر» دە شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىللىرىدىلا تۆمۈر تاۋلىغانلىقى ۋە ھەربىي قورال - ياراغ ياسىغانلىقى: «ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ . . . خەنجەرلىرىنىڭ بىسلىرى قاشاڭ، تۇتقۇچلۇق ئوقيالىرى قالاق، ھازىر ئاگلىساق خەننىڭكىگە ئوخشاش سۈپەتلىك ئىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. ②

يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان ئەمەلىي بۇيۇملار بىلەن ھۆججەت، خاتىرىلەر ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە قىياس قىلىشىمىزچە، 1 - دەۋردىكى قەبرىلەر «ئەمىنىيە»، «يېغىلىق»

دەۋرلىرىگە تەئەللۇق، 2 - باسقۇچتىكىلىرى غەربىي خەنىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ. دۆلەت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش پەن تەتقىقات ئورنى 1 - باسقۇچقا تەۋە بولغان $M_2$ ۋە 2 - باسقۇچقا تەۋە بولغان $M_3$ قەبرىدىكى جەسەت كارىۋاتلىرىغا قارىتا كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

$M_8$ قەبرىنىڭ بۈگۈنگە قەدەر بولغان دەۋرى 75$\pm$3145 يىل بولغان بولۇپ، باشقىدىن قايتا تەكشۈرۈپ تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى يىل دەۋرى 145$\pm$ 3335 يىل بولغان؛ $M_3$ قەبرىنىڭ يىل دەۋرى 70$\pm$ 2225 يىل بولغان، قايتا تەكشۈرۈپ تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى يىل دەۋرى 85$\pm$ 2220 يىل بولغان.

تەكشۈرۈش نەتىجىسى 2 - باسقۇچتىكى $M_3$ نىڭ يىل دەۋرى بىلەن بىز قىياس قىلغان يىل دەۋرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، 1 - باسقۇچتىكى $M_8$ نىڭ يىل دەۋرىنى تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتى سەل - پەل بالدۇر دېيىشكە بولىدۇ.

شۇ يىلى 5 - ئايدا تۇرپاننىڭ ئايدىڭكۆلدە بوران چېقىۋەتكەن ھەمدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان 50 دانە قەبرىنى تازىلىدۇق③. تېپىلغان بۇيۇملار ئىنكاس قىلغان مەدەنىيەت قىياپىتى بۇ تۇركۇمدىكى قەبرىلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. سۇ بېشى قەبرىلىرىنىڭ قېزىلىشى بىزنى ئايدىڭكۆلدىكى ئۇ قەبرە ماتېرىيالىغا قارىتا بىر قەدەر ئىلگىرىلىگەن تونۇشقا ئىگە قىلدى. 50 قەبرىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ، پارقىراق ئەينەك پارچىسى، ياتقان ئاتنىڭ مىس بېزىكى، تۆمۈر پىچاق قاتارلىقلار 2 - باسقۇچقا تەۋە بولغان قېزىۋېلىنغان، بىراق كۆپ ساندىكى قىزىل رەڭلىك، رەڭدار ساپال ئەسۋابلار 1 - دەۋردىكى قەبرىلەردىكى ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن ئىبارەت 1 - باسقۇچتىكى قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى «ئەمىنىيە» ۋە «يېغىلىق» دەۋرلىرىگە تەۋە.

2. مىللەت تەۋەلىكى ۋە مەدەنىيەت خاراكتېرى

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن ئىلگىرى تۇرپان ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقانلار غۇزلار ئىدى. «خەن ۋۇدي غەربىي يۇرتقا ئەلچى ئەۋەتىشتىن ئىلگىرى كرورەن ۋە غۇزلارنىڭ يېرى ئىدى» ھازىرقى لوپنۇر رايونىنىڭ شىمالىي، شەرقىي تەرەپلىرى غۇزلارنىڭ تېررىتورىيىسىدە ئىدى. سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ قىياپىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان قەدىمكى ئىزلار، قەدىمكى قەبرىلەر تۇرپان بوستانلىقىنى ئاساس قىلىدىغان كەڭ ۋادىدا كەڭ كۆلەمدە تارقالغان، توقسۇننىڭ ئالغوي ④ ، ئېۋىرغول ⑤، تۇرپاندىكى ئايدىڭكۆل ⑥ ، يارغول قەدىمكى شەھىرى ⑦ ئەتراپىدىكى جايلاردا كەڭ تارقالغان. باركۆل ⑧ ، قۇمۇل ⑨ قاتارلىق جايلاردىمۇ رەڭلىك نەقىشلەر سىزىلغان ۋە بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان قىزىل رەڭلىك ساپال ئەسۋابلار بايقالدى. بۇ ئىز قەبرىلىرىنىڭ دەۋرى بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرقى چېكى مىلادى I ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار، ناھايىتى ئېھتىمال بىر خىل مەدەنىيەت تىپىغا كىرىدۇ. ئۆرەغول بىلەن ئالغويدىكى بىر تۈركۈم ئەمىنىيە دەۋرىدىن يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان قەبرىلەر بىلەن سۇ بېشى قەبرىلىرىدىكى ساپال بۇيۇملار زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىراق ئۆلگۈچىنىڭ چاچ شەكلى رەتلىك تاراپ ئۆرالغان، چاچ قاپلىغۇچ تور بىلەن قاپلىنىۋېلىنغان ⑩ ، ئوخشاشلا بىر مىللەتكە مەنسۇپ. غۇزلار شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، چىن، خەن دەۋرلىرىدىكى «غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى ئىدى» . خەن ۋۇدى زامانىدا جاۋ پونۇ غۇزلارنى تىنچىتقاندا «ئالدى قوس دۆلىتىنى ئالدى ۋە ئارقا ئىككىگە ۋە تاغنىڭ شىمالىدىكى ئالتە دۆلەتكە بۆلگەن» ⑪ «قاڭقىللار» بىلەن «غۇزلار» بىر خىل نامنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ئىپىرلىشى بولۇپ، قەدىمكى دەۋردىكى تەلەپپۇز قىلىنىشى ئوخشاش ئىدى. «ئالدى قاڭقىل دۆلىتىنىڭ پادىشاھلىق

شەھىرى يارغول شەھىرىدە» ⑫، يارغول قەدىمكى شەھىرى تۇرپان
شەھىرىنىڭ يار يېزىسى يارغول كەنتىدە بولۇپ، شەرقتىكى سۇ بېشى
قەدىمكى قەبرىستانلىقىغا 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. «قاڭقىل كېيىنكى
دۆلىتىدە پادىشاھ ئۆتۈكەندە تۇرىدۇ» ⑬. بۈگۈنكى جىمسار ناھىيىسىنىڭ
10 كىلومېتىر شىمالىدىكى پوچىڭزىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن
ئىسپاتلىنىشىچە، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدىكى ۋە قايىنامسىمان شەكىلدىكى
ھەمدە ھەرە چىشى شەكىلدىكى سىزىقلىق گۈللۈك نۇسخىلارنى ئاساس
قىلغان، قىزىل رەڭلىك ساپال بۇيۇملار تارقالغان ئاساسىي رايونلار،
غۇزلار ياشىغان زېمىنلاردىكىسى كۆپ جەھەتلەردىن ماس كېلىدۇ. بىز
دەسلەپكى قەدەمدە بۇ خىل قىزىل رەڭلىك، رەڭلىك ساپال بۇيۇملار ۋە
ئۇلاردىن تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن قىزىل رەڭلىك سىيدام ساپال
بۇيۇملارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى، مەدەنىيەت ئىزلىرىنى قۇسلارنىڭ
قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، تارقىلىش دائىرىسىنىڭ ھازىرقى شەرقىي
شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، جىمسار، گۈچۈڭ، مورىي،
بارىكۆل قاتارلىق بەلباغلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق.
سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان قەبرە ئىگىسى قوس
مىللىتىگە تەۋە ئادەم بولۇپ، 2 - دەۋردىكى قەبرىلەر ئالدى قاڭقىل
دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا توغرا كېلىدۇ.

ھەر قايسى قەبرىلەردىكى ھەمدەپنە بۇيۇملارنىڭ ئاز - كۆپلۈكىدە
پارقلەر بار، مەسىلەن، مىس ۋە سۆڭەك ئەسۋابلار قاتارلىق زىننەت
بۇيۇملىرىنى ئالساق، مۇتلەق كۆپ قىسمى 1 - نومۇرلۇق قەبرىدىن
چىققان، 3 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تۆمۈر ئەسۋابلار قېزىۋېلىنغان؛ 8 -
نومۇرلۇق قەبرىدىن ئەر - ئايال بىللە دەپنە قىلىنغانلىق ئەھۋالى بار
بولۇپ، بۇ ئەر - ئايال بىرگە دەپنە قىلىنغان قەبرە بولۇپ، شۇ مەزگىلدە
سىنىپىي جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. تىك
ئورەكلىك يانتۇ لەھەتلىك قەبرىدىكى جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنىش ئەھۋالى
بىر قەدەر مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئەمما بىر جەسەت مۇھىم ئورۇننى

ئىگىلەيدۇ. قەبرە يولىغا يەنە باللىرمۇ بىللە دەپنە قىلىنغان، $M_1$، $M_2$ ، $M_4$ ، $M_2$قەبرىدە بىر نەپەر 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان ئەر جەسەت ئىسكىلىتىنىڭ يانپاش سۆڭىكىدە پىچاق ئىزى بار، باش سۆڭىكىدە ئوچلۇق ئەسۋاب بىلەن ئورۇلغان تۆشۈكچە بار. بىزنىڭ ئانالىز قىلىشىمىزچە، قەبرە يولىدىكى قوشۇپ كۆمۈلگەن باللار بىلەن $M_2$قەبرىدىكى E يەككە جەسەت ئېھتىمال قوشۇپ كۆمۈلگەن قۇللار بولۇشى مۇمكىن. بۇ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەر بىلەن بىردەك. مىلادى II ئەسىردە هونلار غەربىي يۇرتنى كونترول قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا قۇللۇق تۈزۈمنى يولغا قويدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى قوس قۇللۇق جەمئىيەتكە كىرگەنىدى، هون قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرى، قول تۇتۇق بەگلىرىنى قوروپ باشقۇرغان. هونلارنىڭ تەسىر كۈچى غەربىي يۇرتتىكى قۇللۇق تۈزۈمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، بىراق يېتەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشەلمىگەن، شۇڭا ئۇزۇق ئۆتمەي غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى غەربىي يۇرتقا تېخىمۇ سىڭىپ كىرىپ، غەربىي يۇرتتىكى قۇللۇق تۈزۈمنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈردى. «قۇللۇق تۈزۈمدىكى تۇتۇق مەھكىمىسى شۇنىڭدىن باشلاپ ئەمەلدىن قالدى». قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان نۇرغۇن ساپال ئەسۋابلار ئەينى ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى، كۆپ مىقداردىكى يۈك توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن بولۇپ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ يەنىلا زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تۇرپان رايونىنىڭ يېغىلىق، چىن، خەن باسقۇچلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەمدىلا باشلاندى. قوس مەدەنىيىتى ئىزدىنىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ قەبرىلەرنىڭ دەۋرىي ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىللەرگە توغرا كېلىدۇ، ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە. يۇقىرىدىكى بىر قاتار كۆز قاراشلار تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن بولۇپ،

پەقەت بىر خىل پىكىر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى، قوش مەدەنىيەتنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىشنى ۋە تەتقىق قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز.

(ئەسلىسى «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى 1984 - يىلى 1 - ساندا ئېلان قىلىنغان)

---

ئىزاھات:

① «تۇرپان ناھىيە ئاستانە، قاراخوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىش دوكلاتى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلار» 1973 - يىلى 10 - سان

② «خەننامە. چىن - تاڭ تەزكىرىسى»

③ ⑥ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش گورنى: «شىنجاڭ تۇرپان ئايدىڭكۆل قەدىمكى قەبرىلىرى»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىلى 4 - سانى.

④ ⑤ ⑩ «دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدىكى ئاساسلىق نەتىجىلەر» ، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ 30 يىلى»

⑦ خۇاڭ ۋېنبى: «قوچۇ ساپاللىرى مەجمۇئەسى»، غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ژۇرنىلى.

⑧ ۋۇ جېن: «شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى بىر نەچچە ئورۇندىكى يېڭى تاش قورال دەۋرى خارابىسى»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 1964 - يىللىق 7 - سانى.

⑨ لى يۈچۈن. «شىنجاڭدىن بايقالغان گۈللۈك ساپاللار»، «ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلىنىڭ 1959 - يىللىق 3 - سانى»، «دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدىكى مۇھىم نەتىجىلەر»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ 30 يىللىقى».

⑪⑫⑬ «خەننامە: غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلار، يىپەك يولى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئېچىۋېتىش

ۋەلى

(1)

دۇنياغا مەشھۇر قەدىمكى يىپەك يولى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان مۇھىم يول ھېسابلىناتتى. خەن سۇلالىسى مەزگىلىدىن چۆل - باياۋانلارنىڭ ياقىسىنى بويلاپ سوزۇلغان بۇ يول تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي - شىمالىي چېگرىسىدىكى پايانسىز غەربىي يۇرتتىن كېسىپ ئۆتۈپ، غەربتىكى سەمەرقەند، پىرسىيە، مىسوپوتامىيە ۋە داكچىن ئىمپېراتورلۇقى، ئەنەتكەك قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن تۇتىشاتتى. شۇ چاغلاردا سەددىچىن سېپىلىنىڭ قاش قوۋۇق دېگەن يېرىدىن چىققاندىن كېيىن غەربكە قاراپ ماڭغىلى بولىدىغان، ئەمما، ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان ئىككى يول بار ئىدى: بۇ يولنىڭ بىرسى، قەدىمكى ئېۋىرغول ئارقىلىق مىڭلاق ئېلىگە تۇتىشاتتى، ئاندىن، ئىسسىقكۆلدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن غەربكە ماڭىدىغان يول ئىدى. ئۇ يىپەك يولىنىڭ شىمالىي بۆلىكى ئىدى؛ يەنە بىرسى، دۇنخۇاڭ ئارقىلىق جەنۇبقا قاراپ ماڭىدىغان يول بولۇپ، ئۇ غەربىي يۇرتتىكى كىروران، پىشامشان ئارقىلىق كىنگىتكە بارغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ يەردىن يەنە جەنۇبقا قاراپ بۇرۇلۇپ كۇسەن، قەشقەر، ئۇدۇن قاتارلىق دۆلەتلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ۋاھان كارىدورى ئارقىلىق بەش ئەنەتكەك ئېلىگە تۇتىشىدىغان يول ئىدى. بۇ يول يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكى ئىدى. كارۋانلار بەزى چاغلاردا يول يوق يەرلەردىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار چۆلدە ئۆلۈپ قالغان ئادەم ۋە

ئۇلاغلارنىڭ تاشلىنىپ ياتقان ئۇستىخانلىرىغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. كىشىلەر بۇ يولدا تامامەن ئات - تۆگىلەرنىڭ شاراپىتىگە تايىناتتى. چۈنكى، نەدە قۇدۇق، نەدە بۇلاق بار ئىكەنلىكىنى ئاشۇ جاپاكەش ئات بىلەن تۆگىلا پۇراپ تاپالايتتى. بۇ ئات - تۆگىلەر يەنە ئۆلۈم ئەلچىسى بولغان قۇم بورىنىدىنمۇ ئالدىن بېشارەت بېرەلەيتتى. بۇ ھەقتە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 97 - جىلدىدا: «كېلىۋاتقان قۇم بورىنىدىن پەقەت تۆگىلا ئالدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ. چۆلدە بوران چىقىشتىن ئىلگىرى تۆگە پۇشقۇرغىنىچە بېشىنى پۇتلىرىنىڭ ئارىلىقىغا تىقىۋېلىپ ماڭماي تۇرۇۋالىدۇ. بۇنداق چاغدا دەرھال تۆگىنى چۆكتۈرۈپ، باش - كۆزلىرىنى ئوراپ، تۆگىنىڭ بىقىنىغا كىرىۋېلىش لازىم. بولمىسا، ئۆلمەكتىن باشقا چارە يوقتۇر!» دەپ يېزىلغانىدى.

دېمەك، يۇقىرىقى بايانلاردىن بىز خۇددى قاتمۇ قات تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ ھارغىن قەدەملىرى بىلەن كېتىۋاتقان سۇلغۇن چىراي قەدىمكى كىشىلەرنى، مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنى، يىپەك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان باداڭ قورساق غوز سودىگەرلىرىنى، ئىدىقۇت، كېنگىت ۋە كۇسەن، خوتەن قاتارلىق بۇددا مەركەزلىرىگە ئىلىم تەلەپ قىلىشقا كېتىۋاتقان ئەبگا تاڭ سېڭلارنى كۆرگەندەك بولىمىز! بۇ قەدىمكى كىشىلەر نېمىدېگەن كارامەت خىسلەتلىك كىشىلەر - ھە! ئۇلار يىراق غەربىي يۇرتلاردىن، ئەنەتكەك ئەللىرىدىن، داكچىن دۆلىتىدىن، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى بويلىرىدىن تاۋغاچ ئېلىنىڭ ئاستانىسى چاڭئەنگە قاراپ يولغا چىقىشاتتى ۋە شۇنىڭدەك تاۋغاچلىقلارمۇ چاڭئەندىن يولغا چىققاندىن كېيىن، قاتمۇقات تاغ - ئېدىرلاردىن ئۆتۈپ، قەدىمكى مەشھۇر تۇران قوشىقىدا: «تۇران دەرياسى چوغاي تېغىنىڭ بويلىرىنى ئويناپ ئاقىدۇ، ئاسمان گۈمبىزى بارگاھسىمان، چەكسىز دالىنى قاپلاپ ياتىدۇ. كۆرۈنەر كۆپكۆك پايانسىز ئاسمان، دالىلار كەڭرى كۆز سالساق قايان، ئەسكەندە شامال ئوتلار ئەگسە باش، سانسىز قوي - كالا بولىدۇ ئايان» دەپ تەسۋىرلەنگەن گۈزەل چوغاي تاغلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئوردۇس كارىدورى بىلەن مېڭىپ، ھەيۋەتلىك تاغلار ئاتىسى -

تەڭرىتاغلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، نەچچە مىڭ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن، ئاندىن ھىندىستانغا، پېرسىيىگە يېتىپ بېرىشاتتى. ئۇلار بۇنداق تۈمەن چاقىرىملىق ئۇزۇن مۇساپىنى ئارىلىقى پەقەت ئىككى گەزلا كېلىدىغان قەدەملىرى بىلەن ئېرىنمەي قەدەملەپ مېڭىپ، تۈگىمەس قۇملۇق، ئوتسىز چۆللەرنى بېسىپ، ئۈچ مىڭ ... 

تۈگىمەسلىكتى ۋە مەنزىللەر ئارىسىدا توختىماستىن قاتناپ، غەرب بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەتنى تۇتاشتۇرغانىدى! ھالبۇكى، قەدىمكى ئادەملەرنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار، ھەيۋەتلىك ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئات بىلەن تۆگە ئۇلارغا ھەمدەم بولغانىدى. شۇڭا، شۇنداق ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى، غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغان ئات بىلەن تۆگىمۇ قەدىمكى جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە ئۇلۇغ خىزمەت كۆرسەتكەن نامسىز تۆھپىكارلاردۇر!

(2)

16 پادىشاھلىق ۋە سۇي، تاڭ مەزگىللىرى غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆپلەپ كىرگەن مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. غەربنىڭ ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، مېدىتسىنا ۋە شۇنىڭدەك تىلشۇناسلىق قاتارلىق ھەر خىل ئىلىم - پەن ئۇتۇقلىرىنىڭ جۇڭگوغا دەۋرەپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇددىزم پەلسەپىسىمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دۆۋرەنلەر جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى مەزگىلى - جۇڭگولۇقلارنىڭ چەت ئەل بۇيۇملىرىغا مەھلىيا بولۇپ كەتكەن مەزگىلى ئىدى. شۇ زامانلاردا غەربىي يۇرتتىن كىرگەن ھەر خىل ئالتۇن - كۈمۈش بېزەكلەر، تۈرلۈك ئۈنچە - مارجان، جاۋاھىراتلارغا بېرىلىشتەك كەيپىيات تاڭ ئوردىسىدىن كەڭ پۇقرالار ئارىسىغا ـ بولۇپمۇ شەھەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىردى. سەنئەت جەھەتتىكى تەسىر ھامان ئىككى تەرەپكە تەڭ تەسىر قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. VII ئەسىرلەردە غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى ئەللەردە ئىشلەۋاتقان تاۋغاچلىق ئۇستىكارلار ئىچىدە باپكارلار، زەرگەرلەر، رەسساملار بار

ئىدى. مەسىلەن، رەسسام خەن شۇ، ليۇ تىسى، لى يۈەن، لۇيلى قاتارلىقلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. بۇ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھەممىسى تيەنباۋ 6 - يىلى (747 - يىلى) يازدا ئەرەبلەر بىلەن تاۋغاچ ئوتتۇرىسىدا تالاس ۋادىسىدا يۈز بەرگەن تالاس ئۇرۇشىدا تاۋغاچ گېنېرالى گاۋشەنجى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىدى. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق تارىخچى دۇيۇنىڭ جيەنى دۇخۇەنمۇ مۇشۇ چاغدا غەربىي يۇرتلۇقلارغا ئەسىرگە چۈشكەنىدى. دۇيۇ ئۆزىنىڭ «قامۇس» دېگەن كاتتا ئەسىرىدە دۇخۇەنىنىڭ غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىدىن مەلۇمات بەرگەنىدى.

(3)

شىنجاڭ قەدىمكى چاغلاردا غەربىي يۇرت دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد، ھەربىي جەھەتلەردىكى بېرىپ - كېلىش ئاچا يول ئېغىزىغا جايلاشقانىدى. مۇشۇ زېمىندا ياشىغان ئۇيغۇرلار تارىختا يۇنان مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ھەزىم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئايلاندۇردى. شۇ ئاساستا قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە بىر خىل يېڭىچە مەدەنىيەت - غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى. شۇ سەۋەبتىن غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنى كۆپ خىل مەدەنىيەت قوشۇلۇشىنىڭ جەۋھىرى دېيىشكە بولىدۇ.

تارىخقا نەزەر سالغىنىمىزدا، غەربىي يۇرت بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن قىزىقارلىق ھادىسىلەرنى بايقايمىز:

(1) جۇڭگو تارىخىدىكى قەدىمكى مىللەتلەردىن خەنزۇ، ئۇيغۇر ۋە تىبەت ئۈچ مىللەت غەربىي يۇرت ئارقىلىق ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە بىر - بىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئالاقە قىلىپ كەلگەن؛ ھالبۇكى، بۇنداق ئالاقە بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ بەرگەنىدى؛

(2) بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت قەدىمكى ئۈچ چوڭ دىن غەربىي يۇرتتا ئۇچراشقانىدى؛

(3) قەدىمكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە يۇنان مەدەنىيىتى دەل مۇشۇ غەربىي يۇرتتا بىر - بىرى بىلەن تۇتاشقانىدى؛

(4) غەربىي يۇرت دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى، يەنى خەنزۇ - تىبەت تىل سىستېمىسى، ئالتاي - ئورال تىل سىستېمىسى ۋە ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئۇچراشقان رايون بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛

(5) غەربىي يۇرت ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئۈچ چوڭ ئىش تەقسىماتى، يەنى چارۋىچىلىقنىڭ شەكىللىنىشى، دېھقانچىلىقنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى قاتارلىق بۈيۈك ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ئەڭ ئۇزۇل - كېسىل، ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن جايلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ؛

(6) جۇڭگو تارىخىدىكى ئۈچ چوڭ ئىدىئولوگىيە سىستېمىسى، يەنى تەرىقەتچىلىك، كۇڭزىچىلىق ۋە بۇددىزم پەلسەپىسى دەل غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر بۇددىستلىرى ئارقىلىق ئورگانىك بىرىكىشنى ئىشقا ئاشۇرغانىدى؛

(7) «ئەرەبىي ھەسەلەسىت» («ھەسەلدەك شېرىن تىل» دەپ ئاتالغان ئەرەب تىلى)، «پارسىي شېكەرەسىت» («شېكەردەك تاتلىق تىل» دەپ ئاتالغان پارس تىلى) ۋە «تۈركىي ھۈنەرەسىت» («ئىلىم - سەنئەت تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلى) دەل مۇشۇ غەربىي يۇرتتا بىر - بىرى بىلەن بەيگىگە چۈشكەنىدى؛

. . .

يۇقىرىقىدەك ئۈچ بۇرجەكلىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى يەنە كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

(4)

ئەنگلىيىنىڭ VIII X ئەسىردە ياشىغان تارىخچىسى ئىدۋارد گىبون

ئۆزىنىڭ «ئەرەبلەرنىڭ تۈركىستاننى بويسۇندۇرۇشى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 11 - بېتىدە مۇنداق بىر تۈرلۈك ياخشى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى: «شۇنى ئۇنتۇماسلىق لازىمكى، سوغدىلارنىڭ شەرقلىكلەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى ئۇلارنىڭ غەربلىكلەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى بېسىپ چۈشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، نېمە ئۈچۈن ئەرەبلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا قىزىقماستىن، بەلكى تۈركلەر ۋە چىنلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا بەك قىزىقىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر. بۇنداق نۇقتىئىنەزەر بىزگە غەربىي يۇرت بىلەن چىنلىقلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتە قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق مۇناسىۋەت ئۇلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئۆز ئارا بىرلىشىشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى ۋە مەنپەئەت جەھەتتىكى ئېھتىياجىدىن بولغان. شۇڭا، مەن تۈركىستاننىڭ تاڭ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تەسىررۇپلۇقىغا ئۆتۈپ بىر مەزگىل جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.»

نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ ئىچكى قۇرۇقلۇق، قۇرغاق تەبىئىي شارائىت بىلەن قاتناش قولايسىز، سىرت بىلەن ئالاقە قىلغىلى بولمايدىغان بېكىك مۇھىت غەربىي يۇرتتا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنى ئەۋلاد قالدۇرۇپ، ئىزىنى ئۆچۈرمەسلىككە مەجبۇرلىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول بار ئىدى: بىرسى، قەدىمكى بابىلۇنلار، ئاسسۇرلارغا ئوخشاش تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئەلھۆكمىلىللا دېيىش، پېشانىگە پۈتۈلگەننى كۆرۈش؛ ئىككىنچىسى، چەت ئەللىكلەردىن قورقىدىغان، چەت ئەلنىڭكىنى رەت قىلىدىغان روھىي ھالەتنى چۆرۈۋېتىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزىنى چەتكە ئېچىۋېتىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ بارلىق ئىلغار جايلىرىدىن ۋە ئىلغار ئىدىيىسىدىن سەممىيەتلىك بىلەن ئۆگىنىش، بۇ نەرسىلەرگە ھېچقانداق ھەسەتخورلۇق قىلماي توغرا مۇئامىلە قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

بىزنىڭ زېرەك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئەجدادلىرىمىز كېيىنكى

يولنى قەتئىيلىك بىلەن تاللىۋالدى. ئۇلار ھىندىستاننىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ ئاساستا غەربىي يۇرت بۇددىزم مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئاخىرىدا يەنە ئۇنى شەرقتە ـ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تونۇشتۇردى. بۇ ھادىسە تارىختا: «غەربتىن كىرگۈزۈش، ھەزىم قىلىش، شەرققە چىقىرىش» ياكى «شەرقتىن كىرگۈزۈش، ھەزىم قىلىش، غەربكە چىقىرىش» دەپ ئاتالدى، شۇنداق قىلىپ مىلادى IVئەسىردە غەربىي يۇرت ۋەتىنىمىز بويىچە مەشھۇر بۇددا ماكانىغا ئايلاندى.

(5)

بۇ مەزگىلدە (يەنى 16 پادىشاھلىق مەزگىلىدە)، دۆلىتىمىزنىڭ خۇاڭخې ۋادىسى ئۇرۇش، بالايىئاپەت، ئۆلۈم ـ يېتىم ۋەيرانچىلىقتىن ئىبارەت قورقۇنچلۇق ھادىسىلەر بىلەن تولغانىدى. شۇ چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ھايات كەچۈرگەن كىشىلەردىن ھۆكۈمرانلار بولسۇن ياكى ئاياغ ـ ئاستى قىلىنغان ئەمگەكچىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ چىقىش يولىنىڭ نېمىلىكىنى بايقىيالمىغانىدى. شۇ چاغدىكى كىشىلەر تۇرۇپلا باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغان، تۇرۇپلا ۋەيران بولۇپ كېتىدىغان قورقۇنچلۇق ھالەتنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا نىجات يۇلتۇزى نەدە، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنىڭ تۇغۇلۇشى تەبىئىي ئىدى. لېكىن، خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ياكى ئەنئەنىۋى ئىدىيىسى ئىچىدىن ئۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب چىقمايتتى.

كۆڭزىچىلىق ئەزەلدىن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشىدىكى ئاساسىي قورالى بولۇپ كەلگەچكە، بۇددىزمنى چۆكۈردىغان ھەر قانداق خان، پادىشاھ سەلتەنەت سۈرۈشتە كۆڭزىچىلىقتا ئەمەل قىلماسا زادى بولمايتتى. ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن، تەشرىپدارلىقتىن كېلىپ چىققان ھەر قانداق سېتىۋالدى مەنسەپدارلارنىڭ تەگىدىن تولىسى كۆڭزىچىلار مۇرىدلىرىدىن ئىدى. شۇڭا، ئۇلار

كۆڭزىچىلىقنى مەنسەپ تۇتۇپ دەۋران سۈرۈشنىڭ يولى قىلىشىۋالغانىدى. دېمەك، كۆڭزىچىلىق ئەزەلدىن كىشىلەرنىڭ خۇي - پەيلىنى باشقۇرىدىغان ھەرىكەت مىزانى بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ كىشىلەرنىڭ شۇر پېشانىلىك تەقدىرىگە بولغان شۇبھىلىرىگە جاۋاب بېرەلمەيتتى ۋە جاۋاب بېرەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تەرىقەتچىلىك گەرچە: «ئەخلاق - ئەردەم بۇزۇلغاندا، رەھىمدىللىك سىنىلىدۇ؛ رەزىللىك ئەۋج ئالغاندا پازىللىق باش كۆتۈرىدۇ؛ دىيانەت سۇسلاشقاندا، ساداقەتمەنلىك بىلىنىدۇ؛ يېغى - غەلىياندا مەردۇ - پەردانلار سىنىلىدۇ» دېگەن قۇرۇق گەپنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، ئەمما، ئۇ كىشىلەرنى جىن - شاياتۇنلار بىلەن قورقۇتۇشاتتى. شۇڭا، تەرىقەتچىلىك ئەقىدىلىرى كىشىلەرنىڭ ئۇ ئالەم ئۈچۈن قىلىشىدىغان دۇئا - تىلاۋەتلىرىدىلا ئەسقاتاتتى. جىن - شەيتانغا ئىشەنمەيدىغان ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىلا شىپى كەلتۈرىدىغان كۆڭزىچىلىق ئەقىدىلىرى ئالدىدا، تەرىقەتچىلىك چېنىپ قالاتتى. دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە، ئېلىپ كەلگەن بۇددا دىنى خىلمۇ خىل كىشىلەرگە ئورتاق بولغان بىر چىقىش يولىنى ئېلىپ كەلدى. بۇددا دىنى «روھ ئۆلمەيدۇ» دېگەن تەلىمات بىلەن «ۋېپاكا - خېتۇ» (سەۋەب - نەتىجە) تەلىماتىنى تەرغىپ قىلاتتى؛ بۇددا دىنى يەنە ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ھايات چېغىدىكى ياخشى - يامانلىقىغا يارىشا يا جەننەتكە كىرىپ، ھۆر - غىلمانلار ئارىسىدا ئەبەدىلئەبەد بەختلىك ياشايدۇ، يا دوزاخقا كىرىپ، تاكى گۇناھى ساقىت بولغانغا قەدەر كۆيىدۇ، دېگەننى تەرغىپ قىلاتتى. بۇددىزىمدا يەنە مول ئىدىئالىستىك پەلسەپەمۇ بار ئىدى. بولۇپمۇ بۇددا دىنىدىكى «ۋېپاكا - خېتۇ» ( سەۋەب - نەتىجە) تەلىماتى ھەر خىل چىگىش مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتىكى ئاچقۇچ ئىدى. دېمەك، ئىگىلىك ئۇمۇمىيۈزلۈك ۋەيران بولغان مەزگىلدە جاپاكەشلەرنىڭ ماددىي جەھەتتە يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلۇشقا ئۈمىد يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار، جاپا - مۇشەققەتتىن روھىي جەھەتتە قۇتۇلۇشنى ماددىي جەھەتتە قۇتۇلۇشنىڭ ئورنىغا قويۇش يولىنى ئىزدىدى.

بۇددا دىنىنىڭ بىر يۈرۈش ئەقىدىلىرى ئۇلارغا روھىي جەھەتتە دەل جايىدا تەسەللى بەردى.

(6)

خەن سۇلالىسى مەزگىلىدىلا دۆلىتىمىزنىڭ قاشتوۋۇق دېگەن يېرىنىڭ غەربىدىكى غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان كەڭ بىپايان زېمىندا غەربىي يۇرت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 2000 يىللىق ئۇزاق جەرياندا، بۇ رايون بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇرۇلغان ھەر قايسى سۇلالىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرى كۈنسايىن كۈچىيىپ كەلدى. غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدىن باشلاپ كەڭ كۆلەمدە روناق تاپقان، جاھانغا مەشھۇر يىپەك يولى دۆلىتىمىز بىلەن تۈركىستان، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شۇنىڭدەك مېسوپوتامىيىدىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ دوستانە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ كەلدى. ئەينى مەزگىللەردە، شىمالدىكى موڭغۇل دالاسى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىدىكى ۋە جەنۇبىدىكى رايونلار شەرقىي، غەربىي تۈركلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ كەلدى. بۇ جايلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىغا تەۋە بولغان بولسىمۇ، ئەمما، بۇنداق ۋاقىت ئۇزاققا سوزۇلمىدى. سۇي سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، شەرقىي، غەربىي تۈركلەر تەپرىقە بولۇۋېلىشتى. شۇنداق قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىشتەك تارىخىي ۋەزىپە لى فامىلىلىكلەر سۇلالىسى - تاڭ سۇلالىسىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

تاڭ تەيزۇڭ - لى شىمىنىڭ جېنگۇەن 6 - يىلى، يەنى مىلادى 632 - يىلى، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدىقۇتى (خانى) چۇرۋېنتاي غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇ خاقانى بىلەن بىرلىشىپ، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شەرقىدىكى ئېۋىرغولغا ھۇجۇم قىلدى ۋە تاۋغاچ ئېلى - تاڭ سۇلالىسىدىن غەربىي يۇرتقا ئۆتىدىغان بۇ مۇھىم ئېغىزنى تامال



www.uyghurkitap.com

قىلىنىۋالدى. ئارقىدىنلا تاۋغاچقا بېقىنغان كېنگىتكە ھۇجۇم قىلىپ، كېنگىت تەۋەسىدىكى بەش شەھەرنى بېسىۋالدى ۋە كېنگىت دۆلىتىنىڭ 1500 ئادىمىنى تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كەتتى. تاۋغاچقا توشۇلىدىغان سودا ماللىرىنى تارتىۋېلىپ، ئەلچى - يالۋاچلارنى ئۆتكۈزمەي قويدى. تاۋغاچ خانى تاڭ تەيزۇڭ تاۋغاچتىن غەربىي يۇرتقا ئۆتىدىغان يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مىلادى 639 - يىلى (توڭگۇز يىلى)، يەنى تاڭ تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 13 - يىلى، مەنسەپ - تۇتۇق پىرقىسىنىڭ دىۋان بېگى خۇجۇنجيېنى يارغول قوشۇنلىرىنىڭ باش بۇغى قىلىپ تەيىنلەپ، شۇەنبىي، شۆگۇۋېر، نيۇجىندا، جياڭ شىڭبىن قاتارلىق سانغۇنلارنى ھەمدەم قىلىپ زور قوشۇن بىلەن ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.

ئىدىقۇت چۇرۋېنتاي قاغانبۇت شەھىرىدە تۇرۇشلۇق غەربىي تۇرك قوشۇنلىرىنىڭ تۇتۇق شادى بىلەن تۈزگەن كېلىشىم بويىچە، تەڭرىتاغلىرىنى تىرەك قىلىپ تۇرۇپ، تاڭ قوشۇنلىرىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. تاڭ قوشۇنلىرى ئېۋىرغولدىن ئىككى تارامغا بۆلۈنۈپ ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىگە قاراپ ھۇجۇم قىلدى. جياڭ شىڭبىن باشچىلىقىدىكى بىر تارام قوشۇن تەڭرىتاغلىرى ئارقىلىق ئالغا ئىلگىرىلىدى؛ يەنە بىر بۆلۈك قوشۇن زىنچۇەن ئارقىلىق تەڭرىتاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قاغانبۇت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى.

غەربىي تۈركلەرنىڭ تۇتۇق شادى تۇنيۇقۇق ئۇرۇش قىلمايلا مەغلۇپ بولۇپ تىكىۋەتتى. تۈرك يابغۇلۇقى تاۋغاچقا تەسلىم بولدى. ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى غەربىي تۈركلەرنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقتىن، نائىلاج، تاڭ قوشۇنلىرى بىلەن يالغۇز ئۇرۇش قىلدى. تاڭ قوشۇنلىرىنىڭ تات يولى ئارقىلىق ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىگە بېسىپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىقۇت چۇرۋېنتاي ھەسرەت چېكىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى چۇرچىشان ئىدىقۇت بولدى. تاڭ قوشۇنلىرى لۈكچۈن شەھىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئىدىقۇت شەھىرىگە تەھدىت سالدى. مىلادى 640 - يىلى (جېنگۇەننىڭ 14 - يىلى) ئەقرەب ئېيىنىڭ

8 - كۈنى ئىدىقۇت چۇرچىشان شەھەرنى ئېچىپ تاڭ قوشۇنلىرىغا تەسلىم بولدى. 10 ئەۋلاد خان 139 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتى شۇنىڭ بىلەن مۇنقەرز بولدى.

تاڭ سۇلالىسى مىلادى 640 - يىلى تۇرپان (قوچو) بېشبالىق ئەنشى قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى قۇردى. تاڭ تەيزۇڭ مەملىكەت ئىچىدە ھوقۇق مەركەزگە يىغىلغان مەركىزىي ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىپ، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش، سىرتتا تۈركلەرنىڭ ئېغۋاگەرچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇپ، يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك بۈيۈك ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇددىزمدىن پايدىلاندى.

(7)

بۇددا دىنىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەڭ تارقىلىشىدا غەربىي يۇرتلۇق ئۈچ چوڭ تەرجىمان راھىب كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى.

كۇچالىق بۇددۇچىڭ (佛图澄) نەچچە مىليون خەتلىك بۇددا نوملىرىنى يادقا بىلىپلا قالماستىن، بەلكى مەنىسىنىمۇ مۇكەممەل چۈشىنىدىغان تالانتلىق بۇددىست تەرجىمانى ئىدى. ئۇ مىلادى 310 - يىلى (غەربىي جىن - سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى) دىن تارقىتىش ئۈچۈن غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەندە دەل چوڭ يىغىلىققا دۇچ كەلدى، بۇ ھال بۇددىزمنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كەڭ تارقىلىشى ئۈچۈن راۋان يول ئېچىپ بەردى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئەھلى ئىلىملەر ئارىسىدا ئۆزىنى جىن ئالۋاستىلاردىن يىراق تۇتىدىغان كۇڭزىچىلار بار ئىدى. ئۇلاردىن باشقا يەنە ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلگەن، جىن - ئالۋاستىلارغا ئىشەنمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان شاللاق ئىلمىي ھېكمەتچىلەرمۇ بار ئىدى. ئىلمىي ھېكمەتچىلەر بۇددىزمنىڭ بەزى پەلسەپە قائىدىلىرىنى ۋائىزچىلىقىنىڭ قوشۇمچىسى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرى بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلمايتتى. شۇ چاغدا بۇددا دىنى ئىلمىي ھېكمەتچىلەرگە بېقىندى بولماي تۇرۇپ مۇستەقىل تەرەققىي قىلالىشى تەس ئىدى. 16 پادىشاھلىق

دەۋرىدە كۆڭزىچىلىق ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، سىرتتىن كەلگەن دىنغا قارشى تۇرۇش كۈچىنى يوقىتىپ قويىدى. ئىلمىي ھېكمەتچىلىك تەلىماتى يۇقىرى دەرىجىلىك ئېسىلزادىلەر بىلەن بىللە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەلدى، بۇنداق ئەھۋال بۇددا دىنىغا مۇستەقىل تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىنى بەردى، بۇددا دىنى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئومۇمىيۈزلۈك بەيئەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىگە تايانغانىدى. بۇددۇچىڭگا بولسا سېھرى - جادۇنىڭ پىركاملى ئىدى. ئۇ: مەن 400 يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆردۈم، دەيتتى. ئۇ، «مەن جىن - ئالۋاستىلارنى بىرلا سۈف قىلىش بىلەنلا ئىشقا سالالايمەن، ئالقىنىمغا ئازراق دورا سۈركىۋالسام مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئىشلاردىن خەۋەر تاپالايمەن، قوڭغۇراق ئاۋازىغا قاراپ ياخشىلىق - يامانلىقتىن بېشارەت بېرەلەيمەن» دەيتتى. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بۇددۇچىڭگا ئىنتايىن زېرەك، زور ئالدامچى ئىدى، كېيىنكى جاۋ پادىشاھلىقىنىڭ شىلا، شىخۇ قاتارلىق ئىككى ياۋۇز پادىشاھى بۇددۇچىڭگاغا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، شۇڭلاشقا، ئۇلار بۇددا دىنىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغانىدى، بىمەنە قىسمەتچىلىك بىلەن ئاجايىپ - غارايىپچىلىق، بولۇپمۇ سېھىر - جادۇ كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۇرۇپ، رام قىلىدىغان ئالدىنقى شەرت ئىدى، بۇددىزىممۇ باشقا دىنلارغا ئوخشاشلا نادان كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھامان خىلمۇ خىل ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىنى ئىشقا سالاتتى، بۇنداق ئالدامچىلىق ۋاستىلىرى كۆركەم «مۇقەددەس تونلار» بىلەن نىقابلانغان بولۇپ، ئۇ «سېھىر - جادۇ» ياكى «ئىسمى ئەزەم» دەپ ئاتىلاتتى.

دىن يالغۇز سېھىر - جادۇغا تايانغاندا بىلىمدانلارنى ئۆزىگە ئەسىر قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە! شۇڭا، ئۇ كىشىلەرنىڭ بىلىم جەھەتتىكى تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم پەلسەپە ئارقىلىق دىنىي ئەقىدىلەرنى تەرغىپ قىلىشى لازىم. بۇددا پەلسەپىسى ناھايىتى مول، ناھايىتى چوڭقۇر، دائىرىسى كەڭ، نۇرغۇن مەزھەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەلسەپە بولۇپ،

ئۇنىڭدا ئىدىئالىزمدا بولۇشقا تېگىشلىك ھەر خىل ئامىللارنىڭ (يوللارنىڭ) ھەممىسى دېگۈدەك بار ئىدى. بۇ دىن، بىلىمنىڭ سوقماق يوللىرىدا قايمۇقۇپ يۈرگەنلەرنى يېتەكلەپ مېڭىشقا قادىر ئىدى. بۇ كىشىلەر بۇددا دىنىنى تەتقىق قىلغانسېرى چوڭقۇرلاپ كىرىپ، تەكتى ئەسرا ئىچىدە ئۆزلىرىنى ناھايىتى بەختلىك ھېسابلاپ ئۆتۈشەتتى. بۇددا دىنى دەل مانا شۇنداق كىشىلەرگە تايىنىش ئارقىلىقلا كەڭ تارقىلالىدى؛ بۇددا دىنى ئۆزىنىڭ سېھىر - جادۇسىغا تايىنىپ نادان كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا قىلغان دىنىي ئېتىقادقا تايىنىپ مۇستەھكەملىنەلىدى. بۇددۇچىگا شىخۇغا ئوخشاش مۇشۇنداق نادان كىشىلەرگە مەخسۇس سېھىر - جادۇنى ئىشلەتكەن بولسا، بىلىملىك دەپ ئاتالغان كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىنى قوبۇل قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە زور بىر تۈركۈم ئاتاقلىق تەرجىمان - راھىبلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شاكراتاۋان ئەڭ تالانتلىقى ئىدى، سېھرى - جادۇ بىلەن پەلسەپە بۇددا دىنىنىڭ ئىككى چاقى بولۇپ، بىرى كەم بولسا بولمايتتى. بۇددۇچىگا بۇ ئىككى چاقتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىقتىن، بۇددا دىنىنىڭ ئېلىمىزگە تارقىلىشىدا مۇھىم شەخسكە ئايلاندى.

شاكراتاۋان ( 释道安 ) ـ قاراشەھەرلىك بولۇپ، ئېسىلزادىلەر جەمەتىدىن كېلىپ چىققان، 12 يېشىدا راھىب بولغانىدى. شاكراتاۋان بىلىم ئىزدەپ يىچىڭ شەھىرىگە بارغاندا، بۇددۇچىگانىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ، چوڭ شاگىرتلىققا كۆتۈرۈلگەنىدى. شاكراتاۋان بۇددا دىنىنى ئىلمىي ھېكمەتچىلىككە مەقبۇل بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، مۇستەقىل تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان تەشەببۇسكار ئىدى. شەرقىي جىن سۇلالىسى زامانىسىدا ئۆتكەن شى ساۋچى: «شاكراتاۋان ئادەملەرنى ئېزىقتۇرمايدۇ» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن، ئۇنىڭ مەخسۇس بۇددۇچىگانىڭ پەلسەپىسىنى تارقاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شاكراتاۋان شىمالىي جۇڭگودا دىن تارقىتىش ئىشى بىلەن كۆپ يىل مەشغۇل بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بىر نەچچە يۈزگە يەتكەنىدى. 315 - يىلى، شاكراتاۋان شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىدا دىن تارقىتىش

ئۈچۈن، مۇرىتلىرىنى باشلاپ، شىنىي دېگەن جايغا كەلگەندە، بىر تۈركۈم مۇرىتلىرىنى ياڭجۇ قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ، ئۆزى شياڭياڭغا كېلىدۇ. ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى فۇجيەن شياڭياڭغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان چاغدا، شاكراتاۋان ئۆز مۇرىتلىرىنى دىن تارقىتىش ئۈچۈن جاي - جايلارغا تارقىتىۋېتىدۇ. فۇجيەن شياڭياڭنى بېسىۋالغاندا، شاكراتاۋان چاڭئەنگە كېلىپ فۇجيەننىڭ زور ئىززەت - ئىكرامىغا نائىل بولىدۇ. شاكراتاۋان ئۆمۈربويى بۇددا پەلسەپىسىنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللاندى، شۇندىن باشلاپ بۇددا دىنى ئىدىيە ساھەسىدە پۈتۈن جۇڭگوغا تارقالدى. بۇددىزۇچىلا كىشىلەر قەلبىنى ئاساسەن سېھىر - جادۇ ئارقىلىق رام قىلغان بولسا، شاكراتاۋان كىشىلەر قەلبىنى ئاساسەن پەلسەپە ئارقىلىق مەپتۇن قىلدى، بۇددا دىنىدىكى ئىككى چاقنىڭ بىرى بولغان پەلسەپە شاكراتاۋاننىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە كۈچلۈك بىر چاقا ئايلانغاندى.

كومىراجىۋا ( 鸠摩罗什 ) - غەربىي يۇرتتىكى كۇسەن (كۇچا) دە تۇغۇلغان، ئۇ بالا ۋاقتىدىلا ھىنايانا تەلىماتى (ئاساسەن مەۋجۇتلۇق تەلىماتى) نى پىششىق ئۆگەنگەن، كېيىن يەنە ماھايانا تەلىماتىنى پىششىق ئىگىلىگەندى، ئۇنىڭ نامى غەربىي يۇرتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەندى. شاكراتاۋان ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، فۇجيەننى كومىراجىۋانى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تەكلىپ قىلىشقا دالالەت قىلدى. فۇجيەننىڭ ئەسلىدە غەربىي يۇرتقا قوشۇن ئەۋەتىپ، بۇ يەرنى بويسۇندۇرۇش نىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ چوڭ سانغۇن لۈي گۇاڭنىڭ باشچىلىقىدا 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ، غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى ئەللەرگە ھۇجۇم قىلىپ، كومىراجىۋانى ناھايىتى ئاسانلا قولغا چۈشۈرۈۋالدى. ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، لۈي گۇاڭ لياڭجۇنى ئىگىلىدى، كومىرا جىۋا لياڭجۇدا ئون نەچچە يىل بىكار تۇردى. ئۇ شۇ چاغدا، خەنزۇ تىلىنى مۇكەممەل ئۆگىنىۋالدى. ياۋشىڭ كېيىنكى لياڭ پادىشاھلىقىنى يوقاتقاندا، كومىراجىۋا چاڭئەنگە كەلدى. فۇجيەن زامانىسىدا چاڭئەنگە شاكراتاۋان قاتارلىق نۇرغۇن ئاتاقلىق راھىبلار توپلانغاندى. چاڭئەن دىن تارقىتىدىغان، بۇددا نوملىرى تەرجىمە قىلىنىدىغان مەركەزگە

ئايلانغانىدى. ياۋشىڭنىڭ ۋاقتىدا بۇددا دىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدى، كومىراجىۋانىڭ كېلىشى راھىبلارنى يولباشچىغا ئىگە قىلدى. بۇددىزم 16 پادىشاھلىق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

كومىراجىۋانىڭ ئاساسلىق ئىشى بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە تەھقىقلەش بولدى. ئىلگىرى غەربىي يۇرت راھىبلىرى تەرجىمە قىلغان بۇددا نوملىرى خەنزۇ تىلىغا راۋان چۈشىنىگەنلىكى ئۈچۈن، جۈملىلەر تۇتۇق، چۈشىنىكسىز ئىدى. كومىراجىۋا تەرجىمە قىلغاندا، ئىلگىرىكىدەك خەتمۇ خەت تەرجىمە قىلىشنى مەنەن تەرجىمە قىلىشقا ئۆزگەرتىپ، ئەپسۇن جۈملىلىرىنى خەنزۇ تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، مەزمۇنى ۋە قائىدىلىرىنى سانسېكرىت تىلىدىكى ئەسلى نۇسخىسى بويىچە تەرجىمە قىلدى. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا، «ئەگەر تەرجىمەمدە ئاساسىي مەزمۇن يوقاپ كەتمىگەن بولسا، ئۆلگىنىمدىن كېيىن تېنىم كۆيدۈرۈلسىمۇ، تىلىم ساق قالىدۇ» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. كومىراجىۋا چاڭئەندىكى ۋاقتىدا، 60 مىڭ جىلدتىن ئارتۇق نوم تەرجىمە قىلدى. «جىننامە. خاتىرىلەر» دە: «بۈگۈنكى كۈندىكى يېڭى نوملارنىڭ ھەممىسى كومىراجىۋا تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان» دېيىلگەن. يېڭىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددانوملىرىنىڭ جۈملىلىرى نەپىس، مەنىسى توغرا بولغانلىقتىن، ئەھلىي ئىلىملەر ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ، تەسىرى بارغانسېرى كېڭەيدى.

كۇچالىق بۇددۇچىلارنىڭ سېھىر - جادۇسى، قاراشەھەرلىك شاكىراتاۋاننىڭ دىن تارقىتىشى، كۇچالىق كومىراجىۋانىڭ بۇددانوملىرىنى تەرجىمە قىلىشى قوشۇلۇپ، بۇددا دىنىنىڭ زور تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ بەردى. غەربىي يۇرت بۇددىزم مەدەنىيىتى بىر تەرەپتىن، كومىراجىۋانىڭ تەرجىمىسى، بۇددۇچىلارنىڭ سېھىر - جادۇسى ۋە شاكىراتاۋاننىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرىگە تايىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بىر - بىرى بىلەن قارىمۇ - قارشى بولغان ئۈچ خىل ئەنئەنىۋى پەلسەپە سىستېمىسى - كۇڭزىچىلىق، تەرىقەتچىلىك ۋە ئىلمىي ھېكمەتچىلىك سىستېمىسىغا سىڭىپ كىرىپ، ھۆكۈمرانلارمۇ قوبۇل قىلالايدىغان، خەلقىمۇ ئالدىغىلى بولىدىغان بىرلىككە كەلگەن پەلسەپە

ئەدىيە سىستېمىسى ـ جۇڭگو كلاسسىك پەلسەپە ئەدىيە سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە سەۋەبچى بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ پارلاق قاراخانىلار مەدەنىيىتى ئۇچۇن مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئالەمشۇمۇل ئىككى ئەسەر ـ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەيدانغا كېلىشىگە مەنىۋى جەھەتتە تەييارلىق قىلىپ بەردى.

دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولى شەرق بىلەن غەربنىڭ ئۆز ئارا ئېچىۋېتىلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. يولنى ئادەم مېڭىپ پەيدا قىلىدۇ. قەدىمكى زاماندا غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئۆز ئارا ئېچىۋېتىشىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان غەربىي يۇرت ئۇيغۇرلىرى شەرقلىكلەر بىلەن غەربلىكلەر ئوتتۇرىسىدا رىشتە باغلاش رولىنى ئوينىدى.

(8)

دۆلىتىمىز تارىخىدا XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە ئۇدا 134 يىل داۋاملاشقان مەشھۇر «كاڭشى، يوڭجېڭ، چەنلوڭ دەۋرانى» دىكى مەمۇرچىلىقنى بارلىققا كەلتۈرگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى، يوڭجېڭ ۋە چەنلوڭ پادىشاھلىرى «ئالتاي، ئۇرقۇن تۈزك، موڭغۇل دۆلەتلىرىنىڭ شانلىق مەدەنىيەت ئۇستازلىرى»① دەپ تەرىپلەنگەن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ شاراپىتىدە ئوقۇپ خەت ساۋاتلىق بولغانىدى؛ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بويسۇندۇرغان ئەمما، ئۆزىنىڭ شانلىق مۇھاربىيە ئۇتۇقلىرى بىلەن تاھازىرغىچە پۈتۈن دۇنيا تارىخچىلىرىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇپ كېلىۋاتقان يۈەن تەيزۇ ـ چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئەتىۋارلانغان، موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقىنىڭ دۆلەت ئەدەبىي تىلى

① بۇ ھەقتە مەشھۇر فرانسۇز شەرقشۇناسى رېنى گىبرۇسس (ReneGrou tess 1885 — 1954) نىڭ تۆت توملۇق ئەسىرى «شەرق مەدەنىيىتى» گە قارالسۇن.

دەپ ئاتالغان، «قۇتادغۇ بىلىك»، «دۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، «ئوغۇزنامە» ۋە باشقا نادىر ئەسەرلەرنى ئۆزىگە شانلىق سىمۋول قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلغانىدى؛ تارىختا چاپى ۋە مىخ مەتبەئە ھۈنىرىنى ئەڭ بالدۇر قوللىنىپ، دەستە - دەستە نوم - بىتىكلەرنى بېسىپ، جۇڭگونىڭ مەتبەچىلىك تېخنىكىسىنى غەربكە تارقاتقانلار ئۇيغۇرلار ئىدى؛ قىيا تاشلارغا، تاشكېمىرلارنىڭ تام - تورۇسلىرىغا رەڭگا - رەڭ، گۈزەل، يارقىن سىزمىلارنى سىزىپ، شانلىق مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى بەرپا قىلغانلار، سان - ساناقسىز شۇەنزاڭ، سۋېن ھىدىن، ستەيىنلەرنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئۆمۈر بويى ئىلىم - تەھسىل قىلىشلىرى ئۈچۈن بىقىياس مەدەنىيەت خەزىنىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەنلەر ئۇيغۇرلار ئىدى؛ قەدىمكى زاماندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى چاڭئەن، لوياڭ، كەيفېڭ ۋە باشقا جايلاردا كىشىلەرگە نوم - بىتىكلەردىن ساۋاق بەرگەنلەر، بۇددا دىنىدىكى «مېھرىبانلىق»، «شاپائەت»، «ساۋاب»، «ئاقكۆڭۈللۈك»، «ئەخلاق - ئەردەم» ۋە «كۆللى ئىنسان باب باراۋەر» دەيدىغان كىشىلىك ئەخلاق قارىشىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك جەمئىيىتىگە ئېلىپ كىرگەنلەر، «ئادەم جېنىنى ئوت - خەس دەپ بىلىدىغان» قانخور مۇستەبىتلىككە بەرھەم بېرىشنى تەكىتلەپ، كىشىلەرنى ساۋاب تېپىشقا، ئىنساب - دىيانەتكە باشلاشتا ئىنتايىن چوڭ ئوبيېكتىپ رول ئوينىغانلارمۇ ئۇيغۇرلار ئىدى! دېمەك، تارىخنىڭ كىشىلەرنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى - ئۇنىڭ ئەڭ شانلىق يېرىدۇر!

يۇقىرىقىلاردىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئەگەر قەدىمكى غەربىي يۇرت بۇددىزم مەدەنىيىتى بولمىغان بولسا، ئەگەر قەدىمكى غەربىي يۇرت تەرجىمان، تەھرىرلىرى بولمىغان بولسا، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەرىپەت ئويغىنىشى بولمىغان بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەربىي يۇرت بۇددىزم مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرمىگەن بولسا، بىر پۈتۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پەلسەپە، ئىدىيە سىستېمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشمىگەن بولاتتى.

(ئاپتورى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى)

www.uyghurkitap.com

# «بۆغانيولى دۆلىتى» ۋە بۆگۆنكى توقسۇن

## سەدۇللا تاھىرى

تارىخىي مەنبەلەردە بۆغانيولى دۆلىتى توغرىسىدا «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «... خەن يۈەندى ۋاقتىدا ھونلارنىڭ سول قول بىلىكخانى 1700 دىن ئارتۇق ئادىمى بىلەن قورۇقچىبەگكە ئەل بولدى. قورۇقچىبەگ ئاندىن قاڭقىل كېيىنكى دۆلىتىنى غەربتىكى ‹بۆغانيولى›، دېگەن جايغا ئورۇنلاشتۇردى...» بۇنىڭدىن خەن دەۋرىدىكى «بۆغانيولى» دۆلىتىنى ئەسلىدە ھونلار قۇرغانلىقىنى ۋە بۇ دۆلەتنىڭ ھونلاردىن تەركىب تاپقانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

«تارىخنامە» دېگەن كىتابتا بۆغانيولىنىڭ ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، «تۇرپانغا 70 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى بۆغان دەل ئاشۇ دۆلەتنىڭ نامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنداقلا «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا: «بۆغان ئەنجاننىڭ ( «ئەنجان» دېگەن جاي تۇرپاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى يەمشىگە بەش چاقىرىم كېلىدىغان جايدا) غەربىي جەنۇبىغا 30 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بىر شەھەر بار. ئايلانمىسى ئىككى چاقىرىمدىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. تاغنىڭ شىمالى تەرىپىدە بۇلاق بولۇپ، ‹قۇۋۇرغا›، دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ قۇم ئىچىدە چوڭ كۆل پەيدا قىلغان» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يۆنىلىش توغرا كۆرسىتىلمىگەن. شۇڭلاشقا، «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن كىتابتا: «تۇرپاننىڭ غەربىگە 70 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا سىتەيىننىڭ خەرىتىسىدىكى ‹بۆغانتۇر›، دېگەن نام بىلەن ئوخشاش، لېكىن ئۇنىڭ ئورنى ئەنجاننىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئەمەس، غەربىي شىمالىدا» دەپ ئالاھىدە تۈزىتىلىپ ئىزاھلانغان.

www.uyghurkitap.com

«قوچۇ (ئىدىقۇت) تەزكىرىسى. قوشۇمچە بايان» دېگەن كىتابنىڭ 23 ـ بېتىدە: «شۇەنزاڭ ① قاراشەھەرگە بارغاندا توقسۇنغا ‹بۇغانتۇر› دىن ئۆتۈپ بارغان بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا شۈبھە يوق. ‹غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى› دە يېزىلغاندەك شەھەرنىڭ چوڭلۇقى، ئايلانمىسى ئىككى چاقىرىم ئەتراپىدا ئىكەنلىكى توغرا» دەپ ئىزاھ بەرگەن.

بىز يۇقىرىقى مەنبەلەرنىڭ ئۆزىدىنلا تارىخىي دەۋردە «بۇغان» دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بۇ دۆلەتنى هونلار قۇرغانلىقىنى جەزم قىلالايمىز. ئۇنداق بولسا، «بۇغانيولى» دۆلىتىنىڭ ئورنى زادى قەيەردە، بۇ يەر بۈگۈنكى توقسۇننىڭ قايسى تەرەپلىرىگە جايلاشقان؟ «بۇغانيولى» دۆلىتىنىڭ بۈگۈنكى توقسۇن بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى ۋە تارىخىي ئورتاقلىقلىرى بار؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىلمىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ۋە ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىزگە مەلۇم، قەدىمكى زاماندا توقسۇن «ئايدىڭكۆل» (بۇ كۆلنىڭ يۈزى كەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن تارىختا شۇنداق نام بىلەن ئاتالغان) دەپ ئاتالغان چوڭ كۆلنىڭ غەربىي ساھىلىغا جايلاشقان. بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن ئاران بىر مېتىر ئېگىز بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 17 مىڭ 342 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئايدىڭكۆلنىڭ مەركىزىگىچە بولغان جايلار ئاساسەن قۇملۇق، شورلۇق، سازلىق ۋە قويۇق جاڭگاللىقلار بىلەن قاپلانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جايدا يىرتقۇچ هايۋانلار ناهايىتى كۆپ بولغاچقا، قەدىمكى توقسۇننىڭ خالىغان جايىدىن يول ئېچىپ يۈرۈشكە ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا قەدىمكى كارۋان يوللىرى توقسۇننىڭ چەت ياقىلىرىنى بويلاپ ئۆتۈپ كەتكەن ھەمدە بەزى خانلىقلارمۇ ئەنە شۇ سەۋەبلىك چەت ـ ياقىلارغا ماكانلاشقان. بۇنىڭدا قىلچە شۈبھە يوق.

توقسۇن ـ تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا توغرا كېلىدىغان جايدا قەدىمقى «كرورەن» ② خانلىقى بولغان. بۇ خانلىق ئەينى چاغدا يىپەك يوللىرى ئۆز ئارا تۇتىشىدىغان مۇھىم تۈگۈن ئۈستىدە بولغاچقا، بۇ يەر سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە خېلىلا يۈكسەلگەن. چاڭئەن (بۈگۈنكى شىئەن) پېرسىيە، توخار، هون، ھىندى ۋە سۈرىيە

قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەلچى، سودىگەرلىرى، سەيياھ راھىبلىرى بۇ يەرگە ئۇزۇلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇرغان.

مانا شۇ ئەللەرنىڭ ئىچىدىكى پىرسىيە (ئىران)، ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى مۇشۇ خانلىققا كېلىشى ئۈچۈن ئىلى ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئارغۇغۇلنى (قىرچىــــن غول) بويلاپ ئېۋىرغول دۆلىتىگە يېتىپ كېلىپ، ئاندىن تۇرپان - توقسۇن ۋادىسىغا چىقاتتى. يەنە ئېۋىرغول خانلىقى ئارقىلىق توقسۇننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۇستۇنغول تاغلىرى، كۆكنەك تاغلىرى ۋە ئارغىبۇلاق تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى بويلاپ ھازىرقى قاغىچاق (غانجىراق) كەنتىگە كېلىپ، بۇ يەردىكى قەدىمىي يول بىلەن جەنۇبقا يۈزلىنىپ، كرورەنگە يېتىپ باراتتى (قەدىمقى يولنىڭ ئىزناسى ھېلىمۇ ساقلىنىپ قالغان). يولنىڭ يەنە بىر بۆلىكى بولسا ئېۋىرغولدىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى بۇرجاي، كۆجەي (كۆجەي)، پارچە ساغال، بۇغانتۇر ئارقىلىق «بۇغانيولـــى» (بۇغان) دۆلىتىگە يېتىپ تۇتىشاتتى. ئۇ يەردىن شەرقىي شىــــمالغا بۇرۇلۇپ، يەمشىننىڭ شىمالىي قىسمى سىدىخان تاغلىرىنىڭ غەربى بىلەن «يارقۇت» (ئېگىز ھارۋىلىقلار) خانلىقىغا تۇتىشاتتى.

دېمەك، ئۇ چاغدىكى «بۇغانيولى» دۆلىتىنىڭ چەت - ياقا بىر جايىدا بولۇشىمۇ تارىخىي جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدىن ھەرگىز ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەمدى بىز مەسىلىنىــڭ ئۆزىگە كەلسەك، توقسۇننىڭ غولبويى يېزىسى قارا بۇلاق كەنتىنىڭ شىمالىدىكى قەدىمقى يول ئۇستىدە تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلغىنىــدەك «بۇغانتۇر» ھازىرمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. تۇر ئاساسەن تۇپراقنى سوقۇش، خاڭداش ئۇسۇلى بىلەن ئىنشا قىلىنغان، تۇرنىڭ تۆت تەرىپىنىڭ ھەممىسى 19 مېتىردىن بولۇپ، ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر كېلىدۇ. تۇر ئۇستىنىڭ دىئامېتىرى توققۇز مېتىر ئەتراپىدە بولۇپ، ئۇستىدە ئوت يېقىپ ئىس چىقىرىپ بەلگە بېرىش ئورنى بار (قالدۇق كۆيۈندە ئىزلىرى ھازىرمۇ مەۋجۇت). تۇرنىڭ ئەتراپىغا تۆشۈكچە قويۇلغان. شۇ تۆشۈكچىلەردىن كىرگەن ھاۋا تۇرنىڭ مەركىزىدىكى تۆشۈكچىلەر ئارقىلىق يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ ئوتنى ياكى

ئىسنى ئۆلغايتىش رولىنى ئوينىغان.

تۇرغا ئىشلىتىلگەن كېسەكلەر ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 19 سانتىمېتىر، قېلىنلىق 12 سانتىمېتىر كېلىدۇ. مۇشۇ دىيارلاردا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىلى نەچچە مىڭ يىل بولغان بۇ تۇرنىڭ گەۋدىسى بىزگە «بۇغانيولى دۆلىتى» نىڭ يىقىنلا جايدا ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. بۇغانتۇردىن شەرققە قاراپ 32 چاقىرىم يۇرگەندە بىر خارابىلىققا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ خارابىلىق يۇقىرىقى تارىخي مەنبەلەردە يېزىلغىنىدەك قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت مەيدانى بولغان «بۇغان» بىلەن قوپۇرۇلغان. بۇ يەردە تۇرالغۇ ئۆيلەر، ئىسكىلات، ئاتخانا ۋە بىر مۇنچە ھەربىي گازارما شەكلىدىكى ئىزلار ساقلانغان. 1985 - يىلى شۇ ئەتراپتىن قىزىل رەڭلىك ساپانلارنىڭ سۇنۇقلىرى، قوم قازان سۇنۇقلىرى، چىنە - قاچا سۇنۇقلىرى، ئوقيا باشقى، مىستىن ئىشلەنگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە يارغۇنچاق تېشى، چويۇن، تۆمۈر پارچىلىرى، قاشتېشى بۇيۇم، ھەر خىل يۇڭ توقۇلمىلار ۋە يېقىنقى زامان مىس پۇللىرى قېزىۋېلىندى. قورۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن كېسەك ئۇزۇنلۇقى 32 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى يەتتە سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر، قورۇلۇش سامانلىق لاي بىلەن سۇۋۇلۇپ، ھاكلانغان. قەدىمقى كارۋان يولى بۇ خارابىلىقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەر «بۇغانيولى» دەپ قوشما ئىسىم بىلەن ئاتالغان. لېكىن توقسۇن خەلقى مانا مۇشۇ خارابىلىقتىن باشلاپ، توقسۇننىڭ جەنۇبى ئايدىڭكۆلگە بارغۇچە ولغان كەڭ زېمىننى ھازىرمۇ «بۇغان» دەپ ئاتاپ كەلگەن. ھەتتا شۇ ئەتراپتىكى ئاھالىلەر نۇقتىسىمۇ «بۇغان مەھەللىسى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئەمدى بۇ يەرگە ئېقىپ كەلگەن قوۋرىغا سۇيىگە كەلسەك، قەدىمقى زاماندا «قوۋرىغا» دەپ ئاتالغان ئۇ جاي ھازىرمۇ «قوۋرىغا» دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن «بۇغان» غا ئېقىپ كېلىدىغان سۇ مەنبىئى ئۈزۈلۈپ قالغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، قەدىمقى زاماندا ھازىرقى توقسۇن ئېقىنى بىر قېتىم ئۆز يولىنى ئۆزگەرتكەن. ئۇ پارچە ساغالنى كېسىپ تۆۋەنگە قاراپ پارچە



www.uyghurkitap.com

ساغالنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تۇز تاغلىرىدىن ھالقىپ بۇغانغا كېلىدىغان قۇۋرىغا سۇيىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئايدىڭكۆلگە قۇيۇلغان. شۇ سەۋەبلىك بۇغانغا كېلىدىغان سۇ مەنبەسى ئۈزۈلۈپ ئەتراپ بوستانلىق، ئوتلاقلار قاغجىراپ، تەدرىجىي قۇم - بوران يولىغا ئايلانغان. بۇ يەردىكى كىشىلەر تەبىئەتنىڭ مۇنداق زەربىسىگە تاقابىل تۇرالماي، ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاشقا، باشقا يېڭى بىر ماكان ئەھيا قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلار 15 چاقىرىم ئەتراپىدا تۆۋەنلەپ قەدىمكى توقسۇن ئېقىنى بويىغا ماكانلاشقان. بۇ جاي «ئۆيتەمە» (ئەسلى ئۆي تەمى) دەپ ئاتالغان.

1989 - يىلى شۇ ئەتراپتىن 40 - 50 مو يەردە قەدىمكى ئىنسانلار تۇرمۇشىغا ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزنالىرى بايقالدى ۋە بۇ يەردىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن كۆركەم رەڭلىك ئالاھىدە شەكىللىك ساپال كومزەكلەر تېپىلدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەرمۇ بوران يولىغا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن شىددەتلىك بوران زەربىسى خانلىقنى يەنە كۆچۈشكە ۋە مۇستەھكەم تۇرالغۇ ۋە شەھەر بىنا قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. نەتىجىدە، ئۇلار يەنىمۇ تۆۋەنلەپ، ھازىرقى «ھاسا» دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنى بىنا قىلغان. ئەسلى بۇ شەھەر «ھېسار» ③ بولۇپ، كېيىنچە تەلەپپۇز كەمتۈكلۈكى تۈپەيلى ھاسا بولۇپ ئاتالغان.

ھېسارنىڭ ھازىرقى ھالىتى مۇنداق: شەھەر ئىچكى - تاشقى سېپىلدىن تەركىب تاپقان، ئىچكى سېپىلنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 48 مېتىر، سېپىل تېمىنىڭ تەكتى كەڭلىكى ئۈچ مېتىر، ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، سېپىل ئۈستى كەڭلىكى 2.5 مېتىر، سېپىل ئۈستىنى ئايلاندۇرۇپ قالقان ۋە كۇنگۇر ياسالغان. سېپىل غەربىي شىمال بۇرجىكىدە تۇر (ئۈستى قىسمى سېپىلگىچە بوزۇۋېتىلگەن) بار. سېپىلنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي كىرىش ئىشىكى قىسمىلىرى ئاساسەن ۋەيران بولغان. قالغان قىسمىمۇ ئېغىر دەرىجىدە بوراننىڭ يالىشىغا ئۇچرىغان. سېپىل تېمىنىڭ يەردىن ئۈچ مېتىرچە كېلىدىغان جايىدا قاتار تۆشۈكچىلەر قويۇلغان بولۇپ، سىرتىنى كۆزىتىش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان. تاشقى سېپىل ئىچكى سېپىلدىن 150 مېتىر يىراق ئارىلىقتا، ئىچكى سېپىلنى ئايلاندۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

ئەھىيا قىلغان، ئۇ ئىچكى سېپىلنى قورشاپ تۇرىدۇ.

ھېسار سېپىلى خارابىلىقى ئاساسەن تۆرپان يەمشىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى قورغان «ئەنجان» دەپ ئاتالغان خارابىلىققا تامامەن ئوخشاش.

1988 - يىلى ھېسار خارابىلىقى ئىچىدىن قوغۇشۇندا ئىشلەنگەن بىر دانە پۇل قېزىۋېلىندى. سېپىلگە ئىشلەتكەن كېسەك شەكلى «بۇغانتۇر» دىكى كېسەك شەكلى بىلەن تامامەن ئوخشاش، كېسەك ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 12 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ھېسار ئەھيا قىلىنىپ، «بۇغان» دېگەن دۆلەت نامى ئەمەلدىن قالغان. چۈنكى بۇ ئەتراپ توقسۇن ئېقىنىنىڭ غەربىي قىسمىدا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە تەبىئىي كەڭ تال - توغراق ئورمانلىقى بولۇپ، ئىستراتېگىيە جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ چاغدا پىچان كرورەن، لوپنۇرمۇ بۇ يەرگە قارىغان. شۇڭا بۇ خانلىق «تاللىق دۆلىتى» دەپ ئاتالغان. كېيىنچە ئۇنىڭ جەنۇبىي قىسمى قەدىمكى سۇ يولىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن يەر سۈيى تارتىلىپ، يېڭى ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئېتىزلار، مال - چارۋا ياياليدىغان ئوتلاق تەبىئىي جاڭگاللىقلارغا ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن بارا - بارا بۇ يەردە جەنۇبقا قاراپ ئۆتۈشىدىغان يېڭى بىر يول ھاسىل بولغان. بۇ يول بۇرۇنقى توقسۇننى غەرب تەرەپتىن ئايلىنىپ ئۆتىدىغان ھالەتكە خاتىمە بەرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تۆرپان - يارقۇت خانلىقىغا ئۆتىدىغان ھەر قانداق كارۋان ھېسارغا كېلىپ بۇ يەردىن ئۇدۇللاپ يارقۇت تەرەپكە ئۆتۈشكە باشلىغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئالدىنقى مەنبەلەردە دەسلەپتە «بۇغان» ئورنىنى، كۆرسەتسە كېيىنكىسى ئۆيتەمە بىلەن ھېسارنى كۆرسەتكەن. دېمەك، ھەر ئىككىسىلا توغرا. پەقەت دەۋر خاراكتېرى ئېنىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن مۇجمەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. لېكىن ھازىرقى ھېسار يەنىلا ئەنە شۇ بۇغان دۆلىتىنى كۆرسىتىدۇ.

يەنە بىر قېتىملىق ئۆزگىرىش «مىلادى 480 - يىللاردا تۈرك قەۋملىرىنىڭ ‹قاڭقىللار› دەپ ئاتىلىدىغان بۆلىكى 100 مىڭ تۈتۈن

ئادىمى بىلەن قوچۇنىڭ غەربىگە كېلىپ دۆلەت قۇرغان» («بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»). تۇرپاننىڭ غەربى ئاساسەن توقسۇن ئويمانلىقى بولۇپ، تارىخىي مەنبەلەردە «تۇجۇ چىلىڭ» («تۈرك شەھرى») دەپ ئاتالغان بىر خارابىلىق بار. بۇ يەر ھازىرقى شاھ يېزىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا، ئومۇمىي كۆلىمى 850 مودىن كۆپرەك كېلىدۇ. توقسۇن خەلقى تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان بۇ يەرنى «شەھرى ئەزىم» («چوڭ شەھەر») دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇ شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبى تەرىپىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايىدا «بالىقتۇر» (قەدىمكى تۈركىي تىلىدا بالىق - شەھەر مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن) يەنى ھازىرقى ئىستېمالدا «با» فونېمىسى «بە» گە ئۆزگىرىپ «بەلىقتۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۇر بار.

. «شەھرى ئەزىم» سېپىل تېمى بىلەن ئورالغان بولۇپ، شەھەرنىڭ جەنۇب، شەرق ۋە غەرب قىسىملىرىدا كىرىش - چىقىش قوۋۇقلىرى بولغان، جەنۇبىي قوۋۇق تەرەپتە «چاچاڭخانە» (سىرتتىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدىغان، ئۆزىتىدىغان ھەمدە ئۇرۇشتا غەلىبە بىلەن قايتقان ئەسكىرىي، مۇلكى خادىملارنى تارتۇقلايدىغان مەخسۇس ئورۇن)، ئۇنىڭ يېنىدا «بوچىخانە» (ئوزۇق - تۈلۈك ئامبىرى)، شىمالىي قىسمىدا «زىندان» بار. بۇ زىندان ئاساسەن ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، يەتتە - سەككىز مېتىر كونۇس شەكلىدە ياسالغان. ئۇنىڭ قېلىنلىقى 2.5 مېتىر ئەتراپىدا، سىرتىدا پەلەمپەي تېگىدىن ئۈستىگىچە ئايلىنىپ بۇرما شەكلىدە ياسالغان، گۇناھكارلارنى ئاشۇ پەلەمپەي ئارقىلىق زىندان ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ، ئارغامچا بىلەن زىندانغا تاشلاپ جازالىغان. يەنە بىر خىلى، يەرنى ئويۇپ ياسىغان قۇدۇق شەكىللىك زىندان (ئۇنىڭغا تاشلانغان گۇناھكارلار سۇ ئىچىدە جازالانغان)، شەرق تەرەپتە ئىككى ئورۇندا «خوجەخمەت يەسۋى»④، «ئابدۇقادىر جىلانى» دەپ ئاتىلىدىغان گۈمبەزلىك مازار بار. ئابدۇقادىر جىلانى - غەۋسۇل ئەززەم مۇھىدىن ئەنسار ئەبۇ مۇھەممەد بىننى ئەبۇ سالىھ جەڭگى دوست جىلانى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مىلادى 1077 - يىلى ھازىرقى ئىرانغا قاراشلىق گىلان شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. مىلادى 1160 - يىلىغىچە ئابدۇقادىر جىلانى

(گىلانى) باشلىق بىر تەرىقەت گۇرۇھى شەكىللىنىپ، ئۇنىڭ باشچىلىقىدا قۇرئان ھەدىسلەردىن دەرس سۆزلەپ، دىن تارقىتىش ئىشلىرىنى داۋام ئەتكەن، ئۇلار ئۆز دائىرىسىدىن ھالقىپ تۇرپان، توقسۇن، گەنسۇ، شەنشىلەرگىچە يېتىپ بارغان. ئابدۇقادىر جىلانى 1166 - يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان. شۇ چاغدا توقسۇننىڭ ئاشۇ قەدىمكى شەھىرىدە يۇقىرىقى ئىككى زات نامىغا «قەدەم جاي» (گۇمبەزلىك خاتىرە مازار) سېلىنغان. شەھەرنىڭ غەربىي قىسمىدا ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنماستىن بۇرۇنقى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى، بۇد ھەيكەللىرى مەركەزلەشكەن خارابە ئىزى بار. پۈتۈن شەھىرى ئەزىمىنىڭ ئەتراپى بولسا غۇلجا، بوغا، بۆكەن ۋە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ مۆڭگۈزلىرى باستۇرۇلغان مازار ۋە قەبرە تۇركۈملىرى بىلەن ئورالغان، كۆرۈنۈشى سۈرلۈك، ناھايىتى ھەيۋەت ئىدى. بەزى قەبرىلەر ياغاچ بىلەن يېپىلغان ياكى كېسەك بىلەن ئەگمە قىلىنغان بولسىمۇ، خاسلىقى ئىگە ئالاھىدە دەپنە شەكلى ھاسىل قىلىنغان، خەلقىمىز ئىچىدە بۇ شەھەر قەدىمكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرى داۋامىدا سۇغا غەرق قىلىنغان، دېگەن تارىخىي رىۋايەت بار. بۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. يۇقىرىقىدا تىلغا ئېلىنغان بەزى خارابىلىقلاردىن باشقا شەھەر مەركىزىدە ھېچنېمە قالمىغان. ئەكسىچە سۇ ئۆرلەپ تۇرىدىغان سازلىققا ئايلىنىپ كەتكەن.

1960 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بۇ شەھەر ئىچى تەبىئىي ئويمان بولغانلىقى ئۈچۈن يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «قىزىل بايراق» سۇ ئامبىرى ياسالغان. مۇشۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پۈتكۈل قەبرىستانلىق قېزىلىپ خانىقا - مازارلار بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ توپىسى سۇ ئامبىرىنىڭ قىرغاق قىسمىغا ئىشلىتىش نەتىجىسىدە يەر يۈزىدىن يوقالغان.

توقسۇن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بۇ سۇنئىي كۆلنى ئۆزگەرتىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ سەيلە - ساياھەت ئورنى قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلدى. ئادەم، مالىيە ئاجرىتىپ، يەر شەكلىنى رەتلەپ، سەر خىل مېۋىلىك كۆچەت تىكتى ۋە ئۇنىڭ چۆرە، ئەتراپىنى چىرايلىق تۈمۈر ۋادەكلەر بىلەن قورشاپ زامانىۋى، ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئارامگاھقا

ئايلاندى.

1988 - يىلى شاھ يېزا ئاقتاش كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئابدۇۋېلى ھاسان ئورا كولاۋېتىپ بىر قەدىمىي قەبرىگە دۇچ كەلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدىن قۇلاقلىق - قۇلاقسىز بەش دانە رەڭلىك ساپال كومزەك ۋە بىر مۇنچە يارماق تېپىۋالغان. بۇ پۇللارنىڭ تۆت دانىسى ھازىر بىزدە بار. ئۇنىڭ ئۈچ دانىسى ئادەتتىكى يارماقلاردىن سەل كىچىكرەك، ئوتتۇرىسىدا تۆت بۇرجەكلىك تۆشۈك بولۇپ، ھەجىمى ئادەتتىكى پۇللاردىن چوڭراق، يەنە بىر دانىسى كىچىك يارماق، بەلكى ئۇ چوڭ يارماق پۇللارنىڭ 1 : 10 گە توغرا كەلسە كېرەك.

يوقىرىقى يارماق پۇللارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى ئۇلارنىڭ پەقەت بىرلا يۈزىدە خەت بار. ئۈستۈنكى تەرىپىگە «X» (باش، بەش) مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر رونىك يېزىقى چۈشۈرۈلگەن. ئاستىنقى تەرىپىگە بولسا خەنزۇچە خەت شەكلىدە «X» خىل يېزىق شەكلى چۈشۈرۈلگەن. بۇ خىل يارماق پۇللار «تۇرپاندىن تېپىلغان بەش جولۇق پۇل»، مارالبېشىدىن «تېپىلغان كۇسەن - كۇچا بەش جولۇق يارمىقى» (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا)، كىرورەندىن تېپىلغان بەش جولۇق يارماق («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1991 - يىلى 1 - سان، 136 - بەت) لەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، دەۋرى مىلادى IV ئەسىردىن بۇرۇنقى ۋاقىتتا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، يوقىرىقىدەك پۇللارنى قويۇپ، ئوبوروت قىلغان خانلىقلار ئۆز ۋاقتىدا سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە خېلى دەرىجىدە يۈكسەلگەن. ئۇلار نوقۇل چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن ئاللىقاچان قول ئۈزۈپ، دېھقانچىلىق قول سانائەت ۋە تاۋار ئىگىلىكلىرىگە قاراپ دادىل قەدەم قويغان ۋە قەدىمكى ئىپەك يولى سودىسىنى گۈللەندۈرۈپ روناق تاپقۇزۇشتا ئاساسلىق رول ئوينىغان.

ئەمدى «توقسۇن» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىغا كەلسەك: ئۇزاق يىللار داۋامىدا تەبىئىي، سىياسىي ۋە ھەربىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى «شەھىرى ئەزىم» خارابىلىققا يۈزلەنگەن. ئاھالىسى كۆچۈش، قېچىش ۋە

www.uyghurkitap.com

قانلىق ئۇرۇشلاردا قىرىلىپ كېتىشتەك ھادىسىلەرنىڭ نەتىجىسىدە جىددىي ئازلاپ كەتكەن. ئاخىرقى ھېسابتا بۇ يەردە 90 ئۆيلۈكلا ئادەم قالغان بولۇپ، بىر كىچىك ئاھالە نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ چاغدا بۇ يەرنىڭ قەدىمكى شەۋكەتلىك نام ـ شەرىپى، سەلتەنەتلىك ئورنى تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى «توقسەن» (توقسۇن) دېگەن نام ئىگىلىگەن. مەھمۇت قەشقىرى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «توقسۇن» «توقسەن» بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئەسلى توقتۇز كەرە ئون «توقتۇز ئون» بولۇپ، كېيىن بۇ ئىككى سۆز بىرلىشىپ كەتكەن، دەپ كۆرسىتىدۇ. ⑤ دېمەك، يۇقىرىقى ئاساستىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى توقسەننى توقسۇن، سەكسەننى سەكسۇن دەپ تەلەپپۇز قىلغان. كېيىنچە 90 ئۆيلۈك ئاھالە ئولتۇراقلاشقان جاي بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەرنىڭ نامى «توقسۇن» بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەن. بارا ـ بارا تىنچ ئەمىنلىك دەۋرلەر باشلىنىپ، ئەسلىدىكى ئاھالىلەرى قايتىپ جەم بولغان. ياقا، يۇرتلاردىن يېڭىدىن كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغان. ئۇلار بۇ يەرنى قايتىدىن قۇرۇپ گۈللەندۈرۈپ، ئاۋاتلاشتۇرغان، يۈكسەلدۈرۈپ، بۈگۈنكى ھالەتكە كەلتۈرگەن. «بۈغان» بىلەن بۈگۈنكى «توقسۇن» غىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە نۇرغۇن قېتىم يوقىلىش، يەنە تىكلىنىشتەك ھالەت يۈز بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇرۇق ـ ئەۋلاد ئۈزۈلمەي، جۇڭخۇا تارىخى مەدەنىيىتىگە بىر ئۇلۇش ھەسسىلەرنى قوشۇپ، بۈگۈنكى ئەجدادلارنىڭ بەختىيار ماكانىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە تارىخىي ئاساس ۋە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

(ئاپتورى توقسۇن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار ئىشخانىسىنىڭ خادىمى. ھازىر پېنسىيىدە)

---

ئىزاھاتلار:

① شۈەنزاڭ ـ ئەسلى ئىسمى، چېن ۋېي. تاڭ سۇلالىسىلىق راھىب. ئۇ مىلادى 627 ـ

يىلى قەمەرىيە ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاڭ سۈزۈلىشىدىن يولغا چىقىپ غەربىي يۇرت ۋە ھىندىستاندا 19 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىپ، مىلادى 645 ـ يىلى قەمەرىيە 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەن.

②توقسۇن خەلقى «غايىب شەھەر» دەپ ئاتايدۇ. ئەسلىدە بۇ شەھەر 1344 ـ يىللاردا تۇيۇقسىز قۇم ئاستىدا قالغان.

③ ھىسار ـ سېپىل، قورغان.

④ خوجەخمەت يەسۋى ـ XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىستاننىڭ يەسسى دېگەن يېرىدا ئىبراھىم شەيخنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 1166 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ ھاياتىدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش بىلەنلا چەكلەنمەي، نۇرغۇن دىنى شېئىرىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان مەشھۇر شەخس.

⑤ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 569 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قەدىمكى تۇرپان رايونىنىڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىغا بىر نەزەر

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى

مەملىكىتىمىزنىڭ يىپەك بۇيۇملىرىنىڭ غەربكە توشۇلۇشى بىلەن داڭق چىقارغان «يىپەك يولى» تارىختا شەرق ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ سودا ـ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ۋە دوستانە بېرىپ ـ كېلىش ئىشلىرىدا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە دۇنياۋى «ئالتۇن كۆۋرۈك» لۈك رول ئوينىغانىدى. سودىگەرلەر ئۆز دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەت مەنپەئىتى، تۇرلۇك قەبىلە ـ خەلقلەرنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي پايدىسى ئۈچۈن ئۇلاغلىرىغا لازىمەتلىرى ئارتىپ، قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە بوزچىنىڭ موكىسىدەك ئايىغى ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇراتتى. قەدىمكى ھىندى يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىدىن VI ئەسىر بۇرۇن مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن يىپەك بۇيۇملىرى ھىندىستانغا كەلتۈرۈلگەن؛ قەدىمكى گرېك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا قەيت قىلىنىشىچە، مىلادىدىن ئاۋۋالقى III ئەسىردە، مەملىكىتىمىزنىڭ يىپەك بۇيۇملىرى يۇنانغا ئېلىپ بېرىلغان، قەدىمكى يۇنانلىقلار جۇڭگونى «يىپەك ئېلى» دەپ ئاتىغان. ئۇ چاغلاردا مەملىكىتىمىزدىن يۇنانغا بېرىش ئۈچۈن تارىم ئويمانلىقىدىن ئۆتمەي بولمايتتى. . . ھىندىستانغا بېرىشتىمۇ كۆپىنچە مۇشۇ يولدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەن بولسا كېرەك. ① تارىم ئويمانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولغان تۇرپان ئويمانلىقى بۈيۈك كارۋان يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى نۇقتىلىق لەڭگەرلەرنىڭ بىرى بولغانىدى. بۇ قەدىمكى ۋادىدا ياشىغان تۇرلۇك ئېتنىك تەركىبىدىكى قەبىلە ۋە خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار بۇ خەلقئارا قۇرۇقلۇق سۇدا لىنىيىسىنى ئېچىش، راۋاجلاندۇرۇش،

گۈللەندۈرۈش ھەمدە ئۇنى قوغداش ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقانىدى.

ئەزەلدىنلا يېرى مۇنبەت تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى بۇ ۋادىنىڭ ئەۋزەل شەرت - شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا بۇلاق، كارىز ۋە تاغ سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىگىلىكنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بىلەن جۈملىدىن دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەنمۇ كەڭ دائىرىدە شۇغۇللانىدى. تارىخىي كىتابلاردا تۇرپان ئويمانلىقىدىكى دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك توغرىلىق مۇھىم مەلۇماتلار بار. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «قوچۇنىڭ ھاۋاسى ئىسسىق، تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ دانلىق زىرائەتتىن ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىنىدۇ ۋە بۇ يەر پىلە بېقىشقىمۇ قولايلىق، بۇ يەردە مېۋە - چېۋە كۆپ» دەپ يېزىلغان، «بەش دەۋر تارىخى. قوچۇ تەزكىرىسى» دە: «قوچۇدا تۆگە بىلەن يەر ھەيدەپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. «شىمالىي لياڭ تارىخى. قوچۇ تەزكىرىسى» دە: قوچۇدا «كېۋەز دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ غوزىكى پىلە غوزىكىگە ئوخشايدۇ، غوزەكتىن ئىنچىكە يۇمشاق ۋە ئاق رەڭلىك يىپ تالالىرى چىقىدۇ. بۇنى پاختا دەپمۇ ئاتايدۇ». بۇ تالالاردىن پاختا رەخت توقۇلىدۇ.» دەپ خاتىرىلەنگەن. 1981 - يىلى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچىلىككە كەلگەن ۋاڭ يەندى ئۆزىنىڭ بۇ ئەلگە كېلىپ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن يېزىپ قالدۇرغان «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە: قوچۇدا «ھەر خىل زىرائەتلەر ئۆستۈرۈلىدۇ، ئارپا تېرىلمايدۇ» ② دەپ يازغان. ۋاڭ يەندىنىڭ يۇقىرىقى «خاتىرە» سى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە خېلى كەڭ دائىرىدە مەلۇمات بېرىدىغان يېگانە «خاتىرە» دۇر. لېكىن ئۇنىڭ «خاتىرە» سىدە قوچۇنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى توغرىسىدىكى باياندا قىسمەن يېتەرسىزلىكلەرمۇ يوق ئەمەس، ئۇلارنى تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق، يەنى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئەۋرىشكىلىرى ئارقىلىق تۈزىتىپ تولۇقلاپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئېكىنچىلىك -

باغۋەنچىلىككە ئائىت كېيىنكى مەزگىللەردە يېزىلغان بەزى مۇھىم مەلۇماتلارمۇ بار. ئەنە شۇنداق مەلۇماتلارنىڭ بىرسى چۇنيۇەن چېشېنىڭ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم» كىتاۋىدۇر. ئۇنىڭدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «تۇرپان ئەزەلدىن يېرى مۇنبەت، مۇھسۇلاتى مول دىيار بولۇپ، ھەر خىل دانلىق زىرائەت، زىغىر، قوغۇن ـ تاۋۇز، ئۈزۈم يېتىشتۈرۈلىدۇ. بۇلارنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى كۆپ. بولۇپمۇ بۇ يەرنىڭ پاختىسى سۈپەتلىك بولۇپ، يىراق جايلارغا ئاپىرىپ سېتىلىدۇ. تۇرپاننىڭ يېنىدىكى لۇكچۇننىڭ مەنزىرىسى بەك چىرايلىق، شەھەر باغۋارانلار بىلەن ئورالغان، ھەممىلا يەردە ئېرىق ـ ئۆستەڭ، سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ. ھەممە يەر بۈك ـ باراقسان دەرەخ بىلەن ئورالغان بولۇپ، بۇ يەردە تېرىق، بۇغداي، كەندىر، پۇرچاق كۆپ يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۆرۈك، زاراڭزا، ياڭاق، چىلان ۋە قوغۇن ـ تاۋۇز قاتارلىق مېۋىلەرمۇ كۆپ چىقىدۇ.» ③

قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا، شۇنىڭدەك ئالاقىدار تارىخ مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا كېۋەز ئۆستۈرۈش مىلادى I، II ئەسىرلەردىن ئىلگىرىلا باشلانغان بولۇپ، ئاز دېگەندىمۇ 1700 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ④. تۇرپان مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن «مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن كېۋەز تېرىغان، پاختا ئىشلەتكەن، پاختا توقۇمىچىلىقىنى يولغا قويغان رايونلارنىڭ بىرى»⑤ بۇ ئىختىرا VIII ئەسىرگە كەلگەندە، تەدرىجىي ھالدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە، ئالدى بىلەن شەنشى ئۆلكىسىدىكى ۋېيشۇي دەرياسى ئەتراپلىرىغا تارقالغان ⑥.

شىنجاڭ رايونى، جۈملىدىن نىيە، تۇرپان رايونىدا مەملىكىتىمىز بويىچە كېۋەز ئەڭ بالدۇر تېرىلغان بولغاچقا، بۇ جايلاردا پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ خېلى بالدۇر تەرەققىي قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئاگرونومى تۈمۈر تۈۋرۈك (لومىڭشەن) تەرىپىدىن يېزىلغان دېھقانچىلىققا دائىر بىرگانە ئەسەر «دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ھەققىدە

قىسقىچە بايان» ناملىق كىتابىدا: «پاختا غەربىي يۇرتتىن چىققان» دېيىلگەن.

1959 - يىلى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى مىلادى I - III ئەسىرلەرگە ئائىت قەبرىلەردىن نۇرغۇن توقۇلما بۇيۇملارنى قېزىۋالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە كۆك، ئاق گۈللۈك چەكمەن، ماتا ئىشتان ۋە قول ياغلىق پارچىلىرى بار. ئۇ مىلادى I - III ئەسىرلەردە شىنجاڭدا پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ بارلىقىنى كەلگەنلىكىنى، بوياش ۋە گۈل بېسىش تېخنىكىسىنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ⑦. تۇرپان رايونىدىن كۆمۈرگە ئايلانغان چىگىت تېپىلدى ⑧. تۇرپان رايونىدىكى جىن (220 - 265-يىللار)، تاڭ (618 - 907-يىللار) دەۋرلىرىگە ئائىت قەبرىلەردىن تۈرلۈك توقۇلما بۇيۇملار بىلەن پاختا چىققان. پاختا رەختنى ئېلىم - بېرىم قىلغان توختامنامە - ھۆججەتلەرمۇ تېپىلدى. ئاستانىدىكى III - V ئەسىرگە ئائىت قەبرىدىن ماتا ئىشتان كىيدۈرۈلگەن ھەيكەل چىقتى. ئاستانىدىكى 309 - نومۇرلۇق قەبرىدىن (دەۋرى تەخمىنەن V - IV ئەسىر)، يىپەكتىن ھەر خىل گىئومېتىرىك سىزىق چىقىرىپ توقۇلغان كىمخاب تېپىلغان. جىن - تاڭ دەۋرلىرىدە شىنجاڭ دائىرىسىدە، جۈملىدىن تۇرپان رايونىدا پاختىكارلىق، پاختا توقۇمىچىلىقى ۋە توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىشلاردا تۇرپان رايونىدىن پاختا رەختنى ئېلىم - بېرىم قىلغان ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ توختامنامە - ھۆججەت پارچىلىرىمۇ نۇرغۇن مىقداردا تېپىلغان. بىر پارچە ھۆججەتتە مىلادى 551 - يىلى بىر قېتىمدىلا 60 توپ پاختا رەخت ئارىيەت ئالغانلىقى ⑨، يەنە بىر پارچە ھۆججەتتە (655 - يىلى يېزىلغان) ھەربىي ئەشيا سۈپىتىدە «270 يىپ تاغار» بۆگۈنكى شىئەن ئەتراپىغا تارقىتىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان⑩. تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ بىرىدە بىر ئائىلە ئەتىيارلىق كىيىم - كېچەك ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا 100 گەز رەخت توقۇغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە تۇرپان ۋادىسىدا توقۇمىچىلىق ئىشلىرى تېخىمۇ تەرەققىي تاپقان. بۇ پىكرىمىزنى تۆۋەندىكى ماتېرىياللار تېخىمۇ ئوبدان ئىسپاتلاپ بېرىدۇ:

«ئۇيغۇر تەت - مىلىك بىلەن قارا بۇقا ئىككىسى خوتۇن - قىزلارنى سېتىپ بىر قېتىمدىلا 150 توپ رەخت پايدا ئالغان؛ قالمىتۇ بىر چۆرىنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىپ، بولاتنىڭ قولىدىن بىر قېتىمدىلا 100 توپ رەخت پايدا ئالغان. بىر بابكار قاغانغا تاپشۇرۇلىدىغان باج قاتارلىق قەرزلىرىنى تۆلەش ئۈچۈن بىر ئاي ئىچىدە ئون توپچە رەخت تاپشۇرغان» ⑪. XIX ئەسىردە تۇرپان ۋادىسىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى پاختا توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا دائىر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن توختامنامىلەردىن سەككىز - توققۇز پارچىسى تېپىلغان. رادلوف ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرىدىن خاتىرىلەر» ناملىق كىتابىغا شۇلارنىڭ ئىككى پارچىسىنى كىرگۈزگەن. ئۇنىڭ بىرىدە: «يۈك بېجى ئۈچۈن بۆز لازىم بولۇپ قالدى. بۆز قەرز ئېلىش ئۈچۈن...» دېيىلگەن؛ يەنە بىرىدە: «ئىككى كىشىگە بۆز لازىم بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆكۆيدىن ئۈچ توپتىن قەرز ئالماقچى، ئەتىيازدا قەرز ئېلىپ، كۈزدە قايتۇرۇش، ئۆسۈمىنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ تۆلەشنى كېلىشتى، سۈرۈكى توشقاندا ھەر بىرى ئالتە توپتىن بۆز قايتۇرۇپ بېرىدۇ؛ سۈرۈكى توشقاندا قايتۇرالمىسا، ئەل ئىچىدىكى ئادەت بويىچە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۆسۈم قوشۇلىدۇ» دېيىلگەن ⑫. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدىكى پاختا ۋە پاختا رەخت مەزكۇر خانلىقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى مۇھىم مەھسۇلاتى ئىكەنلىكىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى زامانلاردا تۇرپان رايونىدا پاختىدىن توقۇلغان رەختلەر كۆركەم ۋە نەپىس بولغان، «ماتا ھەم سەگەزلىرى يۇمشاق ھەم چىداشلىق بولۇپ، ئۇلار ئۇنى تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇرغان» ⑬. بۇنداق رەختلەرنى ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇلار بەيتەن دەپ ئاتىغان.

قەدىمكى تۇرپان ۋادىسىدا پاختا توقۇمىچىلىقىدىن باشقا كەندىر تالاسىدىن رەخت توقۇش ۋە يىپەك، يۇڭ توقۇمىچىلىقىمۇ خېلى راۋاجلانغان. ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، «لۈكچۈن رايونى كەندىردىن قوش يىپلىق رەخت توقۇش بىلەن مەشھۇر ئىدى» ⑭. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر خىل توقۇلما بۇيۇملارنىڭ بىر قىسمىنى يەرلىك ئاھالىلەر ئۆزلىرى ئىشلەتسە، بىر قىسمىنى مالغا ئالماشتۇراتتى. يەنە بىر قىسمىنى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ شۇ چاغلاردا ئاۋاتلاشقان يەنجىڭ، شاڭجىڭ، لوياڭ، كەيفىڭ قاتارلىق بازارلىرىدا ساتاتتى. بۇ جايلاردا سودا - سېتىق قىلىدىغان ئۇيغۇرلار كۆپ بولغاچقا، لياۋ خاندانلىقى يەنجىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ) شەھىرىدىكى جەنۇبىي قوۋۇقنىڭ شەرقىي تەرىپىدە «ئۇيغۇر مەھەللىسى» قۇرۇپ، ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. «قوچۇ، كۇسەن قاتارلىق جايلاردىكى خان ئوردىلىرى ئادەت بويىچە ھەر ئۈچ يىلدا بىر تۈركۈم يۈز نەچچە كىشىلىك ئۇيغۇر ئەلچىلىرى (ئەمەلىيەتتە سودىگەرلەر) نى لياۋ خاندانلىقىنىڭ شاڭجىڭ شەھىرىگە تىجارەتكە ئەۋەتىپ تۇراتتى». بۇ سودىگەرلەر تۈرلۈك ماللار بىلەن بىرگە «ئىنچىكە يۇڭ يىپتىن توقۇلغان ھەر خىل مۇۋۇت، پالاس قاتارلىق ماللارنى توشۇپ ئاپىرىپ، قىتانلارنىڭ مىس ۋە تۆمۈر پۇللىرىغا تېگىشىپ كېلەتتى». «923 - يىلىدىن 948 - يىلىغىچە قوچۇ ئۇيغۇرلىرى لوياڭ، كەيفىڭ شەھەرلىرىگە 13 قېتىم پاختا رەخت، كۇچا يىپىكى، كۇچا پاختىسى، ئاق ئەتلەس، تېرىكە، شېرىس... قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاپىرىپ ساتقانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قېتىملىق ئەڭ چوڭ سودا مىلادى 951 - يىلى بولغان. شۇ قېتىمقى كەيفىڭغا 1329 توپ پاختا رەخت... ئېلىپ بېرىلغانىدى. شىمالىي سۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار (قوچۇ ئۇيغۇرلىرى - ئا) گۈللۈك رەخت، گۈللۈك دارايى قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ بېرىپ ساتقانىدى» ⑮.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان تۆۋەندىكىدەك بىر تۈركۈم ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي بۇيۇملارمۇ قەدىمكى تۇرپان ۋادىسىدا توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ خېلىلا راۋاجلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ:

مىلادى 304 ـ 439 ـ يىللار (16 پادىشاھلىق دەۋرى) غا تەئەللۇق، ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىمخاب، ئۈزۈم، قۇش ۋە ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كەشتە؛ 618 ـ 907 ـ يىللار (تاڭ سۇلالىسى دەۋرى) گە ئائىت جۈپ شىر سۈرەتلىك كىمخاب، ئۈنچە چەمبىرەك ئەجدىھا سۈرەتلىك دارايى، ھاۋارەڭ زەر باسقان رەڭدار شايى، ئۈزۈم سۈرەتلىك تەكتى ئاق گۈللۈك باسقان ھىلىلە ياغاچ ساپلىق دۈردۈن يەلپۈگۈچ قاتارلىقلار يۇقىرىقى سۆزىمىزگە مىسالدۇر.

1985 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇرپان قارا خوجىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن بىر قەدىمكى قەبرە تېپىلغان. ئۇ قەبرىدىن ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا جىگدە ياغىچىدىن ياسالغان بىر ساندۇق، بىر ئىگەر، بىر تال ئوقيا، 21 تال ئوقى بار بىر ئوقدان قاتارلىق نەرسىلەر چىققان. يا ئوقلىرىنىڭ ئۇچى تۆمۈردىن ئۈچ خىل شەكىلدە ياسالغان بولۇپ، ئۇچلىرى بىسلەنگەن. جەسەتنىڭ تېگىدە ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى كەشتىلەنگەن كۆرپە، ناھايىتى نەپىس توقۇلغان، گۈل چېكىلگەن يۇڭ توقۇلمىلار سېلىنغان. بۇلار ئۈزۈم تېلى نۇتىلىرى ئۈستىگە قويۇلغان ⑯.

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى 1959 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلغىچە تۇرپان ۋادىسىنى 11 نۆۋەت تەكشۈرۈپ، قېزىپ، 456 قەبرىنى تازىلىدى. بۇ جەرياندا ئونمىڭدىن ئارتۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپتى. بۇلارنىڭ قىسمەنلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچىدە ۋە سىرتىدا كۆرگەزمە قىلىندى. ئەنە شۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە پاختىدىن، يۇڭدىن، يىپەكتىن ۋە كەندىردىن توقۇلغان بۇيۇملارنىڭ سانىلا مىڭدىن ئاشىدۇ. يىپەك توقۇلمىسىنىڭ تۈرىلا ئون نەچچە خىلغا يېتىدۇ ⑰. ئۇلار ناھايىتى رەڭدار بولۇپ، كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ. سۈپىتى ئېسىل، چىدامىلىق، يۇقىرى سەۋىيىدە توقۇلغان، جىن (265 ـ 316)، تاڭ (618 ـ 907) دەۋرىگە ئائىت خەت ـ چەكلەردىمۇ توقۇلما بۇيۇم ئىشلەنگەن جاي ناملىرى، ئالايلۇق، «قوچۇدا توقۇلغان كۇسەن كىمخابى» «سۇلى كىمخابى» ۋە «كۇسەن كىمخابى» دېگەن سۆزلەر خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىدىكى تىلغا ئېلىنغان توقۇلما بۇيۇملارنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتىدىن

قارىغاندا، ئۇلاردا ھەم ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى - «ئۆرۈش يىپىغا گۈل چېكىپ توقۇش» (يىپ بىلەن كەشتىلەش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئالاھىدىلىكى ھەم غەربىي يۇرتنىڭ ئۆزىگە خاس تىپىك ئۇسلۇبى - ئاق يىپقا گۈل چېكىپ توقۇش (گۈل چېكىپ كانۋا چىقىرىشمۇ دېيىلىدۇ) تېخنىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى نامايان قىلىنغان ⑱. تۇرپان رايونى مانا شۇنداق توقۇمىچىلىق مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان.

مەزكۇر ماقالىمىزدا تۇرپان ۋادىسىدىكى توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زادى قايسى يىلى مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمىسەكمۇ، ئەمما ھازىرچە قولىمىزدا بار ماتېرىياللار، بولۇپمۇ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدا كەندىر تالالىرىدىن، يىپەكتىن، يۇڭدىن ۋە پاختىدىن توقۇلما بۇيۇم مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كېيىن دېگەندىمۇ تۇرپان رايونىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ 1 - دەۋرىگە، يەنى بالدۇرقى مەزگىل - جىن، 16 پادىشاھلىق دەۋرى (مىلادى 304 - 349 - يىللار) گە تالىق بولۇشى كېرەك، دەپ ئېيتىش مۇمكىن ⑲. لېكىن ئاشۇ دەۋردىن ئىلگىرى تۇرپان رايونىدا توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى قوللىنىلمىغان دېيىشكە قاراشنى تولۇق ئىسپاتلىيالىغۇدەك ماتېرىياللارمۇ ھازىرغىچە تېخى چىقىلىقتۇرۇلمىدى. كەلگۈسىدىكى مۇشۇ ساھەگە بېغىشلانغان توغرا بولغان، ئىلمىي، يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىزنى بۇ جەھەتتە يېڭىچە قاراشلار بىلەن تەمىنلىگۈسى.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، قەدىمكى چاغلاردا تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرىدىكى قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن ئۆز ئارا مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە ھۈنەر - سەنئەت جەھەتتە زىچ ئالاقە قىلغان. بىر - بىرىنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى، ئىلغار ھۈنەر تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلىپ، بىرلىكتە ئالغا باسقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، ھەر قايسىسى ئۆزلىرىگە خاس مەدەنىيەت، ھۈنەر - سەنئەت ئىختىرا قىلغان. يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى، مېھنەتسۆيەرلىكى، ئىجادكارلىق، يېڭىلىققا ئىنتىلىش روھى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ رەڭدار مەدەنىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىمۇ ياخشى باھاغا سازاۋەر بولغان. بۇ توغرىلىق چەت ئەللىك بىر تەتقىقاتچى مۇنداق يازغان: «تۇرپانلىقلار

ناھايىتى تالانتلىق خەلق بولۇپ، ھۈنەرۋەنچىلىكتە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. توقۇمىچىلىقتا ماھىر، تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان جابدۇقلىرى سۈپەتلىك، نەقىشلىرى كۆركەم... ئۆتۈك، گىلەم، دوپپا، كىگىز، تەڭلىماتلىرى، زىبۇزىننەتلىرىنىڭ سۈپىتى ناھايىتــى ئوبدان بولۇپ، يەرلىك بازارلارغا ئېلىپ چىقىپ ساتاتتى...»⑳.

تۇرپان ۋادىسىدىن قېزىۋېلىنغان توقۇلما بۇيۇملار تۇرپان ۋادىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، شۇنداقلا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ قەدىمكى توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ئەۋرىشكىلەر ھېسابلىنىدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلەيدۇ)

---

ئىزاھاتلار:

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ قىسىم 21 ـ، 22 ـ بەتلەر؛ «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» 1981 ـ يىل 1 ـ سان 76 ـ بەت.

② ۋاڭ يەندى: «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىشتىن خاتىرىلەر»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1985 ـ يىل 4 ـ سان 143 ـ بەت.

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 ـ قىسىم 455 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

④ سابىت: «قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كېۋەز تېرىقچىلىقى ۋە توقۇمىچىلىقىغا نەزەر»، «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1977 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 276 ـ بەت؛ شەن چۈەن: «شىنجاڭ ـ ئېلىمىز بويىچە كېۋەز ئەڭ بالدۇر تېرىلغان رايون»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1986 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى 5 ـ بەت.

⑤ مۇشۈنيىڭ، ۋاڭ بىنخۇا، لى جېڭ: «تۇرپان ئارخېئولوگىيىسىدىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىل 4 ـ سان.

⑥⑦ چېن شيۇشىن: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى توقۇمىچىلىقى»، «جاھاننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 93 ـ، 94 ـ بەتلەر.

⑧⑨⑩ «جاھاننامە ـ 2» 192 ـ، 94 ـ بەتلەر.

⑪، ⑫، ⑬، ⑭، ⑮، ⑱ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 132 ـ، 128 ـ، 133 ـ، 135 ـ، 137 ـ بەتلەر.

⑯ «شىنجاڭ گېزىتى»، ئۇيغۇرچە، 1985 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى 5 ـ بەت.

⑰ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى». 11 ـ بەت. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىل 4 ـ، 7 ـ، 8 ـ سانلار.

⑲ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىل 4 ـ، 7 ـ، 8 ـ سانلار.

⑳ «ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

# بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى تەسىرى

## بەكرى ئېلى

بۇددا دىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردە ساكيامونى (شاكيامونى) دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. ساكيامونى ھىندىستان بىلەن نېپال چېگرىسى ئارىلىقىدىكى ساكيا قەبىلىسىنىڭ saddorana پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى بولۇپ، مىلادىدىن 563 يىل ئىلگىرى، نېپالنىڭ kapiliwast دېگەن شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، مىلادىدىن 483 يىل ئىلگىرى ئۆلگەن.

ساكيامونى كىساتىرا ۋاناسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى siddaHrha — gaumat بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئۆز ئىسمىنى بۇددا بولغاندىن كېيىن ئىشلەتمەي ساكيامونى دەپ ئاتىغان. ساكيا - قەبىلىسىنىڭ نامى، مونى دېگەن سۆز «جىمغۇر»، «يوشۇرۇن» ياكى «پىنھان يەردە ئىبادەت قىلغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى كىتابلاردا ساكيامونى دېگەن سۆز ساكيا قەبىلىسىنىڭ ئەۋلىياسى ياكى پەيغەمبىرى ۋە ياكى يوشۇرۇن ئىبادەت قىلغۇچى، دېگەننى بىلدۈرىدۇ دېيىلگەن.

ساكيامونى 29 يېشىدا تەركىي دۇنيا بولۇپ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ يالغۇز، كىشى يوق يەردە ئىبادەت قىلىپ «بۇد» ياكى «بۇددا» بولغان. ئۇ «بۇرھان، ئويغانغۇچى، ئەۋلىيا ياكى پىنھان يەردە ئىبادەت قىلغۇچى ئەۋلىيا ۋە ياكى ئالدىن بىلگۈچى» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھىندى تىلىدا ساكيامونى دەپ ئاتالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۇ نام ئىسىم بولۇپ قالغان. ساكيامونى ھىندىستاننىڭ biHor دېگەن يېرىدە 40 يىل ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆز دىنىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن،

ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بۇددە دىنىنى غەربىي ئاسىيا ۋە ئاسىيا رايونىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە تارقاتقان.

ھىندىستاندا پەيدا بولغان بۇددا دىنى جۇڭگوغا قاچان تارقىلىپ كىرگەن؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە نۆۋەتتە ئوخشاشمىغان ھەر خىل قاراشلار بار. بەزىلەر كېيىنكى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 10 ـ يىلى (مىلادى 67 ـ يىلى) جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەن، دەپ قەيت قىلىشىدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئالدىنقى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ئەيدىنىڭ يۈەنشۇ 1 ـ يىلى (مىلادى 2 ـ يىلى) تارقىلىپ كىرگەن دېيىشىدۇ. بۇ كۆز قاراشلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتى ئومۇمەن مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە توغرا كېلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، يىپەك يولىدا قاتناپ يۈرگەن كارۋانلار بىلەن بىللە ماڭغان غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر بۇددىستلىرى تەرىپىدىن غەربىي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقالغان.

بۇددا دىنى ساكيامۇنى ئۆلۈپ ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ھىندىستاندىن باشقا رايونلارغا تارقىلىشقا باشلىغان. بۇددا دىنى مىلادىدىن 245 يىل ئىلگىرى ھىندىستاندىكى مائۇريا خاندانلىقى ① نىڭ شاھى ئاسوكا ② نىڭ قوللىشى ئارقىسىدا پاتولىپوترا ③ شەھىرىدە ئېچىلغان 3 ـ قېتىملىق بۇددىزم يىغىلىشىدىن كېيىنلا ھىندىستانغا قوشنا بولغان كەشمىر، گاندھارا ④ ئەتراپىغا تارقالغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا بۇددا دىنى بىر ئەسىر ئىلگىرىكى كۇشان خاندانلىقىنىڭ ⑤ خاقانى كانىشكا I ⑥ نىڭ زامانىسىدا كەشمىر ئارقىلىق خوتەنگە كىرىشكە باشلىغان. يەنى كۇشان خانى كانىشكانىڭ مۇھاپىزىتىدە بۇددىزم تارىخىدا مەشھۇر بولغان 4 ـ قېتىملىق بۇددىزم يىغىلىشى ئېچىلغاندىن كېيىن بۇددا دىنىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئودۇن (خوتەن)، قەشقەر، كۇچا، قوچۇ (تۇرپان) قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيگەن. خاقان كانىشكادىن كېيىنكى دەۋرلەردە بۇددىزمنىڭ غەربىي دىيارغا تارقىلىش ئەھۋالىنىڭ تەپسىلاتىنى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى مەشھۇر سەيياھلىرى فاشەن ⑦ بىلەن شۈەنزاڭ ⑧ ئۆزلىرىنىڭ سەپەر خاتىرىسىدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. فاشەننىڭ

مىلادى V ئەسىردە، شۈەنزاڭنىڭ مىلادى VII ئەسىردە ئايرىم - ئايرىم هالدا هازىرقى شىنجاڭ رايونىنى بېسىپ ئۆتۈپ ھىندىستانغا بېرىپ كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

شۈەنزاڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن تۇنجى يىلى (627 - يىلى) چاڭئەندىن مەخپىي يولغا چىقىپ، ⑨ گۇازاڭ (هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي دېگەن يېرى)، دۇڭخۇاڭ، قۇمۇل، قوچۇ، چۇقو، كېنگىت، كوسەن، قۇم (ئاقسۇ)، تەڭرىتېغى تېغى، تەڭرىقۇت تېغى قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا (ئىسسىق كۆل) ئارقىلىق غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا، ئۇ يەردىن ئافغانىستاننىڭ كاپىرىستان دېگەن يېرىگە يەتكەن، شۇنداق قىلىپ ئاخىر ھىندىستانغا يېتىپ بارغان.

ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شۈەنزاڭ مىلادى 631 - يىلى ھىندىستانغا بارغان. بۇددا دىنى گەرچە ھىندىستاندا پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھىندىستاندىن شىنجاڭنىڭ شەرقىغىچە بولغان بۇ بىپايان بوستانلىق بەلبېغىدا بۇددا دىنى تۇسىنى ئالغان بۇددا ئەدەبىياتى، سەنئىتى، مەدەنىيىتى، بىناكارلىق، مىڭئۆيلەر سەنئىتى، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق قاتارلىق ھەر خىل مەدەنىيەت ئىدىئولوگىيىلىرىدە گۈللەنگەن مەنزىرە بارلىققا كېلىپ نۇرغۇن ئالىملار، شائىرلار بۇددانومى تەرجىمشۇناسلىق ئالىملىرى ۋە باشقىلارنىڭ يېتىلىپ چىقىشىدا كەڭ زېمىن هازىرلىدى.

مەشھۇر سەيياھ فاشەن بۇددا دىنىنىڭ ئودۇنغا تارقىلىش ئەھۋالى توغرىلىق «بۇددىزم يۇرتى» دېگەن ساياھەت خاتىرىسىدە: «(ئاگنىدىن) يولغا چىقىپ، ماڭا - ماڭا بىر ئاي بەش كۈندە ئودۇنغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يۇرت گۈللەنگەن، ئاۋات يۇرت ئىكەن، خەلقلىرى ناھايىتى مېھماندوست بولۇپ، ھەممىسى بۇددا يوسۇنى بويىچە ئويۇن - تاماشا قىلىدىكەن. راھىبلىرى نەچچە ئون مىڭغا يېتىدىكەن، ھەممىسى دېگۇدەك ئۇلۇغ ماخايانا (كولوڭگۇ) ⑩ تەرەپدارلىرى ئىكەن. . . .» دەپ خاتىرە قالدۇرغان. مىلادى 630 - يىللاردىن كېيىن غەربىي يۇرتقا كەلگەن سەيياھ شۈەنزاڭ

ئەينى ۋاقىتتىكى كۇچانىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا مۇنۇلارنى يېزىپ قالدۇرغان: «كۇچادا بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن نەچچە يۈزى بار ئىكەن، راھىبلىرى 5000 دىن كۆپ بولۇپ، كىچىك كولوڭگو (ھىنايا) ⑪ تەلىماتىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. بۇتلىرى ئىنسان تەرىپىدىن سۈنئىي ياسالغاندەك ئەمەس، بەلكى شۇنداق تۆرەلگەندەك ئىنتايىن ھەشەمەتلىك، گۈزەل تۇرىدىكەن» . دېمەك، يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان سەيياھلارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، بۇددا دىنى كۇشان خانى كانىشكا تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتتا مىلادى 125 ـ 150 ـ يىللاردا كۇچا، ئودۇن، قەشقەر، قوچۇ (تۇرپان) قاتارلىق رايونلارغا ئەمدىلا تارقىلىپ كىرگەن بولماستىن، بەلكى بۇ جايلار شۇ دەۋردە ئاللىقاچان بۇددىزم مەركىزىگە ئايلىنىپ بولغانىدى ⑫.

كۇسەن (كۇچا) «يىپەك يولى» نىڭ شىمالىي يولىدىكى مۇھىم شەھەر ئىدى. كۇسەن بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگودا راۋاج تېپىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان، كۇسەن دۆلىتىدىن قېپقالغان ھازىرقى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، شەكسىزكى، كۇسەن بۇددا دىنى تۇرپانغا، دۇڭخۇاڭنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇددا دىنىنىڭ كۇسەن، قوچۇ (تۇرپان) رايونىغا قايسى ۋاقىتتا تارقالغانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددا دىنى تەتقىقاتىدىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك.

قىسقىسى، بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى بىر ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىنى يەنى بۇددىزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تەسىرىنى شۇ جايلاردا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا ئېلىپ كىردى. بۇددىزم ئىدېئولوگىيىسى شۇ رايونلارنىڭ سىياسەت، قانۇن، پەن ـ مەدەنىيەت ساھەلىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، يەرلىك تۇس ئالغان كۆپخىللىقتا ۋە ئۈستۈن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. شىنجاڭ رايونى جۈملىدىن قوچۇ (تۇرپان) رايونىدىن تېپىلغان ئىلىم ـ پەن، بەدىئىي ئەدەبىيات، دىن ـ

پەلسەپىگە ئائىت سان ساناقسىز يازما يادىكارلىقلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى - قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا بۇددا دىنىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئەسەرلەر خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە كۆچىيىشىدە مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. شۇنداقلا بۇددا دىنىنىڭ ئىككىنچى ئانا ماكانى بولغان غەربىي يۇرتقا نىسبەتەن قوچۇ (تۇرپان) رايونى جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، يىپەك يولىدىكى ئاساسىي قاتناش تۈگۈنى ئىدى.

يىپەك يولىدا قاتنايدىغان كارۋانلار، سودىگەرلەر، ھۆكۈمەت ئەلچىلىرى. . . شۇنداقلا يىپەك يولىدا ماڭغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە (قوچۇ) توختاپ دەم ئېلىپ، ھەر خىل سودا - سېتىق، ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى. مانا شۇنداق ئەۋزەل شارائىتتا قوچۇ رايونىنىڭ ئىقتىساد، پەن - مەدەنىيەت جەھەتتە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قوچۇ رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپلىشىشكە يۈزلەنگەنىدى. شۇنداقلا ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ناھايىتىمۇ كەسكىن ھالەتتە ئىدى.

تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قوچۇ (تۇرپان) رايونى قەدىمكى زاماندا ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت (جۇڭگو مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، گرېك مەدەنىيىتى)، ئۈچ چوڭ دىن (ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى، بۇددا دىنى)، ئۈچ چوڭ تىل (ئۇرال ئالتاي تىل سىستېمىسى، خەنزۇ تىبەت تىل سىستېمىسى، ھىندى ياۋروپا تىل سىستېمىسى) ۋە ئۈچ چوڭ ئىگىلىك (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھۈنەرۋەنلىك) ئۇزاق بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقان ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونى بولغاچقا، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەنىدى. تەكشۈرۈشلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تۇرپان قەدىمكى شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيەت، ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتتە قوچۇ رايونىمۇ ئۇدۇن، كۈسەن قاتارلىق رايونلارغا ئوخشاش بۇددا دىنىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە

www.uyghurkitap.com

ئايلانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇددا دىنىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. بۇددى دىنى قوچۇ دۆلىتىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىگە، ئىدىئولوگىيىسىگە ۋە پەن - مەدەنىيىتىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. قوچۇ دۆلىتىدە ئەينى ۋاقىتتا ئىدىئولوگىيە جەھەتتە شامان دىنى، زەردۇش دىنى، مانى دىنلىرىنىڭ ھەر تۈلۈك ئىپادىلىرى مەۋجۇت بولۇپ، ھاكىمەت ۋە جەمئىيەتكە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يالقۇنتاغ باغرىدىكى بېزەكلىك، مۇرتۇق، بۇلىيۇق، تۇيۇق قاتارلىق بوستانلىقلاردا مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى سېلىنغان بولۇپ، مانى دىنى مۇخلىسلىرى كەڭ دائىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇددا دىنى بارلىققا كېلىپ، تۇرپان رايونىغا تارقىلىپ تەرەققىي قىلىپ، ئومۇملاشقاندىن كېيىن قوچۇ دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتىگە سىڭىپ كىرىپ، باشقا دىنىي ئەقىدىلەرنى سىقىپ چىقىرىپ، سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ مۇقىملىششىقا، ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى مۇقىملىققا، بىردەكلىككە تەسىر كۆرسەتكەن.

شۇ دەۋىرلەردە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قەدىمكى جۇڭگو، قەدىمكى رىم، ئىران، ھىندىستانغا ئوخشاش ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۇزاق ئۇچرىشىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان سورۇن بولغاچقا، بۇ يەردە ھەر خىل دىنلار تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ دىنلارغا ئائىت مەدەنىيەتلەرمۇ ئۇزاق تەسىر كۆرسىتىشىپ، ئەينى دەۋردىكى تەرەققىي قىلغان رەڭمۇ رەڭ قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە مانى، بۇددا، نېستۇرى دىنلىرىنىڭ تەسىرى بولغان نۇرغۇن تارىخىي يادىكارلىقلار، تام رەسىملىرى، ھەيكەلتىراشلىق، مىمارچىلىققا ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللار تېپىلدى. ھازىر، بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلار شۇ پارلاق مەدەنىيەتنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ مۇزېيلىرىنى بېيىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار يالغۇز دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ شاھىدى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دەۋردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، گۈزەل سەنئەت ۋە بەدىئىي

تەپەككۇر سەۋىيىسىنى چۇشەندۇرۇپ بەرگۈچى قىممەتلىك يادىكارلىقلار ھېسابلىنىدۇ.

تۇرپان رايونى تارىخىي مەدەنىي مىراسلار، مەدەنىي يادىكارلىقلار نۇقتىلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ۋىلايەت تەۋەسىدە 180 دىن كۆپرەك ئورۇندا مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىسى بار (بايقالغان، تېخى ئېچىلمىغان مەدەنىي يادىكارلىق نۇقتىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) ۋە ساقلىنىشىنىڭ مۇكەممەللىكى، ساقلانغان مەدەنىي يادىكارلىق ۋە تارىخىي مىراسلارنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تارىخىي ئەھمىيىتى جەھەتتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى جامائەتچىلىككە تونۇشلۇق. تۇرپان رايونىدا ساقلانغان تاش غارلار ۋە ئۆلاردىكى بۇددا سەنئىتىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلۇشى ناھايىتى جانلىق ۋە مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئاساسىي مەقسەت، بۇددىزم ئىدىئولوگىيىسىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن مەنىۋى قورال قىلىشتىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا قەدىمكى قوچۇدىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ كۆرۈنۈشى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇددىزم، بەدىئىي سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى قەدىمكى زامان تۇرپان رايونىدىكى سەنئەتكارلار شۇ دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي ھاياتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، ھەر خىل بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن بۇددىزمنىڭ قىسمەن ئەپسانىۋى مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، بىناكارلىق، ئۇسسۇل ئويناش، ساز چېلىش قاتارلىق رېئال ئىجتىمائىي كۆرۈنۈشلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ ۋە ئەنە شۇ ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئىبادەتخانىلاردىن تېپىلغان تام رەسىملىرىدە ۋە ھېكايىلىك تەسۋىرىي رەسىملىرىدە ئايان بولۇپ تۇرغان ئىبادەتخانىلار، ئۆي - ئىمارەت پېشايۋانلار، بالخانىلار، تۇر - مۇنارلار، ساراي - قەسىرلەر، قەدىمكى شەھەرلەر... نىڭ ھەممىسى تۇرپان رايونىدىكى قەدىمكى بىناكارلىقنىڭ تەرەققىياتىنى نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ.

بۇددىزم دۇنياۋى ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، قەدىمكى قوچۇ خەلقلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ

رەسىمچىلىك، ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇلچىلىق سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

(ئاپتور تۇرپان شەھەرلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئورنىدا ئىشلەيدۇ)

---

ئىزاھاتلار:

① مائۇريا خاندانلىقى ـ ھىندىستاندا مىلادىدىن 322 ـ 185 يىل ئىلگىرىدىكى چاغلاردا ئۆتكەن خاندانلىق.

② ئاسوكا ـ مىلادىدىن 273 يىل ئىلگىرى مائۇريا خاندانلىقىدا خان بولغان.

③ پاتولىپوترا ـ ھازىرقى ھىندىستاننىڭ پاتنا دېگەن يېرى.

④ گاندا خارا ـ ھازىرقى پاكىستاننىڭ غەربىي شىمال ئۆلكىسى پىشاۋۇرغا توغرا كېلىدۇ.

⑤ كۇشان خاندانلىقى ـ چەت ئەل تارىخىي ماتېرىياللىرىدا كوچورا كاد خىبىس دەپ ئاتالغان كىشى. I ئەسىردە توخرى قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قۇرغان خاندانلىق بولۇپ، ئۇ خانلىق نامىنى كۇشان خاندانلىقى، ئۆزىنى كۇشان خانى دەپ ئاتىغان. دائىرىسى بۈگۈنكى ھىندىستاننىڭ پەنجاپ شتاتىدىن شىمالىي شتاتقىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

⑥ كانىشكا I ـ مىلادى I ئەسىردە كونشان خانلىقىنىڭ پادىشاھى بولغان كىشى، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە كېڭىيىشىدە زور رول ئوينىغان بۇددىست.

⑦ فاشەن ـ شەرقىي جىن دەۋرىدە ئۆتكەن راھىب، شەنشى ئۆلكىسى پىڭيالڭ مەھكىمىسىنىڭ ۋۇيالڭ ناھىيىسىدىكى خىن جەمەتىدە تۇغۇلغان.

⑧ شۈەنزاڭ ـ تاڭ سىڭ. قەدىمكى پايتەخت لوياڭنىڭ شەرقىدىن 70 چاقىرىم كېلىدىغان خۇشى ناھىيىسىدىكى (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جىڭجۇڭ دېگەن يېرى) جىن باۋگو دېگەن جايدا بىر ئېسىلزادە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك ئىسمى ۋېي، ئۇنى چېن ۋېي دەپ ئاتايدۇ. شۈەنزاڭ ئۇنىڭ راھىبلىق نامى.

⑨ شۈەنزاڭ ئەينى ۋاقىتتا ھىندىستانغا بېرىپ بۇددا نوملىرىنى پىششىق ئىگىلەش مەقسىتىدە غەربىي يۇرتقا يەنى ھىندىستانغىچە بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، رەت قىلىشقا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۈەنزاڭ چاڭئەندىن خۇپىيانە يولغا چىقىپ، ئۆز سەپىرىنى باشلايدۇ. بەزى رىۋايەتلەردە شۈەنزاڭ غەربىي يۇرتقا بېرىشتا تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئۇنى چاڭئەندىن ئۇزىتىپ قويىدۇ، دېيىلىدۇ. لېكىن بۇ تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس

⑩ ئۇلۇغ كولوڭكو ـ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بۇددىزمنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر مۇنچە مەزھەپلەر بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرلىرى ماخايانا مەزھىپى ئىدى. بۇ مەزھەپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇلۇغ كولوڭكو» دەپ ئاتالغان.

⑪ كىچىك كولوڭكو (ھىنايا) ـ بۇددى دىنىدىكى كونا مەزھەپ. كىچىك كولوڭكو ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كىچىك هارۋا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.



www.uyghurkitap.com

⑫ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» 2 - قىسىم 1 - باب، «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بۇددا مەدەنىيىتى» دېگەن مەزمۇنغا قارالسۇن.

پايدىلىنىلىدىغان كىتابلار:


1. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» 2 - قىسىم، 1 - باب «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇددا مەدەنىيىتى» دېگەن مەزمۇنغا قارالسۇن.
2. «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»
3. «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1988 - يىللىق 2 - سان «قەدىمكى خوتەندىكى بۇددىزم مەدەنىيىتى»
4. «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1992 - يىللىق 1 - سان «بۇددا دىنىنىڭ كۇسەنگە دەسلەپكى تارقىلىشى»، «كۇشان پادىشاھلىقى ۋە قەدىمكى شىنجاڭ»
5. جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى «تەتقىقات خەۋەرلىرى»، «بىزنىڭ تارىختا چوقۇنغان دىنلىرىمىز»
6. ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى: 1994 - يىلى 3 - سان «شۆەنزاڭ ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى سەپىرى»، «مانى دىنى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار»
7. «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» 4 - باب 39 - 44 - بەتلەر
8. «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 92 - يىللىق 4 - سان «تۇرپان رايونىدىكى تاش قورال ئىزلىرى»، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ - ئادىتى»
9. «دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخى» 2 - كىتاب.
10. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - قىسىم 1 - باب، 5 - باب «شىجۇ (قوچۇ) ئۇيغۇرلىرى»
11. «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1994 - يىللىق 2 - سان «خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ دىنى ۋە مەدەنىيىتى»، «بېزەكلىكتىن تېپىلغان بىر پارچە يازما يادىكارلىق»
12. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1991 - يىل 4 - سان «ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان مانى دىنى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتىن ئومۇمىي بايانلار»
13. «تۇرپان تارىخىي ماتېرىياللىرى» 1 - كىتاب
14. «تۇرپان شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى».

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە ئۇلارنىڭ سانى مەسىلىسى توغرىسىدا قىسقىچە بايان

ھەببۇللا خوجا لەمجىنى

(1)

تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ بىر قىسمى بولغان تۇرپان ئويمانلىقى مەملىكىتىمىز بويىچە مۇھىم نۇقتىلىق ئارخېئولوگىيىلىك رايونلارنىڭ بىرى. يېقىنقى 200 يىلدىن بۇيان، ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى تارىخ، ئارخېئولوگىيە، جۇغراپىيە ساھەلىرىدە شۇنداقلا قەدىمكى تىل، يېزىق، مىللەت، دىن ۋە سەنئەت ـ مەدەنىيەت ساھەلىرىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلار ۋە ئالىملار تۇرپان رايونىغا ئالاھىدە دىققەت نەزىرى بىلەن قاراپ كەلدى. چۈنكى بۇ قەدىمىي بوستانلىق ۋادىدا كىشىنى ناھايىتى قىزىقتۇرىدىغان ۋە ھەيران قالدۇرىدىغان ئىنتايىن مول مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسار ـ ئەتىقىلەر، تارىخىي ئىزلار ۋە باشقىلار ساقلىنىپ قالغان.

Ⅶ ئەسىردىلا ئېلىمىزنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيە ساھەسىدىكى ئالىملار تۇرپان رايونىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئالايلۇق، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 1 ـ جىلدىدە، ئۇلارنىڭ «قوچۇ قەدىمكى قەلئەسىنى زىيارەت قىلىش، يارغول ئۆستىڭىنىڭ كونا ئېقىنىنى سۈرۈشتۈرگەن» لىكى خاتىرىلەنگەن. كېيىنكى چىن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى زىڭ بىڭخۇا ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىنىڭ يەر ئاستىدىن چىققان قەدىمكى زامان خەت ـ چەكلىرىنى كەڭ تۈردە يىغقان ۋە ئىشلەمچى ياللاپ قوچۇدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ «ناھايىتى كۆپ نوم پارچىلىرىنى تاپقان» .

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تۇرپان رايونىنى نۇقتا قىلغان دۇنياۋى «ئېكسپېدىتسىيە» دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ «دولقۇن»دا روسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ياپونىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ «ئېكسپېدىتسىيە» چىلىرى، مىسسىئونېرلىرى تۇرپان ۋادىسىغا كېلىپ، بۇ يەردە ھەر خىل كۆلەمدە ئارخېولوگىيىلىك ۋە جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. بۇ جەرياندا، ئۇلارنىڭ ئالدى بىر قېتىمدىن، كەينى 4 - 5 قېتىمدىن تۇرپانغا كېلىپ، نۇرغۇن قەدىمكى مەدەنىيەت - سەنئەت يادىكارلىقلىرىنى، شۇنداقلا دىن، ئەدەبىيات ۋە بەدىئىي سەنئەتكە دائىر قىممەتلىك ئەسەرلەرنى تاپتى ھەمدە ئۇلارنى تالاپ ئېلىپ كەتتى. شىنجاڭغا كەلگەن چەت ئەل «ئېكسپېدىتسىيە» چىلىرىنىڭ تۇرپان ئۇيمانلىقىغا قەدىمى يەتمىگەنلىرى بەلكىم يوق دېيەرلىك بولسا كېرەك.

1928 - يىلى مەملىكىتىمىز ئىچىدە جۇڭگو - شۋېتسىيە - گېرمانىيە ئالىملىرى قاتناشتۇرۇلغان «جۇڭگو - شۋېتسىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى» ئۇيۇشتۇرۇلغان. بۇ ئۆمەككە جۇڭگولۇق ئالىم شۈي بىڭشۈي بىلەن شۋېتسىيىلىك داڭلىق ئېكسپېدىست، جۇغراپىيون سېۋېن ھېدىن باشچىلىق قىلغان. ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىمۇ مەزكۇر ئۆمەكنىڭ غوللۇق ئەزالىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ ئۆمەك 1932 - 1933 - يىللىرى قۇمۇل ۋە تۇرپان رايونلىرىغا كېلىپ مەلۇم دائىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

1927 - 1928 - يىللىرى ۋە 1930 - يىلى ئېلىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى، يارغول قەدىمكى شەھىرى، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق جايلارغا كېلىپ خەت - چەك، قەبرە تەزكىرىلىرى ۋە باشقا بۇيۇملارغا ئېرىشكەن.

قىسقىسى، تۇرپان ۋادىسىدا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا شاھىد بولىدىغان ھەر خىل تاش قوراللار، ساپال بۇيۇملار (سىدام ۋە گۈللۈك)، سۆڭەك، مىس، برونزا ۋە تۆمۈردىن ياسالغان ھەر خىل جابدۇق، قوراللار ھەم بېزەك بۇيۇملار، پاختا، كاناپ، يىپەك توقۇلمىلار، ھەر خىل تىل -

يېزىقلاردا يېزىلغان تۈرلۈك مەزمۇندىكى ھۆججەت - ۋەسىقىلەر، دىنىي ۋە دۇنياۋى مەزمۇندىكى كىتاب - نوملار (ياكى ئۇلارنىڭ پارچىلىرى)، ئوۋچىلىق، بوركۇتۋازلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەر، مەدەنچىلىك، توقۇمىچىلىق، قەغەزچىلىك، مەتبەئەچىلىك، كالېندارچىلىق، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، نەققاشچىلىق، ئارخىتېكتورا. . . قاتارلىقلارغا دائىر مول مەزمۇنلۇق قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى ساقلىنىپ قالغان. بۇلاردىن باشقا، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر بىناكارلىق - قۇرۇلۇشىنىڭ يېگانە مەنبەسى ھېسابلىنىدىغان، دۇنياغا مەشھۇر 100 شەھەرنىڭ بىرى - ئىتالىيىدىكى پومپېي شەھىرى بىلەن بىر قاتاردا سانىلىدىغان يارغول قەدىمىي شەھىرى، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى قاتارلىقلار بار. ئۇلار نەچچە مىڭ يىللىق يامغۇر - يېشىن، بوران - چاپقۇن، ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرى ۋە باشقا بۇزغۇنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ھازىرمۇ ئەسلى قىياپىتىنى خېلى دەرىجىدە ساقلاپ قالغان بولۇپ، خۇددى تەبىئەتتىكى مۆجىزاتتەك يەنىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ نۇرلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان «تويۇق مىڭئۆيى»، «بېزەكلىك مىڭئۆيى» ۋە «يارغول مىڭئۆيى» قاتارلىق سەنئەت خەزىنىلىرى بار. ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ تېپىك نامايەندىلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان 200 نەچچە يىللىق تارىختا ئىگە «سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسى» مۇ تۇرپاننىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

بۇ ۋادىنىڭ ھەممىلا يېرىدىن - يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستىدىن ھازىرچە بايقىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، تارىخىي ئىزلار، ئاسارئەتىقىلەر، ئۆز يېتى دېڭۋدەك قۇرۇپ قېتىپ قالغان قەدىمكى جەسەتلەر ۋە باشقىلار قەدىمكى زاماندا بۇ ۋادىدا ياشاپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ شۇنداقلا ئۇلارغا قېرىنداش ۋە قوشنا بولۇپ تىرىكچىلىك قىلغان خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن بولغان ئىقتىساد - سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش

ۋە باردى - كەلدى قىلىش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايوندىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملار ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى پەقەت تۇرپان رايونىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىمۇ قىممەتلىك مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

تۇرپان رايونىدا چېتىلىش دائىرىسى شۇنچىۋالا نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسارئەتىقىلەر ۋە تارىخىي ئىزلارنىڭ خېلىلا ئوبدان ساقلىنىپ قېلىشى تۇرپان رايونىنىڭ جايلاشقان جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي شەرت - شارائىتى، ئىقلىمى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

(2)

تۇرپان ئويمانلىقى ئەمدىلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىگە خاس روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.

پۈتكۈل تۇرپان بوستانلىقىنىڭ مەمۇرىي دائىرىسى 69 مىڭ 700 كۋادرات كىلومېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن بولغان يەرنىڭ كۆلىمى 4050 كۋادرات كىلومېتىر. بۇ پۈتكۈل ئويمانلىق يەر كۆلىمىنىڭ 8.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 100 مېتىر تۆۋەن بولغان يەرنىڭ كۆلىمى 2085 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇ تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ 4.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ تۆت ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. شىمالىي تەرىپىدىكى بوغدا تېغى دېڭىز يۈزىدىن 3500 ـ 4000 مېتىر ئېگىز. ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى 6500 مېتىر كېلىدۇ. غەربىدە قارا قىزىل تېغى، جەنۇبىي تەرىپىدە چۆلتاغ، شەرقىي - جەنۇبىي تەرىپىدە قۇمتاغ بار. چۆلتاغ بىلەن قۇمتاغ پەسرەك. «يالقۇنتاغ» (قىزىلتاغ) ئويمانلىقنىڭ شىمالىغىراق جايلاشقان بولۇپ، يەر پوستىنىڭ پۈرۈلۈشىدىن شەكىللەنگەن. ئۇ يۇرا دەۋرى، بور دەۋرى ۋە ئۈچلەمچى دەۋرگە ئائىت قۇم - شېغىللىق جىنىسلار قاتلىمى ۋە قىزغۇچ لاتقا جىنىسلاردىن تەركىب تاپقان. قىزىلتاغ ئومۇمەن دېڭىز يۈزىدىن 500 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە

ئېگىز. ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى 851 مېتىر كېلىدۇ.

تۇرپان بوستانلىقىنىڭ يەر شەكلىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئومۇمەن، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ. شىمالىي رايونلارنىڭ يانتۇلۇقى بىر قەدەر تىك بولۇپ، ئومۇمەن 1/30 چامىسىدا؛ جەنۇبىي رايونلارنىڭ يانتۇلۇقى تۆۋەنرەك بولۇپ، ئومۇمەن 1/100 چامىسىدا.

تۇرپان تەڭرىتېغىنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان بوغدا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 89°29′ ـ 89°54′ شىمالىي پاراللېل 42°15′ ـ 43°35′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15 مىڭ 738 كۋادرات كىلومېتىر. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن. تۇرپان شەھەر رايونى دېڭىز يۈزىدىن ئاران 4.5 مېتىرلا ئېگىز. ئويمانلىقنىڭ ئەڭ پەس جايى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئايدىڭكۆل بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن. 1962 ـ يىلى دۆلەت ئۆلچەش ـ سىزىش ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە، ئايدىڭكۆلنىڭ تېگى دېڭىز يۈزىدىن 161 مېتىر تۆۋەن ئىكەن. ئايدىڭكۆلنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر. ئايدىڭكۆل مەملىكىتىمىز بويىچە قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ پەس ئويمانلىق، شۇنداقلا دۇنيا بويىچىمۇ قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ پەس ئويمانلىق. بۇ خىلدىكى مورەككەپ يەر شەكلى تۇرپان ئويمانلىقىنى تىپىك خاراكتېردىكى ئىچكى قۇرۇقلۇق ھاۋا كىلىماتىغا ئىگە قىلغان.

تۇرپاننىڭ يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز، يەنى 16.6 مىللىمېتىر، شۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىش دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، 2844.9 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. ئىسسىقلىق مەنبەسى ئىنتايىن كۆپ. قۇياشنىڭ ئوتتۇرىچە يورۇتۇش ۋاقتى 2055.4 سائەت. قىراۋسىز مەزگىلى ئۇزۇن بولۇپ، 244 كۈنگە يېتىدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى تېز، ئىسسىقلىقنىڭ تارقىلىشى ئاستا، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 13.9℃، ياز پەسلىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 30℃ تىن يۇقىرى بولىدۇ. يازلىقى قاتتىق قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. يىل بويى

30℃تىن يۇقىرى ئىسسىق بولىدىغان كۈنلەر 146 كۈنگە يېتىدۇ. 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ ئايلاردىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، كۈنلۈك ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 49℃قا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە رېكورت يارىتىلغان ئەھۋالمۇ بار. مۇشۇ مەزگىلدىكى ئوتتۇرىچە ئايلىق تېمپېراتۇرا 38℃تىن يۇقىرى بولىدۇ. يەر يۈزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇتلەق تېمپېراتۇرىسى 76.6℃قا يېتىدۇ. شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى قۇم بارخانلىرىدا يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 82.3℃قا يېتىدۇ. مانا مۇشۇنداق بولغاچقا، كىشىلەر تۇرپاننى «تونۇر»، «ئاتەش ماكان»، «ئوت يۇرتى» دەپ ئاتىشىدۇ. قىش پەسلى قاتتىق قۇرغاق سوغۇق بولىدۇ. 12 ـ، 1 ـ، 2 ـ، ئايلاردىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0℃تىن تۆۋەن بولىدۇ. ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 29.9℃ قا چۈشىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە تەبىئىي شارائىت ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىت تۇرپان رايونىدا دۇنيادا كەم كۆرۈلىدىغان نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە تۇرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، ئاسار ئەتىقە ۋە جەسەتلەرنى ئۆز پېتىچە دېگۈدەك قوينىدا ساقلاپ قالالىغان.

بۇلا ئەمەس، يەنە مۇشۇنداق ئالاھىدە تەبىئىي شارائىت ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىت بۇ ۋادىدا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى ئالاھىدە راۋاجلاندۇرۇشقا، بۇ ساھەدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭق چىقىرىشىغا تەبىئىي ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. بۇ رايوننىڭ سۇ مەنبەسى ئاساسلىقى، بۇلاق سۈيى ۋە تاغ سۈيى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما «تاغ سۈيى» پەسىل خاراكتېرلىك، ۋاقىتلىق بولۇپ، ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغاچقا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماسلىشىپ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «كارىز» دىن ئىبارەت مۆجىزىنى ياراتقان.

(3)

تۇرپان رايونى قەدىمكى شەرق بىلەن غەربنى، يەنى چاڭئەن بىلەن ئوتتۇرا دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى رىمنى تۇتاشتۇرىدىغان قۇرۇقلۇق كارۋان يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى ئۈستىگە جايلاشقان. يىپەك يولىنىڭ چوڭ

رەستە ئېغىزىغا جايلاشقان تۇرپان رايونى يىپەك يولىنىڭ روناق تېپىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ تۇرتكىسى ئارقىسىدا تەدرىجىي ھالدا، دۇنياۋى مەدەنىيەت تۇگۇنلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. بۇ نۇقتىنى دەل مۇشۇ رايوندىن ئۈزلۈكسىز تېپىلىۋاتقان ۋە يازما خاتىرىلەرنىڭ كەمتۈك جايلىرىنى تولۇقلايدىغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە ئېتنوگرافىيىگە ئائىت ماتېرىياللار ئىسپاتلاپ بارماقتا:

دۇنيا مەدەنىيىتىدىن ئالغاندا، جۇڭگونىڭ، قەدىمكى يۇناننىڭ ۋە قەدىمكى ھىندىستاننىڭ مەدەنىيىتى ئۈچ چوڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت دېيىلىدۇ. شىنجاڭ بۇ ئۈچ چوڭ مەدەنىيەتنىڭ ئۇچراشقان، قوشۇلغان جايى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەر خىل تىللار، يەنى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار، سام سىستېمىسىدىكى تىللار باشقا نۇرغۇن تىللار بىلەن شىنجاڭدا ئۇچراشقان. بۇنداق ئەھۋالنى شىنجاڭدىن باشقا جايدىن تاپقىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت، دىن جەھەتتىمۇ ئەھۋال شۇنداق. دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن - ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنلىرىمۇ شىنجاڭدا ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق ئەھۋالنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ». ① تەتقىقاتچىلار يەنە قەدىمكى شىنجاڭ دائىرىسىدە 17 خىل تىل، 27 خىل يېزىقنىڭ تېپىلغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ يېزىقلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا، باشقا مۇزېي، كۇتۇپخانىلاردا ياكى چەت ئەللەرنىڭ مۇزېيلىرى، كۇتۇپخانىلىرى، تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى قەيت قىلىشىدۇ. ② 45 يىلدىن بۇيان، تۇرپان رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ۋە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە بايقالغان ماتېرىياللار جى شيەنلىن ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى يەكۈنىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

قولىمىزدىكى ماتېرىياللاردىن شۇ نەرسە ئاياندىكى، تاش قوراللار دەۋرىدە ئىنسانلار بۇ ماكاندا ياشاپ تىرىكچىلىك قىلغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى II، I ئەسىردىن تاكى مىلادى XVII ئەسىرگىچە بولغان ئۇزاق



www.uyghurkitap.com

تارىخىي جەرياندا، تۇرپان رايونى پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى، مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ھەربىي ئورۇن ۋە قاتناش - ترانسپورت تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن. بۇ مۇنبەت تۇپراقلىق ۋادىدا ئىنسانلار ئىپتىدائىي زامانلاردىن تارتىپلا ياشاپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئېتنىك تەركىبى مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل بولغان قوس ( 姑师 ) ياكى جۇيشى ( 车师 )، ھون، ساك، سوغدى، ئۇيغۇر، تۈرك، ياغما، قارلۇق، قىرغىز ۋە باشقا قەبىلە - خەلقلەر بۇ يەردە ياشاپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

قەدىمكى زامانلاردا تۇرپان رايونىدا ياشىغان ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىگىلىكنىڭ كۆپ خىل ساھەلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دەۋرگە يارىشا ئۆزلىرىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئىقتىدارلىرىنى ياراتقان. قوشنا ئەل - خەلقلەر بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ۋە باشقا ھۈنەر - سەنئىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت فوندىنى بېيىتقان ۋە ئۆزلىرىگە خاس بىر خىل مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ياراتقان. شۇڭلاشقا، تۇرپان رايونىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ھۈنەر - سەنئىتىدە شەرقنىڭمۇ، غەربنىڭمۇ؛ جۇڭگونىڭمۇ، چەت ئەلنىڭمۇ؛ بۇددا دىنىنىڭمۇ، ئىسلام دىنىنىڭمۇ؛ ئۇيغۇرلارنىڭمۇ، ھىندى، خەنزۇ ۋە باشقىلارنىڭمۇ مەدەنىيەت ئۇسلۇبى ياكى خۇسۇسىيىتى ۋە پۇرىقى مەلۇم دەرىجىدە چىقىپ تۇرىدۇ، ئەمما قەدىمكى تۇرپان رايونىنىڭ ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەرلىك، ئۆزلىرىگە خاس مەدەنىيىتى ۋە ھۈنەر - سەنئىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ناھايىتى نۇرغۇن ماتېرىياللارمۇ بار.

قەدىمكى تۇرپان رايونىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئەينى دەۋردە ئۆزلىرىگە خاس مەدەنىيەت يارىتىپ، كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان.

شۇنى ئېيتىش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇكى، تۇرپان رايونى يىپەك يولى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پۈتكۈل ۋاقىتتا، يىپەك يولى ئارقىلىق دۇنياۋى مەدەنىيەتنى سۈزۈۋالغان رايون؛ ئۆزىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى ۋە ھۈنەر

www.uyghurkitap.com

- سەنئەتنى دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىغا تارقاتقان رايون؛ كۆپ قاتلاملىق، ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئالاھىدە مەدەنىيەت رايونىدۇر. دەل شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئېلىمىي ۋە چەت ئەل ئالىملىرى تۇرپان رايونىنىڭ تارىخى مەدەنىيىتى ۋە ھۈنەر - سەنئىتى قاتارلىقلارغا ئۇزاقتىن بېرى ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە «تۇرپانشۇناسلىق» تىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋى ئىلىممۇ دەل تۇرپان ۋادىسىنىڭ يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستىدا ساقلىنىپ قالغان ۋە بايقىلىپ قولغا چىققان سان - ساناقسىز مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئۇل قىلىپ دۇنياغا كەلگەن ئىلىمدۇر. «تۇرپانشۇناسلىق» يېقىنقى يۈز يىل مابەينىدە ناھايىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيادا 20گە يېقىن دۆلەت ۋە رايون «تۇرپانشۇناسلىق» تەتقىقاتىنى مۇھىم كۈن تەرتىپكە قويۇپ، مەخسۇس فوند، مەخسۇس خادىم ۋە مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىپ، «تۇرپانشۇناسلىق» تىن ئىبارەت زور ئىستىقبالغا ئىگە دۇنياۋى ئىلىم بىلەن شۇغۇللانماقتا.

(4)

تۇرپان رايونى يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك كۆپ قاتلاملىق ئالاھىدە مەدەنىيەتكە ئىگە ئارخېئولوگىيىلىك رايون. ئۇنىڭ بۇنداق كۆپ تەرەپلىمىلىك مەدەنىيەت تارىخىنى ئومۇمىيۈزلۈك سۈرەتلەپ بېرىش، شۈبھىسىزكى، مۇھىم ۋە شەرەپلىك ئىش. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ناھايىتى مۇرەككەپ بىر ئەمگەك. ئۇنى بىر - ئىككى پارچە ماقالە ياكى بىر - ئىككى پارچە كىتابچە بىلەنلا يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ، يالغۇز بىرلا پەنگە تايىنىپ يورۇتۇپ بەرگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. ئۇ جۇغراپىيە، تارىخ، پەلسەپە، قانۇن، تىل - يېزىق، ئەدەبىيات، ئېتنوگرافىيە، ئانتروپولوگىيە، ئېتمولوگىيە قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. بىز بۇ ماقالىمىزدە ئاساسەن، ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار ئۈستىدە توختىلىمىز.

تۇرپان شەھىرىنىڭ 40 كىلومېتىر شەرقىدە، ئىدىقۇت تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە مەشھۇر بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسى بار. بۇ قوچۇ قەدىمكى شەھىرىنىڭ خارابىسىدۇر. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىگە قاراخوجا -

ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى جايلاشقان.

ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە قوشنا ئاستانىنىڭ شىمالىي تەرىپى ئەسلىدە كەڭ كەتكەن سايلىق ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ شۇ ئەتراپتا ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن ھەر خىل تەبىقىدىكى ئادەملەر دەپنە قىلىنىۋېرىپ، ئاخىرى ئاستا ـ ئاستا قەبرىستانلىق بولۇپ شەكىللەنگەن ۋە ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن غەربىي شىمالىغا قاراپ كېڭەيگەن. ھازىرقى كۆندە، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 10 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىگە يېتىدۇ. بۇ قەبرىستانلىق ئاستانىنىڭ شىمالىغا، قاراخوجىنىڭ غەربىگە جايلاشقان.

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتا نۇرغۇن قېتىم ئەمەلىي تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، قەبرىستانلىقنىڭ جايلاشقان ئورنىغا ئاساسلىنىپ قاراخوجا مەھەللىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قەبرىستانلىقنى قاراخوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقى، قاراخوجا مەھەللىسىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى قەبرىستانلىقنى ئاستانە قەبرىستانلىقى، دەپ بۆلۈپ كۆرسەتكەن.

بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقتا ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىنتايىن مول، تۈرى كۆپ، مەزمۇنغا باي، شەكلى ھەر خىل، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ. ئۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان قولىيازمىلار، ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر، يازما ۋە باسما شەكىللەردە تەييارلانغان كىتاب ـ نوملار، توقۇلمىلار، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە باشقىلار مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ـ سىرتىغا داڭلىق بولۇپ، ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان يېگانە بۇيۇملار ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى رايون تارىخىنى شۇنداقلا بۇ يەردە ياشىغان قەبىلە ـ خەلقلەرنىڭ تارىخى، سىياسىي ـ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن ئەھۋالىنى ھەمدە بۇ رايوندا ياشىغان خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى ۋە ئانتروپولوگىيىسىنى شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى بىلەن بولغان كۆپ تەرەپلىمە تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە

ناھايىتى مۇھىم قىسمەتكە ئىگە. بۇ يەردىن تېپىلغان بۇيۇملار تەتقىقاتىنىڭ قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن تەتقىقاتچى - ئالىملار تەرىپىدىن «يەر ئاستى تەبىئىي مۇزېي» دەپ ئاتالماقتا.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ئاستىدا ھەر مىللەتتىن بولغان ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ «يەر ئاستى تەبىئىي مۇزېي» دا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. پەقەت 1959 - يىلىدىن 1975 - يىلىغىچە ئىشلەنگەن خىزمەتلەرنىلا مىسالغا ئالساق، 11 نۆۋەت ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ، 456 قەبرىنى ئاچقان. بۇ خىزمەتنىڭ ئىشلەنگەن ۋاقتى، قېزىلغان قەبرىلەرگە سېلىنغان نومۇرلارنىڭ رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

1 - قېتىم 1959 - يىلىدىن 1960 - يىلىغىچە ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن 40 قەبرە قېزىلدى. ئۇلارغا سېلىنغان نومۇر 307 — 59 TAM 301 ، 340 — 60 TAM 308 ؛ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئالتە قەبرە (يەنى 307 — 59 TAM 103 نومۇرلۇقىچە بولغان قەبرىلەر) 1959 - يىل 10 -، 11 - ئايلاردا قېزىلدى. قەبرىلەردىن چىققان ماتېرىياللارغا ئېنىق يىل ۋاقتى يېزىلغان. مەسىلەن: TAM 301 نومۇرلۇق قەبرىدىن پۈتۈك چىققان، ئۇنىڭغا «جېنگۇەننىڭ 17 - يىلى» (مىلادى 643 - يىلى) دېگەن ۋاقىت يېزىلغان؛ 302 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قەبرە تەزكىرىسى چىققان، ئۇنىڭغا «يۇڭخۇينىڭ 4 - يىلى» (مىلادى 653 - يىلى) دېگەن ۋاقىت يېزىلغان؛ 303 - نومۇرلۇق قەبرىدىن «خېپىڭنىڭ تۇنجى يىلى» دېگەن ۋاقىت يېزىلغان قەبرە تەزكىرىسى چىققان؛ 304 - نومۇرلۇق قەبرىدىن «چۇيگۇڭنىڭ 4 - يىلى» (مىلادى 688 - يىلى) دېگەن ۋاقىت يېزىلغان قەبرە تەزكىرىسى چىققان؛ 305- نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر تىلخەت چىققان بولۇپ، ئۇنىڭغا «جيەنيۈەننىڭ 20 - يىلى» (مىلادى 384 - يىلى) دېگەن يىلنامە يېزىلغان؛ 306 - نومۇرلۇق قەبرىدىن «جاڭفېنىڭ 11 - يىلى» (مىلادى 541 - يىلى) دېگەن يىلنامە يېزىلغان قەغەز قاتارلىق نەرسىلەر چىققان. بۇ ئالتە قەبرىدىن چىققان بۇيۇملار ئېنىق يىل ۋاقتى بويىچە مىلادى 384 - 688 - يىللارغا

ئائىت ماتېرىياللاردۇر ③.

2 ـ قېتىم 1963 ـ 1965 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 42 قەبرە قېزىلغان. ئۇلارغا سېلىنغان نومۇر: 42 — 38 TAM 65 ؛ 37 — 14 TAM 6 ؛ 3 — 11 TAM 63 بۇنىڭ ئىچىدىكى بەش قەبرە بەك ۋەيران بولۇپ كەتكەچكە، تازىلاشقا ئىمكان بولمىغان.

3 ـ قېتىم 1963 ـ يىلى قاراخوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 14 قەبرە قېزىلغان. ئۇلارغا سېلىنغان نومۇر: 14 — 1 TAM 63 ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتە قەبرە بەك بۇزۇلۇپ كەتكەچكە تازىلاشقا ئىمكان بولمىغان.

4 ـ قېتىم 1966 ـ يىلى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 13 قەبرە قېزىلغان. ئۇلارغا سېلىنغان نومۇر: 73 — 43 TAM 66 .

5 ـ قېتىم ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 25 قەبرە قېزىلغان. ئۇلارغا سېلىنغان نومۇر: 98 — 67 TAM 74

6 ـ قېتىم 1968 ـ يىلى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 10 قەبرە قېزىلغان. ئۇلارغا سېلىنغان نومۇر: 98 — 99 TAM 68

7 ـ قېتىم 1969 ـ يىلى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 39 قەبرە قېزىلغان. ئۇلارغا سېلىنغان نومۇر: 147 — 90 TAM 69

8 ـ قېتىم قاراخوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 40 قەبرە قېزىلغان. ئۇلارغا سېلىنغان نومۇر: 54 — 10 TAM 69

9 ـ قېتىم 1972 ـ يىلدىن 1973 ـ يىلغىچە ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 92 قەبرە قېزىلغان. ئۇلارغا سېلىنغان نومۇر: 48 — 197 TAM 73 ، 196 — 239 TAM 72

10 ـ قېتىم 1973 ـ يىلى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 32 قەبرە قېزىلغان. بۇلارغا سېلىنغان نومۇر 532 — 501 TAM 73

11 ـ قېتىم 1975 ـ يىلى قاراخوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا 50 قەبرە قېزىلغان. بۇلارغا سېلىنغان نومۇر 104 — 55 TAM 73④

مۇشۇ 11 قېتىملىق قېزىش ـ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئەگىشىپ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، سابىق شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش - باشقۇرۇش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلاردىن مو شۇنىيىڭ، ۋۇ جېيىڭ، ۋاڭ بىڭخۇا، ۋاڭ مىڭجى، مايىت، مۇھەممەت ھاجى، سابىت ئەخمەت، ئوبۇلقاسىم، ئەخمەت رېشىت، ئابدۇقېيىيۇم خوجا، تۇرسۇن ئەيسا، ياسىن ئەيسا، ئابدۇرېھىم ئىمىن، ئابدۇروسۇل، ئىسرائىل يۇسۇپ، ئىدرىس ئابدۇروسۇل، ئەركىن مىجىت، يۇسۇپ مۇھەممەت، تەن چىڭۇاڭ، شىڭ كېيىڭ قاتارلىق يولداشلار رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە قاتناشقان. مۇشۇ 11 قېتىملىق تەكشۈرۈش داۋامىدا ئونمىڭ دانىگە يېقىن مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمى قولغا كەلتۈرۈلگەن. ئۇ بۇيۇملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا، بىر قىسمى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە - مەدەنىيەت يادىكارلىق تەتقىقات ئورنىدا، يەنە بىر قىسمى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش-مۇھاپىزەت قىلىش ئورنىدا ساقلانماقتا.

(5)

ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىق تەتقىقاتچىلىرى قاراخوجا - ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان تۈرلۈك ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى تۈرى، شەكلى، ئىپادىلىگەن مەزمۇنى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى قاتارلىق بىر قانچە جەھەتتىن ئىلمىي ئانالىز قىلىش، ئىنچىكىلىك تەكشۈرۈش ۋە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دەۋرىنى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بالدۇرقى مەزگىل، ئوتتۇرا مەزگىل ۋە ئاخىرقى مەزگىل، دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىغان.

بالدۇرقى مەزگىل دېيىلگەن مەزگىلنىڭ يىل چېكى مىلادى 265 - 439 - يىللار بىلەن يەنى غەربىي جىن سۇلالىسى 16 پادىشاھلىق، دەۋرى بىلەن چەكلىنىدۇ.

بۇ مەزگىلگە ئائىت قەبرىلەردىن ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملاردىن ياغاچ ئات، ياغاچ كالا، ياغاچ كالا ھارۋىسى، ياغاچ كەز، قولاقلىق ياغاچ جام، ياغاچ قوشۇق، ياغاچ گۈرجەك، ھاسا، كىيىم جاھازىسى قاتارلىقلار

چىققان. ساپال بۇيۇملاردىن سىيدام، گۈللۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرى چىققان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل، قارا ۋە ئاق رەڭلەردە نەقىش چىقىرىلىپ ياسالغان ساپال چۆچەك، ساپال كومزەك، قازان، ئىۋرىق، چۆگۈن، ئىدىش، تەشتەك، چىراغ قاتارلىقلار بار. يەنە سىرلانغان قولاقلىق قەدەھ، چۇمۇچلەرمۇ بار.

مۇشۇ مەزگىلگە ئائىت قېزىۋېلىنغان توقۇلما بۇيۇملار ئىچىدە كەندىر تالالىرىدىن توقۇلغانلىرى ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، كۆڭلەك، شىم، يوپكا، يوتقان - كۆرپە قاتارلىقلار بار.

يىپەك توقۇلما بۇيۇملاردىن ھەر خىل رەڭدىكى شايى، دۇردۇن، كىمخاب قاتارلىقلار بار. يىپەك كەشتىلەردىن ئۈزۈم، قۇش ۋە ھايۋانات سۈرىتى كەشتىلەنگەن كىمخابلار بار.

بۇ مەزگىلگە ئائىت قەبرىلەردىن قەغەزدىن ياسالغان كەش تېپىلغان. بۇ كەشكە ئىشلىتىلگەن قەغەزلەر شەخسنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ خەت - چەكلىرى بولۇپ، 140 پارچىدىن ئارتۇق خەت - چەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئوتتۇرا مەزگىلنىڭ يىل چېكى 386 ـ 640 ـ يىللار، يەنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىت بىلەن چەكلىنىدۇ.

ئوتتۇرا مەزگىلگە ئائىت قەبرىلەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بالدۇرقى مەزگىللىك قەبرىلەردىكىگە ئوخشاش ياغاچ قاچا-قۇچىلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى رەڭدار گۈللۈك ساپال بۇيۇملارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. مەسىلەن، مۇشۇ مەزگىلگە ئائىت تېگى قىزىل ياكى قارا رەڭدە ياسالغان كوپ، كومزەك، جام ۋە ئىدىشلارنىڭ ئۈستىگە قارا، قىزىل ۋە ئاق رەڭلەردە نىلۇپەر گۈللۈك نەقىشلەر چىقىرىلغان. ئارخېئولوگلار تۇرپان رايونىدىن قېزىۋېلىنغان بۇنداق رەڭلىك ساپال بۇيۇملار ئۈستىگە ھەر خىل رەڭلەردىن نەقىش ئىشلەنگەن مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ، بۇ «قوچۇ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى

www.uyghurkitap.com

مەزگىلىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكى» دەپ قەيت قىلىشقان.

ئوتتۇرا مەزگىلگە ئائىت قەبرىلەردىن قوي سېتىۋېلىپ يەرنى قىلىش ھەققىدىكى ھېسابات دەپتىرى، ئۈزۈملۈك باغ سېتىۋېلىش ھەققىدىكى ئىلتىماس، ئىبادەتخانا خەت - چەكلىرى، ئەرز، ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ خەت - چەكلىرى ۋە باشقا نەرسىلەر خاتىرىلەنگەن 400 پارچىدىن ئارتۇق ھۆججەت ۋە خەت - ئالاقە قاتارلىقلار بار.

بۇلاردىن باشقا، يەنە مەلۇم ساندا مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان كۆزگۈلەر، ئوت - چۆپلەردىن ياسالغان قونچاق ۋە بۇغداي ئۇنىدا تەييارلانغان ھەر خىل يېمەكلىكلەر چىققان.

ئوتتۇرا مەزگىلگە ئائىت قەبرىلەردىن چىققان توقۇلما بۇيۇملاردىن كەندىر تالالىرىدىن ۋە يىپەك ھەم پاختىدىن توقۇلغان بۇيۇملار بار. جۈپ قوي سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىمخاب چۈمبەت، ئۈنچە چەمبىرەكلىك جۈپ توز سۈرەتلىك كىمخاب چۈمبەت، جۈپ قۇش، جۈپ قوي ۋە جۈپ ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۆرۈك گۈللۈك كىمخاب، كارۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن «胡王» (غوزلار شاھى) خەتلىك كىمخاب، قوشقۇراق گۈللۈك دارايى قاتارلىقلار ئېسىل توقۇلمىلارنىڭ مىساللىرىدۇر.

ئاخىرقى مەزگىللىك مەدەنىيەت دەۋرى - بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ يىل چېكى مىلادى 640 - 778 - يىللار بىلەن چەكلىنىدۇ.

ئاخىرقى مەزگىللىك قەبرىلەردىن 1000 پارچىدىن ئارتۇق خەت - چەك تېپىلغان. بۇ ئالدىنقى ئىككى مەزگىللىك قەبرىلەردىن چىققان يازما يادىكارلىقلارنىڭ سانىدىن جىق كۆپ. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ھەر خىل بولۇپ، ئاساسەن ئىجارە، ئالۋان - سېلىق، ئېكىنچىلىك، ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلار قاتارلىقلارغا دائىر ھۆججەتلەر، يول خېتى، ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ خەت - چەكلىرى ۋە باشقا مەزمۇندىكى ھۆججەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردىن يەنە مەملىكىتىمىز بويىچە يېگانە قولىيازما، جېڭ شۈەننىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان»غا بەرگەن ئىزاھىنىڭ قولىيازمىسىمۇ تېپىلدى.

ئاخىرقى مەزگىللىك قەبرىلەردىن سانى، تۈرى، رەڭگى، سۈپىتى ۋە

شەكلى ئالدىنقى ئىككى مەزگىللىك قەبرىلەردىن قېزىلغان توقۇلما بۇيۇملاردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدىغان يىپەك، پاختا، كەندىر ۋە يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار چىققان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇتاش ئۈنچە - چەمبىرەك ئىچىگە دولدۇل مىنگەن چەۋەندازنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن كىمخاب، بۇغا سۈرەتلىك كىمخاب، توز قۇيرۇقى سۈرەتلىك كىمخاب، گۈل ۋە قۇش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تەكتى گۆش رەڭلىك باسما گۈللۈك دۇردۇن، ئۈنچە چەمبىرەك، ئەجدىھا سۈرەتلىك دارايى، ھاۋارەڭ زەر باسقان شايى، گۈل بېسىلغان شايى، ئۈزۈم سۈرەتلىك تەكتى ئاق باسما گۈللۈك ھىلھىلە، تۆگۈپ بويالغان غۇنچە گۈللۈك ھىلھىلە، دۇردۇندىن ياسالغان گۈل قاتارلىقلار كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ.

بۇ مەزگىلگە ئائىت ياغاچتىن ۋە لايدىن ياسالغان قونچاقلارمۇ دىققەتكە سازاۋەر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇسسۇلچى قىز، ياغاچتىن ياسالغان چەۋەنداز، لايدىن ياسالغان بېشىغا شايى رومال چەگكەن ئايال، چەۋگان ئوينىغۇچى، بېشى لايدىن، گەۋدىسى ياغاچتىن ياسالغان ھەرەم ئاغىسى، ياغاچتىن رەڭلىك قىلىپ ئويۇپ ياسالغان دىباراجا قاتارلىقلار بار.

بۇ مەزگىلگە ئائىت سەنئەت ئەسەرلىرى ئىچىدە، دۇردۇنغا سىزىلغان شاھمات ئويناۋاتقان ھۆر قىز سۈرىتى، ئات باقار سۈرىتى، گۈل - چېچەكلەر ۋە ئۇچار قۇشلار سۈرىتى ھەمدە ياغاچقا ئويۇلغان ئادەم سۈرئىتى قاتارلىقلار بار. بۇلار يۇكسەك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان بەدىئىي سەنئەت نەمۇنىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

«يەر ئاستى تەبىئىي مۇزېي» دا تۇرپان ۋادىسىدىكى قەدىمكى دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان ناھايىتى زور تۈركۈمدىكى بۇيۇملارمۇ ساقلانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇغداي، بۇغداي ئۇنىدىن ئىشلەنگەن نان، جوۋاۋا، چۆچۈرە ۋە باشقا ھەر خىل يېمەكلىكلەر بار. كۆمۈرگە ئايلانغان چىگىت، كۈپقا ۋە خالتىغا قاچىلانغان تېرىق ھەتتا ساپال تاۋاقلارغا ئۇسۇپ قويۇلغان تېرىق ئېشى، شۇنداقلا چۈژگۈن، ئارپا دانلىرى، دادۇر، قارا پۇرچاق ۋە زىغىر قاتارلىقلارمۇ تېپىلغان.

www.uyghurkitap.com

مىلادى 273 ـ 778 ـ يىللارغا تەئەللۇق دەپ قارالغان قەبرىلەردىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئىچىدە ئۈزۈم، قوغۇن ئۇرۇقى، قوغۇن شاپىقى، چىلان (قېقى)، ياڭاق، ئامۇت ـ نەشپۈت، ئەينۇلا، شاپتۇل، ئۆرۈك، بادام، گۈنجۈت، بېدە، قاپاق ۋە باشقىلار بار. ⑤

(6)

يېقىنقى 40 نەچچە يىل مابەينىدە تۇرپان رايونىدىن كۆپ خىل تىل ـ يېزىقلاردىكى ماتېرىياللار تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، سوغدىچە، قەدىمكى تۈركچە، مانىچە، كېنگىتچە (توخرى يېزىقى <A>)، كۇسەنچە (توخرى يېزىقى <B>)، قۇچۇ يېزىقى، سانسكرىتچە، براھمىچە، تۈرك يېزىقى، ساك يېزىقى، تىبەتچە، موڭغۇلچە ۋە باشقا يېزىق تىللاردا خاتىرىلەنگەن نوم دەستۇرلار، خەت ـ چەكلەر، ھۆججەت، ۋەسىقىلەر تېپىلدى. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە.

خەنزۇچە خەت ـ چەكلەرنىڭ يېزىلغان يىل ۋاقتىدىن ئېيتقاندا، ئەڭ بۇرۇن يېزىلغانلىرى دەپ ھېسابلانغانلىرى غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرى يەنى مىلادى 273 ـ يىلىغا، ئەڭ كېيىنكى دەپ ھېسابلانغانلىرى تاڭ سۇلالىسى دالى يەتتىنچى يىلىغا، يەنى 772 ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ. بۇ خەنزۇچە خەت ـ چەكلەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن، يەرنى، باغنى، تەكلىكنى ئىجارە بەرگەن ـ ئىجارە ئالغانلىق تىلخەت، ئېلىم ـ بېرىم ھۆججىتى، نوپۇس تىزىملىكى، مەنسەپ بېرىلگەنلىك ئۇقتۇرۇشى، ھەربىي ئىشلارغا ئالاقىدار خەت ـ چەكلەر، تىبابەتچىلىك رېتسېپلىرى، قەدىمكى بەزى كىتابلار ۋە ئۇلارنىڭ شەرھىيسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. تۇرپاندىن يەنە «ئۈچ دۆلەت تەزكىرىسى»، «قەدىمنامە»، «ئۇلگىلىك سۆزلەر»، «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «ئالدىراڭغۇلۇق»، «ۋېينامە» نىڭ كەمتۈك بەتلىرى، «مىڭ خەتلىك بايان» قاتارلىق مەملىكىتىمىز بويىچە ناھايىتى قىممەتلىك قەدىمكى كىتابلارمۇ تېپىلغان.

تۇرپان ئويمانلىقىدىن ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن ناھايىتى نۇرغۇن كىتاب ـ نوملار، ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر ۋە باشقا خەت ـ چەكلەر تېپىلدى.

بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دېگۇدەك بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە نىستۇرىئان دىنى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك. بۇلار بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدىغان ۋەسىقىلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ تېپىلغان. خەلقئارا ئۇيغۇرشۇناسلىق ۋە تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە مەنبە ھېسابلىنىدىغان «تۇۋا دۇئاسى»، «چاستانى ئىلىك بەگ قىسسىسى»، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»، «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇق»، «مايترى سىمىت»، «ئىرىغ پۈتۈك»، «رەسسام بىلەن ياغاچچى ھېكايىسى»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «تۇرپان شېئىر - قوشاقلىرى»، «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ئائىت پارچىلار»، رېتسېپلار، قەغەزچىلىك، مەتبەئەچىلىك ۋە كالېندارچىلىققا دائىر ماتېرىياللارمۇ بار.

ئىجتىمائىي ئىقتىسادقا دائىر ھۆججەتلەر ئىچىدە يەرنى، باغنى ئىجارە ئالغان - ئىجارە بەرگەن ھۆججەتلەر، ئاشلىق، ياغلىقدان، پاختا، ئۈزۈم شارابى، رەخت ۋە باشقىلارنى قەرز ئالغان - قەرز بەرگەن ھۆججەتلەر، توختامنامىلەر، ئالۋان، باج - سېلىق ۋە باشقىلارغا دائىر خەت - چەكلەر، ساڭرام ۋە ئىبادەتخانىلارغا ۋەخپە قىلىنغان يەر ھۆججىتى قاتارلىقلار بار.

ئۇيغۇرچە يېزىلغان ھۆججەت - ۋەسىقىلەر ۋە باشقا يازما ماتېرىياللارنىڭ يېزىلغان دەۋرى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئارخېئولوگىيە ۋە قەدىمكى تىل - يېزىق ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلارنى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەڭ بالدۇرقى يازمىلار مىلادى Ⅵ ، Ⅴ ئەسىرلەرگە، ئەڭ كېيىنكى دەپ ھېسابلانغانلىرى X Ⅲ ، X Ⅳ ئەسىرلەرگە تالىق ئىكەن.

تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ مەملىكىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقىنى قانچە، چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقىنى قانچە، بۇنىڭغا ئېنىق سانلىق مەلۇمات ئاساسىدا جاۋاب بېرىش تەس. يازما ھۆججەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. بۇنىڭ كۆپلىگەن سەۋەبلىرى بار. لېكىن ئاساسلىق سەۋەب: بىرىنچى، تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلەر بىلەن دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىش ئەھۋالى، يەنى «ستەيىن خەت - چەكلىرى»، «پېللىئوت خەت - چەكلىرى» ۋە

«ئوتانى ساقلانمىلىرى» دېگەندەكناملار بىلەن ئاتىلىپ كېتىش ئەھۋالىنىڭ مەۋجۇتلۇقى؛ ئىككىنچى، خەت - چەكلەر مەزمۇن، تور جەھەتتىن ئىنچىكە رەتلەنمىگەنلىكى، تۈرلەرگە ئايرىش تاماملانمىغانلىقى، تولۇق نومۇر سېلىپ بولۇنمىغانلىقى؛ ئۈچىنچى، ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر.

گەرچە بىز بۇ جەھەتتە تولۇق ۋە ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئېرىشەلمىگەن بولساقمۇ، ئەمما ئېلان قىلىنغان ئالاقىدار بەزى ماتېرىياللاردىن مەلۇم سانلىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز.

1960 - يىلى موسكۋادا 25 - نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلار يىغىنى چاقىرىلغان. يىغىن مەزگىلىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى لېنىنگراد شۆبىسى خەزىنىچە 1000 پارچە خەت - چەكنى ئېلىپ چىقىپ كۆرگەزمە قىلغان. بۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان خەنزۇچە خەت - چەكلەرنى تۇنجى قېتىم جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1963 - يىلى مىنشىكوف قاتارلىقلار تۈزگەن «ئاسىيا مىللەتلىرى تەتقىقات ئىنستىتۇتى دۇنخۇاڭ پەۋقۇلئاددە بۇيۇملار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان خەنزۇچە پۈتۈكلەرنى چۈشەندۈرۈش مۇندەرىجىسى» نىڭ بىرىنچى تومى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭغا 1707 پارچە ھۆججەتنىڭ مۇندەرىجىسى ۋە بۇ ھۆججەتلەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بېرىلدى. 1967 - يىلى يۇقىرىقى «مۇندەرىجە» نىڭ ئىككىنچى تومى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭغا 1707 - نومۇردىن 2954 - نومۇرغىچە بولغان 1246 نومۇر (ھۆججەت) كىرگۈزۈلگەن. مەزكۇر «‹مۇندەرىجە› نىڭ 2 - تومىنىڭ «كىرىش سۆزى» دە: «مۇندەرىجە» نىڭ 1 -، 2 - تومىدا كۆرسىتىلگەن سانلارنىڭ جەملەنمىسى، ئېھتىمال، پەۋقۇلئاددە بۇيۇملار بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان خەت - چەكلەرنىڭ 1/3 گىمۇ يەتمەسلىكى مۇمكىن» دېيىلگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى پېترىنىڭ «دۇنخۇاڭ پۈتۈكلىرى» ناملىق ماقالىسىدە ئاشكارىلىنىشىچە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسىيا مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ھۆججەتلەر 12 مىڭ پارچە ئىكەن. ⑥ بۇ

هۆججەتلەر خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، تىبەتچە، تاڭغۇتچە، سانسكرىتچە، قارۇشتىچە، سوغدىچە، باسباچە ۋە چاغاتايچە يېزىقلاردا ئىكەن. ئۇيغۇرچە ۋە باشقا يېزىقتىكى خېلى بىر تۈركۈم يېزىق ماتېرىياللىرى لېنىنگراتتىكى ئېرمىتاژ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. رۇس ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ تۇرپاننىڭ ئۆزىدىلا تارتقان 8000 پارچە سۈرىتىمۇ شۇ جايلاردا ساقلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ⑦.

ئەنگلىيىلىك ئا. ستەيىن 1915 - يىلى 2 - ئايدا تۇرپاندىن 182 ساندۇق مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇمنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ⑧.

گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تۇرپاندىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى ئاز ئەمەس. پروفېسسور، دوكتور ئا. فون گابائىن 1961 - يىلى ئېلان قىلغان يىرىك ئەسىرى «قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» ناملىق ئەسىرىدە: «گېرمانىيە (سابىق گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتى) پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يەتتە چوڭ ئىشكابى گېرمانىيىنىڭ تۆت قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى قېزىۋالغان قەدىمكى تۈرك تىلى قولىيازمىلىرى ۋە ئويما خاتىرىلەر بىلەن تولغان. بۇلاردىن باشقا يەنە شۇ دەۋرنىڭ تام سۈرەتلىرى ۋە قېزىۋېلىنغان باشقا بۇيۇملارمۇ بار» ⑨.

گېرمانىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۆت قېتىملىق تۇرپان ئېكسپېدىتسىيىسى جەريانىدا جەمئي 450 ساندۇقتىن كۆپ باسما، يازما بۇيۇم ۋە گۈزەل - سەنئەت بۇيۇملىرىنى گېرمانىيىگە يۆتكەپ كەتكەن.

گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنىڭ سانى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە 20 مىڭدىن ئاشىدىكەن ⑩.

ياپونىيىلىكلەرنىڭ تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ھەمدە باشقا يېزىقلاردىكى ھۆججەت، ۋەسىقە ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنىڭ تەقدىرى باشقىچىرەك بولدى.

1902 - 1914 - يىللاردا ئوتانى ۋە جۇرۇيچاۋ قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ

ئۈچ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تارىخ، جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت قاتارلىقلارغا دائىر ناھايىتى نۇرغۇن قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتتى.

ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئوتانى ئەسلىدە ياپونىيىدىكى شىبېنيۇەن بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ 22 ـ ئەۋلاد دىنىي ئۇستازى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا شىبېنيۇەن ئىبادەتخانىسىنىڭ مالىيىسىدە زور قىيىنچىلىق كۆرۈلگەنلىكتىن، ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىن ۋە باشقا جايلاردىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ياپونىيىنىڭ ئىشغالىيىتىدە تۇرۇۋاتقان لۈيشۈن مۇزېيىغا سېتىپ بەرگەن ⑪؛ يەنە بىر قىسمىنى بولسا، جەنۇبىي چاۋشيەننىڭ سابىق باش ۋالىي مەھكىمىسى مۇزېيىغا سېتىپ بەرگەن. لۈيشۈن مۇزېيىدا ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى 1933 ـ ۋە 1943 ـ يىللىرى «لۈيشۈن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بۇيۇملار سۈرىتىنىڭ مۇندەرىجىسى» دە ئېلان قىلىنغان. تۇرپاندىن ئېلىپ كېتىلىپ لۈيشۈن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان يازما يادىكارلىقلارنىڭ ياپونىيىلىكلەر تەرىپىدىن دەسلەپكى قەدەمدە نومۇر سېلىنغىنى 15 مىڭ، تېخى رەتلەنمىگىنى 10 باغلام بولۇپ، كۇسەنچە، ئۇدۇنچە، ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى ھۆججەتلەر 500 پارچىدىن كۆپرەك ئىكەن.

1948 ـ يىلى ئوتانى ئۆلگەندىن كېيىن، ئادەم تەشكىللەپ قەدىمكى ھۆججەتلەر قايتا تەكشۈرۈلگەن. ياپونىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەر 1949 ـ يىلى تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان 29 قاپ ھۆججەتنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى شىبېنيۇەن ئىبادەتخانىسى ئاچقان لۇڭگۇ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

قىسقىسى، ياپونىيىلىكلەرنىڭ 1902 ـ 1914 ـ يىللاردا تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ لۇڭگۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا نومۇر سېلىنىپ ساقلىنىۋاتقىنى 4830 دانە؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر 973 پارچە؛ سانسكرىتچە، موڭغۇلچە، تىبەتچە ۋە تاڭغۇتچە يېزىقتىكىلىرى 425 پارچە؛ شۇنداقلا خەنزۇچە ئارىلاش يېزىلغان خەت ـ چەكلەر 530 پارچە. بۇلاردىن باشقا ئۇدۇنچە، كۇسەنچە، قارۇشتىچە ۋە

ئاگنىي يېزىقلىرىدا يېزىلغان مەلۇم ساندىكى ھۆججەتلەر بار. بۇلار توكيو، كيوتو ھەمدە نىڭلى گۈزەل - سەنئەت سارىيى، يۇلىڭ سارىيى ۋە بەزى شەخسلەردىمۇ مەلۇم ساندا ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم ⑫.

تۇرپان رايونىدىن تېپىلىپ، جەنۇبىي چاۋشيەننىڭ سابىق ۋالىي مەھكىمىسى مۇزېيىغا «بېرىپ قالغان» بىر تۇركۈم ھۆججەت - ۋەسىقىلەر 1930 - يىلى «چاۋشيەن باش ۋالىي مەھكىمىسى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ھەزرەت ئوتانى غەربىي يۇرتتىن يىغىۋالغان بۇيۇملار» نامى بىلەن ئېلان قىلىنغان. بۇ ھۆججەت - ۋەسىقىلەر سېئۇل مۇزېيىدا ساقلانماقتا. 1983 - يىلىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر مۇزېي ئۇ بۇيۇملارنى رەتلىمەكتە ئىكەن. شۇڭا ئۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان ھۆججەتلەرنىڭ سانى ئېلان قىلىنمىغان ⑬.

فىنلاندىيىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپاندىن چىققان ھۆججەتلەر ئاساسەن مانىنېر ھام 1906 ـ 1908 - يىللىرى شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدە يىغىۋالغان بۇيۇملاردۇر. 1977 - يىلى نەشر قىلىنغان «فىنلاندىيىنىڭ شەرقتىن يىغىۋالغان بۇيۇملار قوللانمىسى» غا ئاساسلانغاندا، فىنلاندىيىنىڭ خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا هازىر خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، سانسكرىتچە، قەدىمكى خوتەنچە يېزىقلاردىكى ھۆججەتلەر، شۇنداقلا سوغدىچە ۋە قەدىمكى پارسچە پۈتۈكلەر بولۇپ 2000 پارچىدىن كۆپرەك ھۆججەت - ۋەسىقىلەر ساقلانماقتا ئىكەن ⑭.

1994 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدىكى تەتقىقاتچى ئىسرائىل يۈسۈپ ياپونىيە ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ئەۋەتكەن (1993 - يىلى 12 - ئايدا نەشر قىلىنغان) «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى» ناملىق ئۈچ توملۇق بىر يۈرۈش كىتابنى تاپشۇرۇۋالدى. ئىسرائىل يۈسۈپنىڭ ئېيتىشىچە، 2 - تومغا XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپاندىن تېپىلغان 121 پارچە ۋەسىقىنىڭ يېڭى ترانسكرىپسىيىسى، ياپونىيە ۋە نېمىسچە تەرجىمىسى، ئىزاھاتى، تەرجىمە ئىندىكىسى ۋە مۇندەرىجىسى بېرىلگەن. 3 - تومىدا بۇ ھۆججەتلەرنىڭ فوتو سۈرىتى (فاكسىمىل) بېرىلگەن. ⑮

تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان يېزىق ماتېرىياللىرى ئىچىدە قەبرە تەزكىرىلىرى (قەبرە خاتىرە تېشى) ۋە بېغىشلىمىلارمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇلار ئاساسەن قاراخوجا ـ ئاستانە قەبرىستانلىقى، يارغول قەدىمكى شەھىرى، لۈكچۈندىكى ۋە ئايدىڭكۆلدىكى قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان. ئۇ جايلاردىن تېپىلغان قەبرە تەزكىرىلىرى ۋە بېغىشلىمىلار خەنزۇ يېزىقىدىن باشقا يەنە ئۇيغۇرچە ۋە باشقا يېزىقلاردىمۇ پۈتۈلگەن. مەسىلەن، 1912 ـ يىلى تۇيۇقتىن تېپىلغان ئىبادەتخانا ياساتقانلىق ھەققىدىكى ئابىدە ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن. بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ بەزى غارلىرىدا ئۇيغۇرچە ۋە باشقا يېزىقلاردىكى بېغىشلىمىلارمۇ بار.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان قەبرە تەزكىرىلىرى تەخمىنەن 300 پارچىگە يېقىن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ يىللىرى (1909 ـ 1911 ـ يىللار) تۇرپاننىڭ تەپتىشى جاك چىڭ ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن بىر دانە قەبرە تەزكىرىسىنى قولغا چۈشۈرگەن؛ 1912 ـ يىلى ياپونىيىنىڭ ئوتانى ئېكسپېدىتسىيىسى تۇرپان رايونىدىن 12 قەبرە تەزكىرىسىنى تېپىپ ئېلىپ كەتكەن؛ 1915 ـ يىلى ستېيىن تۇرپان ئاستانىدىن 17 قەبرە تەزكىرىسىنى تاپقان. ئەمما يۆتكەپ كېتىشنىڭ قىيىن ۋە «قولايسىزلىقى» سەۋەبىدىن پەقەت بەش دانە قەبرە تەزكىرىسىنى ئېلىۋېلىپ قالغانلىرىنى يوشۇرۇپ قويغان. كېيىن بۇنى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بايقىۋېلىپ قولغا چۈشۈرگەن؛ 1930 ـ يىلى، خۇاڭ ۋېنبى يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىدىكى قەبرىستانلىقتىن 120 دانە قەبرە تەزكىرىسىنى تاپقان. مەملىكىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 125 دانە قەبرە تەزكىرىسىنى تاپقان. بۇلاردىن باشقا، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئورنىدىمۇ مەلۇم ساندا قەبرە تەزكىرىسى ساقلانماقتا ⑯.

تۇرپان رايونىدىن قېزىۋېلىنغان يىپەك توقۇلما، يۇڭ توقۇلما ۋە پاختا توقۇلما ھەمدە كەندىر تالالىرىدىن توقۇلغان ھەر خىل توقۇلما بۇيۇملارنىڭ ئومۇمىي سانى 1000 دىن ئاشىدۇ. پەقەت يىپەك توقۇلما بۇيۇملارنىڭ

سانىلا 20 خىلغا يېقىنلىشىدۇ.

تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان بىباھا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەچچە مىڭ يىللىق ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ شاھىدى بولۇپ، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار پېتېرگراد، لوندون، پارىژ، بېرلىن، توكيو، خېلسىنكى، ستوكھولىم، ئىستانبۇل، ئەنقەرە، يېڭى دېھلى، سېئول قاتارلىق جايلاردىكى مۇزېيلار، ئاكادېمىيىلەر، كۇتۇپخانىلار ۋە مەخسۇس تەتقىقات يۇرتلىرىدا ساقلانماقتا. ئۆزىمىزدىكى يادىكارلىقلار بېيجىڭ، لوپشۇن، ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ساقلانماقتا. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۈستىدە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىندى، بىر قىسمى ئۈستىدە تېخى تەتقىقاتلار داۋام قىلماقتا.

بۇنىڭدىن كېيىن، بىز يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىمىزنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇپ، ھازىر ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى، تارىخىي ئىزلارنى، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى ۋە ئالاقىدار يازما ماتېرىياللارنى ئاڭلىق ھالدا ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىشىمىز ۋە مۇشۇ ئاساستا تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

---

**ئىزاھاتلار:**

① جى شيەنلىڭ: «توخار تىلى ۋە نىيە قارا تىلى»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» 1980 - يىل تۇنجى سان 12 - بەت

② گۇەن پىڭ، شىن خۋا: «گېرمانىيە ‹تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى› نىڭ شىنجاڭغا قىلغان تۆت قېتىملىق سەپىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1993 - يىل 3 -، 4 - سان (قوشما سان) 138 - بەتكە؛ قۇربان ۋەلى يازغان «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ناملىق ئەسەرنىڭ 105 - 150 - بەتلىرىگە؛ ئىسراپىل يۇسۇپ، دولقۇن قەمبىرى يازغان «شىنجاڭ يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيىسى ۋە قېزىۋېلىنغان قەدىمكى يېزىقلارنى تونۇشتۇرۇش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 - يىل 1 - سان 68 -، 70 - بەتلىرىگە، فېڭ جياشىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» 1 - قىسىم. 86 -، 88 - بەتلىرىگە قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

③ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، 70 ـ، 71 ـ بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.

④ «جۇڭگو دۇڭخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق جەمئىيىتى قۇرۇلۇش يىغىنى ۋە 1983 ـ يىل مەملىكەتلىك دۇڭخۇاڭشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» (مەخسۇس توپلام) 95 ـ، 96 ـ بەت.

⑤ مۇشۇنىڭ، ۋاڭ بىڭخۇا، لى جىڭ: «تۇرپاننى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىق قىلىشتىن قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1985 ـ يىل 4 ـ سان.

⑥ «جۇڭگو دۇڭخۇاڭ ـ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا بېغىشلانغان مەخسۇس سان. 69.

⑦ جاڭ جيەنگو: «تۇرپاندىن چىققان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1994 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈندىكى سانى 5 ـ بەت.

⑧ چېن گوشيەن: «تۇرپان ھۆججەتلىرىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قېزىۋېلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى»؛ قادىر ئەكبەر: «ئاۋرېل سىتېيىن ۋە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى»؛ جۇ جىڭباۋ: «سىرلىق غەربىي يۇرتتىكى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر» قاتارلىق ئەسەرلەرگە قارالسۇن.

⑨ ئا. فون گاباتىن (گېرمانىيە): «قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980 ـ يىل 3 ـ سان 50 ـ بەت.

⑩ «جۇڭگو دۇڭخۇاڭشۇناسلىق ـ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى» (1983 ـ يىل، لەنجۇ)؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1985 ـ يىل 4 ـ سان؛ «شىنجاڭ گېزىتى» 1994 ـ يىل 21 ـ ئىيۇندىكى سانى 5 ـ بەت.

⑪، ⑫، ⑬، ⑭ «جۇڭگو دۇڭخۇاڭشۇناسلىق ـ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» مەخسۇ سان.

⑮ ئىسراپىل يۈسۈپ: «خەلقئارا ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى بىر زور نەتىجە»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1994 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى 5 ـ بەت.

⑯ ۋاڭ شۇنەن: «شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى»؛ دى شۇنشۇن قاتارلىقلارنىڭ: «قۇچۇ قەبرە خىشلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىزاھلاش»؛ خۇاڭ ۋېنبىي: «قوچۇ خىشلىرى توپلىمى» ۋە «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» (II) قاتارلىقلارغا، يەنە مۇشۇنىڭ قاتارلىقلارنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىگە قارالسۇن.

# قوچۇ - بېشبالىق يولى - «تات» يولى

## ئابلىم قېيۇم

تارىخىي مەنبەلەردە، تۇرپان ۋادىسىدا قۇرۇلغان دۆلەتلەر «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى»، «قوچۇ دۆلىتى»، «قوچۇ پادىشاھلىقى» دېگەن ناملار بىلەن ئالاھىدە قەيت قىلىنغان. قەدىمكى زامان قوچۇ دۆلىتىنىڭ زېمىنىمۇ ناھايىتى كەڭ بولغان، تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردىكى قوچۇ دۆلىتىنىڭ زېمىنى شىمالدا بېشبالىققىچە، جەنۇبتا خوتەن دىيارىغىچە، غەربتە كۇچاغىچە، شەرقتە دۇنخۇاڭغىچە كېڭەيگەن. دېمەك، قەدىمكى قوچۇ دۆلىتى مانا مۇشۇ كەڭ زېمىنلاردا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈپ، ئەلنى ئىدارە قىلغان ھەم ئەتراپتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن دۆلەتنىڭ ئېلىم - بېرىم، سودا - سېتىق ئىشلىرىدا زور ئۇتۇقلارنى قازانغان. ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن سودا كارۋانلىرى ھەم مەدەنىيەت ئەلچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ھەر خىل يوللارنى ياساپ، ئۆتەڭ - سارايلارنى تەسىس قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىز تەتقىق قىلىۋاتقان «تات يولى» ئەنە شۇ زامانلاردا ياسالغان يوللارنىڭ بىرى.

قەدىمكى زامان قوچۇ - بېشبالىق يولى يەنى «تات يولى» - ( 他地道 ) ئەينى زامانلاردا قەدىمكى قوچۇ شەھىرىدىن - بېشبالىق شەھىرىگە يەنە بۈگۈنكى جىمسارغا بىۋاسىتە بارىدىغان تاغ يولىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئاساسەن قەدىمكى تۇرپان ۋادىسىدىن، تەڭرىتاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بېشبالىققا بارىدىغان بىردىنبىر يول ئىدى. بۇ يول ھەم جاپالىق ھەم مۇشەققەتلىك، ھەم ھاۋاسى سالقىن، مۆھىتى گۈزەل بولغان گۈزەل مەنزىرىلىك، مول مەزمۇنلۇق تاغ يولى ئىدى.

كەڭ جامائەتچىلىككە مەلۇم، قوچۇ پادىشاھلىقى دەۋرىدە پۈتكۈل قوچۇ

دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى، سىياسىي، دېھقانچىلىقى، چارۋىچىلىقى، ھەربىي ئىشلىرى ۋە باشقا ھەر تەرەپ ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى باي - باياشات ئىدى. پۈتكۈل قوچۇ دۆلىتى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ ھەر تەرەپلىمە راۋاجلىنىشىغا، ھەربىي كۈچىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا، تەدبىر - چارىلىرىنىڭ موللىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ دۆلەت تېررىتورىيىسىنىمۇ كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتكۈل دۆلەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجىدىن ئەينى زامان قوچۇ دۆلىتىنىڭ پايتەختىنى ئىككى ئورۇنغا تەسىس قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەينى زامان قوچۇ دۆلىتى ئۆزىنىڭ پايتەختىنى قوچۇ دۆلىتىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت، ئىقتىساد مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قوچۇ شەھىرىگە تەسىس قىلدى. بۇنى ھەم «قوچۇ دۆلىتى»نىڭ قىشلىق پايتەختى، دەپ ئاتىدى. قوچۇ دۆلىتىنىڭ قىشلىق پايتەختىنى قوچۇ شەھىرىدە تەسىس قىلىشتىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، تۇرپان رايونىنىڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ھاۋاسى ئىسسىق، يەرلىرى مۇنبەت، سودا - سېتىقى ئاۋات ھەم يىپەك يولىدىكى مۇھىم شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ شەھەرنىڭ مەدەنىيىتى، ئىقتىسادى خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قوچۇ شەھىرىدە تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ باشقا جايلىرىنى ھەم باشقا تارماقلىرىنى، ئەڭ مۇھىمى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر - يېزىلارنى باشقۇرۇشقا قولايلىق ئىدى. ئەينى زامان قوچۇ دۆلىتىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى. ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ھەم ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ئەتراپىتىكى باشقا رايونلارغا قارىغاندا قوچۇ قەدىمكى شەھىرى نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلارغا ۋە قولايلىقلارغا ئىگە ئىدى. غەرب دۇنياسىغا بارىدىغان بىردىنبىر قاتناش لىنىيىسى ھەم بۇ رايوننى كېسىپ ئۆتەتتى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى پۇرسىتى باشقا ھەر قانداق رايونلارغا قارىغاندا ھەم ياخشى ئىدى، ھەم قولايلىق ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، قەدىمكى زامان قوچۇ

دۆلىتىنىڭ ئەينى زاماندىكى پايتەختلىرىنىڭ بىرى قوچۇ شەھىرىگە تەسىس قىلىنغانىدى.

قوچۇ دۆلىتىنىڭ يەنە بىر پايتەختى بېشبالىق شەھىرىگە يەنە ھازىرقى جىمىسارغا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەر ھەم يازلىق پايتەخت دەپ ئاتالدى. ئەمەلىيەتتە قوچۇ دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ بىرى بولغان بېشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسى جىمىسار ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى بېشبالىق شەھىرىگە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ مەمۇرىي ئورگان قوچۇ دۆلىتىگە ۋەكالىتەن ئىش بېجىرەتتى. بېشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ دۆلەتكە ۋەكالىتەن دۆلەتنىڭ شىمالىي قىسىم رايونلىرىنى، بولۇپمۇ، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى باشقۇرۇش، تىزگىنلەش جەھەتتىكى ۋە ھەر تەرەپلىمە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ھەم يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى بۇ شەھەردىن بىۋاستە ئۆتەتتى، بۇ شەھەرنىڭمۇ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى پۇرسىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پايتەختى قوچۇ شەھىرى ۋە بېشبالىق شەھىرىدىن ئىبارەت ئىككى ئورۇنغا تەسىس قىلىنغانلىقى ئەينى زامانلاردىكى تەبىئىي شارائىت، تارىخىي شارائىت ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى ئىدى.

پايتەخت يەنە ئىقتىساد - مەدەنىيەت مەركىزى ئىككى ئورۇنغا قۇرۇلغانىكەن، ئەلۋەتتە ھەر تەرەپلىمە ئالاقىلەرنى كۈچەيتىش ھەم بۇ ئالاقىلەرنى كۈچەيتىش بىلەن ئىجرا قىلىشقا بىۋاستە لازىم بولىدىغان قاتناش لىنىيىسى ھەم ئالاقە لىنىيىسى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

بۇ سەۋەبتىن قوچۇ دۆلىتىنىڭ قىشلىق پايتەختى قوچۇ شەھىرى بىلەن يازلىق پايتەختى بېشبالىق ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي ھالدا دۆلەتنى باشقۇرۇش، دۆلەتنى تىزگىنلەش، ئالاقىلەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالاقە لىنىيىسى بولۇشى شەرت ئىدى. بۇ يول قانداق شارائىتتا، قەيەردىن قانداق تاللىنىشى كېرەك؟ ئەلۋەتتە بۇ مەسىلىگىمۇ تارىخ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر ئەينى زامان شارائىتىدا قوچۇ شەھىرىدىن چىقىپ غەربنى ئايلىنىپ، نۇرغۇن يوللارنى

ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئاندىن بېشالىقتا بىرىش ئۇنچىلا ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە، چۇنكى ئات، تۆگە، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلار ئەينى زاماندا ئاساسلىق قاتناش ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئۇ قاتناش ۋاستىلىرىگە يۈك ـ تاق ئارتىپ، يۈك ـ تاق بىلەن ئادەملەر مىنىپ يول يۈرمەك ئەلۋەتتە ناھايىتى تەس ئىش، شۇنداق بولغاندا، نۇرغۇن ۋاقىت كېتەتتى ھەم ناھايىتى كۆپ قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتمەكمۇ ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى. مانا مۇشۇنداق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تۇرپان ئويمانلىقىدىن بىۋاستە بېشبالىق تەۋەلىكگە بارغىلى بولىدىغان بىر تال تۈز ھەم قولايلىق يولنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.

بۇ مەسىلىگە يەنىلا ئەينى زامانلاردا مۇشۇ ماكانلاردا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ ئىدرىكى بىلەن جاۋاب بېرىدۇ، دېمەك، ئەينى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى ياشىغان تارىخىي شارائىتلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ ئىدراك، جاسارەت ـ پاراسەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزلىرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تاغلىق رايونلارنىڭ ھەم يايلاقلارنىڭ تەبىئىي يەر شارائىتىنى پىششىق ئىگىلەپ، بىز تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان يولنى، يەنە قەدىمكى زاماندىكى قوچۇ ـ بېشبالىق يولى ـ تات يولى ( 他地道 ) نى ئېچىپ تۈتاشتۇرغان. بۇ يولنى ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاھاڭى بويىچە « 他地 » يولى دەپ خاتىرىلىگەن. دېمەك خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە خاتىرىلەنگەن «تادى ـ 他地 » يولى زادى قايسى مىللەتنىڭ تىلى بويىچە شۇ تارىخنامىلەرگە پۈتۈلگەن؟ ياكى يەرلىك مىللەتلەر شۇنداق دەپ ئاتامدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا بىز ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى تەرىپىدىن يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسەردىن جاۋاب ئىزدەپ كۆرەيلى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تۈركىي قەبىلىلەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ۋە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن... تۈركىي قەبىلىلەرگە دائىر بىر مۇنچە تارىخىي ۋەقەلەرنى مۇمكىنقەدەر ئەينەن يېزىپ

قالدۇرغان، مەھمۇد قەشقىرى بايان قىلغان ئەھۋاللار ئەرەب - پارس سەيياھلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە ۋە خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلغان بەزى ۋەقەلەرگە توغرا كېلىدۇ. بەلكى بۇلارنىڭ مۇجمەل بولغان جايلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ياردەم بېرىدۇ...

«تۈركىي تىللار دىۋانى»غا تۈرلۈك تېمىدا جەمئىي 242 كۇپلېت ئەدەبىي پارچە كىرگۈزۈلگەن ... دىنىي مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن مۇسۇلمان بولغان «تۈرك»لەرنىڭ ئۇيغۇر «تات»لارغا قارشى قىلغان يۈرۈشلىرى... ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماددىي ھەم مەدەنىي تۇرمۇشىغا دائىر خېلى ئەھمىيەتلىك مەزمۇنلار بېرىلگەن. ①

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنداق بىر نۇقتىنى چۈشىنىپ يېتىشكە بولىدۇكى، ئەينى زامانلاردا باشقا جايلاردا، مەسىلەن، قەشقەر ئەتراپلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار - مۇسۇلمان ئۇيغۇرلىرى، دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، بىراق، تۇرپان ئەتراپىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار يەنىلا «مۇسۇلمان» بولمىغان ياكى مۇسۇلمان بولۇشقا قارشى تۇرغان، ئىسلام دىنىغىمۇ ھەم كىرمىگەن، ئېتىقاد جەھەتتە يەنىلا ئەسلىدىكى بۇددا دىنىغا داۋاملىق ئېتىقاد قىلىۋەرگەن، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «تات»لار دەپ ئاتالغان.

يۇقىرىدا بىز بايان قىلغان «تات» يولى ( 他地道 ) ئەينى زاماندا غەربىي يۇرتتا قۇرۇلغان ئىككى مۇھىم شەھەر ئارىلىقىدىكى يەنە ئەينى زامانلاردىكى قوچۇ قەدىمكى شەھىرى بىلەن بېشبالىق شەھىرى ئارىلىقىدىكى قاتناش لىنىيىسى بولغانلىقى سەۋەبلىك، خەنزۇچە مەنبەلەردە «تادى» يولى، « 他地道 » دەپ خاتىرىلەنگەن، ئەمەلىيەتتە بۇ يول يەرلىك ئاھالىلەر تىلىدا «تات»لار يولى - دەپ ئاتىلاتتى.

1996 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە داۋام قىلغان «تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئاساسلىق بىر تۈرى «تات»لار يولىنى تەكشۈرۈش بولدى، يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەردىن ئون نەچچە كىشى بۇ يولنى مەخسۇس تەكشۈردى. تەكشۈرۈش داۋامىدا بىر قىسىم پېشقەدەم

مۇتەخەسسىسلەر ئەرزىيدىغان بەدەللەرنى تۆلىدى، ئىنتايىن زور ھەم مۇشكۇل قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈردى. ئاخىر بۇ قەدىمكى ئۇۋ. هازىرقى يولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىپ ئۆتتى. تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بۇ مۇتەخەسسىسلەر، تەكشۈرۈش ھەققىدە يازغان تەسىراتلىرىنى ئېلان قىلدى ھەم بۇ تەكشۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە مەخسۇس توختالدى.

دېمەك، بىز يۇقىرىدا توختالغان «تادى» « 他地 » يولى ئۇيغۇر «تات»لارنى يەنە «ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن» ئۇيغۇرلارنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان يول بولۇپ، بۇ يولنىڭ ئەينى زامان جەمئىيىتىدە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا، ئىچكى - تاشقى ئالاقىلەرنى ئورنىتىش ھەم كۆچەيتىشتە ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. شۇڭلاشقا ئەينى زامانىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، «ئۇيغۇر تات يولى» ياسالغانىدى.

---

ئىزاھات:

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 22 - بەت.

# تۇرپاننىڭ تارىختىكى ناملىرى ۋە قوچۇ ( 高昌 ) توغرىسىدا يېڭى مۇلاھىزە

ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

ھەممىگە مەلۇمكى، تۇرپان غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك يولى ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، سودا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى، ئۇ تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرى يەنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا شەرقىي قىسمىدىكى ئويمانلىقنى كۆرسىتىدۇ. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىن قارايدىغان بولساق، تۇرپان مەيلى قەدىمكى زاماندا بولسۇن، يېقىنقى زاماندا بولسۇن ۋە ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، سىياسىي، ئىقتىساد، سودا - ئالاقە، دىن، مەدەنىيەت جەھەتلەردە شىنجاڭ تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلدى. تۇرپان خەلقى ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، كارىزچىلىق، رەسساملىق، مەتبەئەچىلىك، قەغەزچىلىك، كالېندارچىلىق، تىبابەتچىلىك ھەمدە چارۋىچىلىق جەھەتلەردە تىلدا داستان بولغۇدەك پارلاق كەشپىياتلارنى يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى، شۇڭا تۇرپان بۈگۈنكى كۈندىمۇ تەتقىقاتنىڭ ئوبيېكتى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

تۇرپان ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا خىلمۇ خىل ناملاردا ئاتىلىپ كەلدى. شۇڭا بىز تۇرپاننىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاتىلىش مەنبەسى ۋە سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاپ بېقىشقا ھەقلىقمىز.

بىز دائىم ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا قوچۇ ( 高昌 )

دېگەن نامنى ئۇچرىتىمىز. بۇ زادى قانداق گەپ؟ بىزگە مەلۇم، يەر ناملىرى ئاساسەن شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تەبىئىي شەرت شارائىت ئالاھىدىلىكى، مەشھۇر تەبىئىي بايلىقلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى، ئاتاقلىق كىشىلەر، قەھرىمانلارنىڭناملىرى شۇ ئورۇننى تاپقۇچىلارنىڭ نامى، مىللەت نامى، يۈز بەرگەن تەبىئىي ھادىسىلەر.. قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ئۆزگىرىپ كەلگەن نامدىن ئىبارەت بولىدۇ.

دۇنياغا مەشھۇر بولغان بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت يۇرتى - تۇرپاننىڭ تارىختىكى ناملىرى ۋە قوچۇ ( 高昌 ) نى ئىزدىنىپ كۆرگىنىمىزدە ئۇ خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە: «قوچۇ ئالدى قوس ئوردىسىنىڭ قورغىنى.. ئۇ يەرنىڭ يەر تۈزلۈلۈشى ئېگىز، ئاۋام يۇقرالىرى باياشات بولغاچقا، 高昌 دەپ ئاتالغان» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشى ئەمەلىيەتتە ئېگىزمۇ؟ بۇنى ئەلۋەتتە بۇ رايوننىڭ تەبىئىي شارائىتى يەنى جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشىدىن كۆرۈپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىزگە مەلۇم، تۇرپان تەڭرىتاغنىڭ شەرق قىسمىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان ئويمانلىق بولۇپ، ئۇ يەر شەكلىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىش نەتىجىسىدە يەرنىڭ چۆكۈشىدىن ھاسىل بولغان. ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئۈستىدىن يىل بويى قار كەتمەيدىغان تەڭرىتاغ چوققىسى بولسا، جەنۇبىي تەرىپىدە قۇرۇق (چۆل) تاغ بار. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ يەر كۆلىمى 72880 كۋادرات كىلومېتىر. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ پەس (0 نۇقتا) يېرىدىكى بىر پارچە ئويمانلىق بولۇپ، ئەڭ پەس قىسمى بەئەينى تەڭنىگە ئوخشايدۇ. شەرقىي قىسمى شەرقىي جەنۇبقا قىيپاش سوزۇلغان، ئويمانلىقنىڭ تۆت ئەتراپىنى تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. دەرۋەقە 高昌 (قوچۇ) تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بولۇپ، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىمۇ ئېگىز ئەمەس، ئۇنىڭ كونكرېت ئورنى ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ 50 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى قۇتاغنىڭ (قۇت تاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تۆۋەن باغرىغا جايلاشقان ئاستانە (ئىككىنچى قەلئە) بىلەن قاراخوجا (ئۈچىنچى قەلئە) يېزىلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قوچۇ قەدىمكى

شەھىرى ( 高昌 ) نى كۆرسىتىدۇ. ھازىر ساقلىنىپ قالغان، قەدىمكى شەھەرنىڭ ئىزنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن 10 چاقىرىم ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي جەنۇبتىكى لۇكچۇندىن سەل - پەل ئېگىز، لېكىن يارغول قەدىمكى شەھىرىگە يەتمەيدۇ. ئۇ بېقىنىدىكى قۇتتاغ بىلەن نىسبەتلەشتۇرگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. پىچان ناھىيە بازىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىمۇ ئۇنىڭدىن ئېگىز. شۇڭلاشقا، 高昌 (قوچۇ) نامىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بۇ يەرنىڭ يەر يۈزى تۈزۈلۈشىنىڭ ئېگىز بولۇشىغا ئاساسەن 高昌 دەپ ئاتالغان، دەپ چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ.

ئەپسۇسكى 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان تارىخ نامىلەردە بۇ يەرنىڭ نامى قوچۇ - 高昌 دەپ ئاتىلىپ كەلدى. ئۇنداقتا قوچۇ - 高昌 دېگەن يەر نامىنىڭ مەنىسى زادى نېمە؟ بۇنى ئالدى بىلەن ئىسىم ئىگىلىرى ئۇقۇمى بويىچە بۇ رايوندا ياشاپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ يەردە ئەڭ دەسلەپتە ياشىغان خەلقلەر كىملەر؟

يىراق قەدىمكى دەۋردە تۇرپان رايونىدا قەدىمكى كىشىلەر پائالىيەت ئېلىپ بارغان يادىكارلىق ئىزلىرى جەھەتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقات مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ھازىر تۇرپان دائىرىسىدە تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت قېزىۋېلىنغان سىلىق تاش قوراللىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت ئىزلىرى بولۇپ، ئايدىڭكۆل (يېزا) يارغول، ئاستانە. . . قاتارلىق جايلاردىن بۇ خىل مەدەنىيەت ئىزلىرى كۆپلەپ تېپىلدى. قۇتتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قەدىمكى سىڭگىم ئېغىزى ئەتراپلىرىدىكى يەر ئۈستىدە كۆپ مىقداردا سىلىق تاش قوراللار بولۇپ، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ يەردىن 700 پارچىدىن ئارتۇق تاش قورال يىغىۋالغان. لېكىن سىلىق تاش قورال مەدەنىيىتىگە ئائىت يادىكارلىق ئىزلىرى دەۋرىنىڭ يۇقىرى چېكى ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى بولۇپ، تەخمىنەن بۇنىڭدىن يەتتە

www.uyghurkitap.com

- سەككىز مىڭ يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ① بۇ خىل ئارخېئولوگىيىلىك كەشپىياتلارغا ئاساسلىنىپ تۇرپان رايونىنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋردە ئىنسانلار پائالىيەتتە بولغان تارىخىي جەھەتتىكى ئىزدىنىش مۇھىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىلدى. ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى يەنى تەخمىنەن بۇنىڭدىن يەتتە - سەككىز مىڭ يىل بۇرۇنلاردا تۇرپان رايونىدا ئىنسانلار پائالىيەتتە بولغانلىقى شەكسىز، يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا تۇرپان رايونىدىن كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ يالدامىلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز تېپىلىۋاتقانلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن بىز تۇرپان رايونىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىمۇ ئىنسانلار پائالىيەتتە بولغانلىقىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز. بۇ خىل تاش قوراللار بىر خىل ئىپتىدائىي ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى سۈپىتىدە يىراق قەدىمكى زامان تۇرپان ئاھالىسىنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسىنى يازغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار شۇنى يورۇتتىكى، تۇرپان رايونىدا ئەڭ دەسلەپتە ياشاپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان خەلق قوس («غوز» دېگۈچىلەرمۇ بار) لار بولۇپ، قوسلار يېڭى تاش قورال دەۋرلىرىدىلا مۇشۇ رايوندا پائالىيەتتە بولغانلىقى ئېنىق. مىلادىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىردىلا قوسلار سىنىپى جەمئىيەتكە قەدەم قويغان بولۇپ، خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ 10 كىلومېتىر غەربىدىكى يارغول قەدىمكى شەھىرىدە ئىدى. شۇنداقتىمۇ قوسلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى تۇرپان ئويمانلىقىدىن ھالقىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جىمسار، پۈكاڭ، ماناسقىچە شەرقتە قۇمۇل، غەربتە قارا شەھەر. . . قاتارلىق جايلارغىچە يېتىپ بارغانلىقىنى بۇ جايلاردىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئىسپاتلايدۇ.

قوسلار توغرىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىي ئەسىرى «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «ئالدى قوس دۆلىتىنىڭ پايتەختىدىن چىقىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى ۋە تارىم دەرياسىنى بويلاپ، غەربكە مېڭىپ قەشقەرگە بارىدىغان يول شىمالىي يول دەپ ئاتىلىدۇ. . . » دەپ

خاتىرىلەنگەن ②. يەنە شۇ كىتابتا: «خەن شۈەندى زامانىغا كەلگەندە ياساۋۇل ئەمىرلەشكىرى جېڭ جى ئەلچى سۈپىتىدە پىشامشاننىڭ غەربىدىكى بىر قانچە بەگلىكلەرنى نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىلدى. كېيىن جېڭ جى قوس بەگلىكىنى مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق پۈتۈنلەي يوقىتىۋەتمەي، ئۇنى ئالدى قوس دۆلىتى، ئارقا قوس دۆلىتى، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى ئالتە دۆلەتكە بۆلۈۋەتتى» ③. «كرورەن ۋە قوس دۆلەتلىرى يول ئۈستىدە بولغانلىقتىن، يولدىن ئۆتكەن ئەلچىلەرنى تەمىنلەشكە كۆپ چىقىم تارتقاچقا، خەن خانلىقىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ خۈي قاتارلىقلارغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى بۇ دۆلەتلەر ھونلارغا كۆپ ئايغاقچىلىق قىلىپ، ھونلارنىڭ خەن خانلىقى ئەلچىلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن قوشۇن تەلەپ قىلدى. خەن خانلىقى ئەلچىلىرى: بۇ دۆلەتلەرنىڭ شەھەر - قورغانلىرى بولسىمۇ، لېكىن قوشۇنلىرى ئاجىز، ئۇلارنى تارمار قىلىش ئاسان دەپ مەلۇمات بېرىشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەن ۋۇدى يانداش چاپاۋۇل جاۋ پو نۇنى بېقىندى ئەللەرنىڭ چەۋەندازلىرى ۋە ۋىلايەت قوشۇنلىرىدىن بولۇپ بىر نەچچە تۈمەن ئەسكەر بىلەن قوس بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ۋاڭ خۈي كرورەن دۆلەتلىرىدىن بىر نەچچە قېتىم ئازار يېگەنلىكى ئۈچۈن خان ۋاڭ خۈينى جاۋ پونۇغا ياردەمچىلىككە تەيىنلەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. جاۋ پونۇ كرورەنگە بېسىپ كېلىپ ئۇنىڭ بېگىنى ئەسىر ئالدى. ئارقىدىنلا قوس بەگلىكىنى تارمار قىلدى. بۈگۈر قوس خانلىقىنىڭ غەربىدىن 1000 چاقىرىم يىراقلىقتا تۇرىدۇ. ئىلگىرى كەيلىڭ بېگى چەنمەن قوس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان مەزگىلدە چۇقو (باغراش)، كۆنچى، كرورەن قاتارلىق ئالتە دۆلەت خانلىرىنىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندە تۇرۇۋاتقان پەرزەنتلىرى ئۆز ئەللىرىگە قايتىپ كەتكەن ھەمدە مال ۋە ئاشلىق تەييارلاپ، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى كۈتۈۋالغانىدى. بەگلەر بىر نەچچە تۈمەن ئەسكەر چىقىرىپ بىرلىكتە قوس خانلىقىنى قوشۇۋالدى ۋە ئۇنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ بەگلىكلەرنىڭ قوشۇنلىرى ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، خەن خانلىقى قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى ئۇزۇق - تۈلۈك بىلەن

تەمىنلىيەلمىدى. خەن خانلىقى قوشۇنلىرى قوس شەھرىنى ئالغاندا شەھەردە نۇرغۇن ئاشلىق بار ئىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن④.

يەنە ئالدى قوستىكى دۆلەتلەر توغرىلىق: «خوخو دۆلىتى مەركىزى قوستىكى يوغانتېرەك قورغىنى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8200 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 55 تۈتۈن، 264 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 45 نەپەر، بىر نەپەردىن نائىببەك، ئۇك، سول كاھبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. غەربتىن قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە 1147 چاقىرىم. كىنگىتكە 770 چاقىرىم كېلىدۇ.

ئالدى قوس (تۇرپان) دۆلىتى مەركىزى يارغول شەھىرى، دەريا بۆلۈنۈپ شەھەرنى ئايلىنىپ ئاقىدۇ. يارغول شەھىرى چاڭئەنگە 8150 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 700 تۈتۈن 6050 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 1865 نەپەر، بىر نەپەردىن نائىببەگ، ئەمنىيەتبەگ، ئۇك، سول سەركەردە، كاھبەگ، خەن خانلىقىغا بېيئەت قىلغان كاھبەگ، قوسبەگ، ئالاقىچىبەگ، ئىناقچىبەگ، ئىككى نەپەر تىلماچ بەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. غەربىي جەنۇبتىن قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە 1807 چاقىرىم، كىنگىتكە 835 چاقىرىم كېلىدۇ.

قوس كاھبەگلىكى ئاھالىسى 40 تۈتۈن، 333 كىشى بولۇپ ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 84 نەپەر» دەپ خاتىرىلەنگەن. قوس كاھبەگلىكى توغرىلىق «خەننامە» تەرجىمىسىدە: قوس كاھبەگلىكى (车师都尉国) خەن خانلىقى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلىنغان. كاھبەگلىك ئورنى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئىدىقۇت قەلئەسىدە، دەپ مەلۇمات بېرىلگەن⑤. يەنە شۇ ئەسىردە قوسلارنىڭ ۋە قوسلار رايونىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خەن خانلىقى بىلەن هون ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى زور كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق خاتىرىلەنگەن: مىلادىدىن 99 يىل ئىلگىرى (خەن ۋۇدىنىڭ تيەنخەن ئىككىنچى يىلى) هونلاردىن تەسلىم بولغان جيېفە خانى⑥ چەنمەنگە كەيلىك بېگى، نامى بېرىلدى ۋە كرورەن قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، قوس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىلدى. هونلار ئوڭ قول بىلىكخانىنى بىر

نەچچە تۈمەن چەۋەنداز بىلەن قوسقا ياردەمگە ئەۋەتكەچكە، خەن خانلىقى قوشۇنلىرى يېڭىلىپ چېكىندى.

مىلادىدىن 89 يىل ئىلگىرى (خەن ۋۇدىنىڭ چېڭخې 4 - يىلى) خەن ۋۇدى چۇڭخې بېگى ماتوڭنى 40 مىڭ چەۋەنداز بىلەن هونلارغا هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ قوشۇنلار قوس خانلىقىنىڭ شىمالىي چېگرىسى ئارقىلىق ئۆتمەكچى بولۇپ، كەيلىڭ بېگىنى كرورەن، كۆنچى، چۇقو قاتارلىق ئالتە دۆلەتنىڭ قوشۇنلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ، قوس خانلىقىغا هۇجۇم قىلىشقا ۋە شۇ ئارقىلىق چۇڭخې بېگىگە يول ئېچىپ بېرىشكە ئەۋەتتى، ئالتە بەگلىك ئەسكەرلىرى تەڭلا قوس خانلىقىغا قورشاپ هۇجۇم قىلغاچقا، قوس خانى تەسلىم بولۇپ خەن سۇلالىسىگە بېقىندى.

خەن جاۋدى زامانىدا (مىلادىدىن 86 - 74 يىل ئىلگىرى) هونلار يەنە 4000 چەۋەنداز ئەۋەتىپ قوس خانلىقىدا يەر ئېگىلەپ تېرىقچىلىق قىلدى. بۇ توغرىلىق ئاسىيۇ بېگىگە ياتلىق قىلىنغان خەن مەلىكىسى جېيۇ خانغا: «هونلار چەۋەندازلىرىنى ئەۋەتىپ، قوس خانلىقىدا تېرىقچىلىق قىلىشقا كىرىشتى. قوسلار بىلەن هونلار يەنە بىرلىشىۋالدى. ئۇلار بىرلىكتە ئاسىيۇغا هۇجۇم قىلماقچى، خاننىڭ ئاسىيۇنى قۇتقۇزۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ مەكتۇپ سۇندى. بۇ چاغدا قوشۇن تەربىيىلەۋاتقان خەن خانى هونلارغا زەربە بېرىش ئۈستىدە كېڭەش قىلىۋاتقانىدى، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا خەن جاۋدى ئۆلۈپ، خەن شۈەندى تەختكە چىقتى. خەن شۈەندى تەختكە چىققاندىن كېيىن، بەش سانغۇننى قوشۇن بىلەن هونلارغا هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. قوستا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان هون ئەسكەرلىرى قورقۇپ چېكىنىپ كەتتى. قوس خانلىقى خەن خانلىقىغا بېقىندى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن هونلار قوس خانلىقىنىڭ خانزادىسى كۈنسۈنى تورغاقلىققا چاقىرتتى. ئۇ كېنگىت دۆلىتىنىڭ تاش نەۋرىسى بولۇپ، هون ئىلكىدە تۇرغاق بولۇشنى خالىمىغانلىقتىن، كېنگىتكە قېچىپ كەتتى. قوس خانى ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز ئوغلى ئوقۇينى ۋەلىئەهد قىلىپ تەيىنلىدى. ئوقۇي قوس خانلىقىغا خان بولغاندىن كېيىن، هونلاردىن ئۆيلەندى ۋە هونلارنى ئاسىيۇغا باردىغان خەن خانلىقى ئەلچىلىرىگە توسۇپ زەربە

بېرىشكە قۇتراتتى.

مىلادىدىن 68 يىل ئىلگىرى (خەن شۇەندىنىڭ دىجې 2 ـ يىلى) خەن خانلىقى يانداش بەگ جېڭ جې، چىرىكچى سىماشىلارنى كەچۈرۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنى باشلاپ چېدىردا تېرىقچىلىق قىلىشقا، ئاشلىق توپلاپ قوس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىش ئۇچۇن ھازىرلىق كۆرۈشكە ئەۋەتتى. كۈزلۈك يىغىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جېڭ جې بىلەن سىماشى غەربىي يۇرتتىكى شەھەر بەگلىكلىرى قوشۇنلىرىدىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر توپلاپ ۋە ئۆزلىرىنىڭ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان 1500 ئەسكىرى بىلەن بىرلىكتە قوس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، يارغول شەھىرىنى بېسىۋالدى. لېكىن قوس خانى يارغول شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تاشقورغاندا ⑦ بولغاچقا، ئۇنى تۇتالمىدى. بىرلەشمە قوشۇننىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ كەتكەنلىكتىن، جېڭ جې ۋاقتىنچە قوشۇننى چېكىندۈرۈپ، چېدىردا يەنە تېرىقچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئىككىنچى يىلى كۈزلۈك ھوسۇل يىغىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئەسكەر تارتىپ قوس خانى تۇرۇۋاتقان تاشقورغانغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. خەن قوشۇنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان خان شىمالدىكى ھونلارغا بېرىپ ياردەم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھونلار قوشۇن چىقارمىدى. قايتىپ كەلگەن خان ئۆزىنىڭ بەگلىرىدىن سۆيەر بىلەن كېڭەشىپ، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، يەنىلا خەن سۇلالىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرىدى. شۇڭا خان سۆيەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ھونلارنىڭ چېگرا رايونىدا بولغان كىچىك بارىكۆل دۆلىتى ⑧گە ھۇجۇم قىلىپ بىر مۇنچە ئادەمنى ئۆلتۈردى. قوس خانلىقىغا قوشنا بولغان كىچىك جىنفۇ دۆلىتى⑨ خەن خانلىقى قوشۇنلىرىنىڭ كەينىدىن بېرىپ قوس بەگلىكىدە بۇلاڭچىلىق قىلىشۇدى، بۇنىڭدىن نارازى بولغان قوس خانى كىچىك جىنفۇ دۆلىتىنى تارمار قىلدى.

قوس خانلىقىنىڭ خەن خانلىقىغا تەسلىم بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ھونلار قوشۇن ئەۋەتىپ قوس خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. جېڭ جې، سىماشىلار قوشۇن بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ھونلارغا قايتارما ھۇجۇم قىلدى.



www.uyghurkitap.com

ھونلار ئىلگىرىلەشكە پېتىنالمىدى. جېڭ جې، سىماشىلار قوس خاننى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە نائىببەگ ۋە 20 ئەسكەر قالدۇرۇپ چېدىرغا قايتىپ كەتتى. ھونلارنىڭ يەنە كېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورققان قوس خانى ئاسىيۇ خانلىقىغا قېچىپ كەتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جېڭ جې خاننىڭ بالا - چاقىلىرىنى دەرھال چېدىرغا ئېلىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئەھۋالنى خانغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن شەرققە ئاتلانغان جېڭ جې جيۇچۈەنگە كەلگەندە، خەن شۈەندىدىن قايتىپ بېرىپ چېدىر ۋە قوستا يەر ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلىپ، ئاشلىق توپلاش، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنى تېنچلاندۇرۇپ، ھونلارغا ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا يارلىق تاپشۇرۇۋالدى. جېڭ جې قايتىپ بارغاندىن كېيىن قوس خاننىڭ بالا - چاقىلىرىنى هارۋا بىلەن چاڭئەنگە يولغا سالدى. خەن شۈەندى ئۇلارغا ناھايىتى كۆپ ئىنئاملارنى بەردى. ھەر قېتىم چەت ئەللەردىن زىيارەتكە كەلگەن يات قۇۋۋەم ۋەكىللىرى خەن پادىشاھىنىڭ قوس خاننىڭ خوتۇن - بالىلىرىغا ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ جېڭ جې 300 تېرىقچى ئەسكەر ئەۋەتىپ قوس خانلىقىدىمۇ يەر ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلدى. جېڭ جېنىڭ ئەل بولغان ھونلاردىن ئاڭلىشىچە، تەڭرىقۇت ۋەزىر - ۋۇزۇرالىرى بىلەن: «قوسنىڭ يېرى مۇنبەت بولۇپ، ھونلارغا يېقىن، خەن خانلىقىنىڭ قوسنى ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلىپ كۆپلەپ ئاشلىق جۇغلىشى باشقا ئەللەر ئۈچۈن پايدىسىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەرنى تالاشماي بولمايدۇ» دېيىشكەن. دەرۋەقە ھونلار چەۋەنداز ئەۋەتىپ تېرىقچى ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. جېڭ جې بىلەن چىرىكچى سىماشىلار چېدىردىكى 1500 تېرىقچى ئەسكەرنى باشلاپ، قوستا يەر ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلدى. ھونلارمۇ چەۋەنداز ئەۋەتىپ كۈچنى ئاشۇردى. خەن تېرىقچى ئەسكەرلىرى ئاز بولغانلىقتىن تاقابىل تۇرالماي، يارغول شەھىرىگە كىرىۋېلىپ مۇداپىئەلەندى. ھون سەركەردىسى شەھەر بوسۇغىسىغا قىستاپ كېلىپ، جېڭ جېغا: «تەڭرىقۇت بۇ يەرنى چوقۇم ئالىدۇ. بۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىشىڭلارغا يول قويمايدۇ» دېدى ۋە شەھەرنى بىر نەچچە كۈن مۇھاسىرە قىلىپ چېكىنىپ كەتتى.

كېيىن بىر نەچچە مىڭ هون چەۋەندازلىرى قوسنى پات - پات مۇھاسىرە قىلىپ تۇردى. شۇڭا جېڭ جي خانغا مەكتۇپ يوللاپ «قوس چېدىرىدىن 1000 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا، ئارىلىقتا تاغ - دەريالار بار. قوس شىمال تەرەپتە هونلارغا يېقىن. چېدىردىكى خەن خانلىقى قوشۇنلىرىنىڭ كۈچى بىزنى قوغدىيالمايدۇ. تېرىقچى ئەسكەرلەرنىڭ كۆپەيتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ ئىلتىماس قىلدى. ۋەزىر - ۋۇزۇرالار بۇ ھەقتە كېڭەش قىلىپ، يول يىراق، چىقىم كۆپ. قوستا يەر ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلىشنى ۋاقتىنچە توختىتىش كېرەك. دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن خەن شۈەندى جاڭلو بېگى چاڭ خۇيغا يارلىق چۈشۈرۈپ ئۇنى جاڭيې بىلەن جيۇرچۈەندىكى چەۋەندازلارنى باشلاپ، قوسنىڭ 1000 نەچچە چاقىرىم شىمالىغا بېرىپ ھەيۋە كۆرسىتىشكە ئەۋەتتى. هون چەۋەندازلىرى چېكىنىپ كەتتى. جېڭ جي مانا شۇ چاغدىلا مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ چېدىرغا قايتتى. جەمئىي ئۈچ چېرىكچى تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

قوس خانى ئاسىيۇغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن ئاسىيۇ خانى ئۇنى ئېلىگە قايتۇرماي ئېلىپ قالدى ۋە خەن شۈەندىگە ئەلچى ئارقىلىق يوللىغان مەكتۇبىدا قوس خانى ئاسىيۇدا قالدۇرۇلغانلىقىنى، ئەلدە بىرەر جىددىي ئەھۋال تۇغۇلۇپ قالسا، هونلارغا غەرب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇنى قوبۇل كۆرگەن خەن خانلىقى كېنىگىتتە تۇرغاق بولۇپ تۇرۇۋاتقان قوس خانزادىسى كۈنسۈنى ئېلىگە قايتۇرۇپ، قوسقا خان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قوس خانلىقىنىڭ يەرلىرى هونلارغا بېرىۋېتىلدى. قوس خانى كۈنسۇ خەن خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا يېقىنلىشىپ، هونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ ئەمىن تاپتى. خەن خانلىقى بىلەن تېخىمۇ ئىناقلىشىپ كەتتى. كېيىن خەن خانلىقى ياندىاش بەگ يىن گۇاڭدېنى ئەۋەتىپ ئاسىيۇ خانىنى ئەيىبلىدى. قوس خانى ئوقۇيىنى خەن ئوردىسىغا ئالدۇردى ۋە خەن شۈەندى ئۇنىڭغا ئىستىقامەتگاھ كۆرسىتىپ بېرىپ، بالا - چاقىلىرى بىللە بىللە شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ مىلادىيەدىن 62 يىل ئىلگىرى (خەن شۈەننىڭ يۈەنكاڭ 4 - يىلى) بولغان ئىش ئىدى. كېيىن خەن خانلىقى قورۇل چېرىكچى

بېگى تەيىنلەپ قوستا يەر ئىگىلەپ تېرىقچىلىق قىلدى.

مىلادى 2 ـ يىلى (خەن بېگدىنىڭ يۈەنشى 2 ـ يىلى) ئارقا قوس بەگلىكىدە ۋۇچۈەن ⑩نىڭ شىمالىدىن يۈمىنگە بارىدىغان يېڭى يول تېپىلدى. بۇ يول يېقىن ۋە قولاي ئىدى. قورۇل چېرىكچى بېگى شۈيۈ مانا شۇ يولنى ئېچىپ مۇساپىنى يېرىم ھەسسە قىسقارتماقچى ھەمدە قۇمتاغدىن ئۆتۈش جاپاسىدىن قۇتۇلماقچى بولدى. ئارقا قوس بېگى قوچۇ بۇ يېڭى يول ئېچىلسا يولۇچىلارنى تەمىنلەش مەسئۇلىيىتىنىڭ ئۆز ئېلى ئۇستىگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ يېڭى يول ئۆتىدىغان يەرنىڭ بىر قىسمى ھون ئېلى جەنۇب سەركەردىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى رايونغا يېقىن ئىدى. بۇ يەرنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ، خانغا مەلۇم قىلماقچى بولغان قورۇل چېرىكچى بېگى شۈيۈ، ئارقا قوس خانى قۇتچۇرنى تەكلىپ قىلىپ ئىسپاتلاپ بېرىشنى سورىدى. قۇتچۇر ئۇنىمىغاچقا شۈيۈ ئۇنى قايتۇرماي تۇتۇپ قالدى. قۇتچۇر ئۆزىنى ساقلاۋاتقان ئەمەلدارلارغا قوي، كالا پارا بېرىپ قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ چاغدا قوچۇنىڭ ئۆيىدىكى نەيزە ئۇچىدىن ئوت چىققانىمىش، خوتۇنى گوزسۇ قۇتچۇر بىلەن كۆرۈشۈپ: «نەيزە ئۇچىدىن ئوت چاقناش ئۇرۇش ئالامىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇرۇش قىلىش ئۇچۇن پايدىلىق، بۇرۇن ئالدى قوس خانى قورۇقچى بەگنىڭ ئەمىر ـ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇپ قالسىلىرى، چوقۇم ئۆلتۈرۈلدىلا، ئۇنىڭدىن كۆرە ھونلارغا تەسلىم بولغان ياخشى دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىسى ئاتلىنىپ قوس (ئىدىقۇت) قورغىنىنى بۆسۈپ چىقىپ ھونلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن ⑪.

مانا بۇ قەدىمكى زاماندا ھون ئىمپېرىيىسى بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىدا قوسلار ۋە قوسلار رايونىنى تالىشىپ 70 يىلدەك ئېلىپ بارغان بەش قېتىملىق مەشھۇر ئۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلار قوسلارنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدا ئەڭ دەسلەپتە ياشىغان خەلقلەر ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قوسلار ۋە قوسلار ياشىغان رايوننىڭ ئىستراگېدىيىلىك

ئورنىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ تولۇق چۈشەندۈرىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «قوس كاھبەگلىكى» ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئىدىقۇت قەلئەسىگە (يەرلىكى قوس قورغىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) توغرا كېلىدۇ. ئارقا قوس خانى قۇتچۇرنىڭ خوتۇنىنىڭ «نەيزە ئۇچىدىن ئوت چاقناش ئۇرۇش ئالامىتىنى كۆرسىتىدۇ: بۇ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق. بۇرۇن ئالدى قوس بېگى قورۇقچى بەگنىڭ ئەمىر - لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇپ قالسىلىرى چوقۇم ئۆلتۈرۈلىدىلا، ئۇنىڭدىن كۆرە ھونلارغا تەسلىم بولغان ياخشى دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىسى قوس قورغىنى (ئىدىقۇت) تىن بۆسۈپ چىقىپ ھونلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى» دېگەن سۆزىدىكى قوس قەلئەسى - 高昌壁 كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى قوس (قورغىنى) دېگەن سۆز خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا 高昌 دەپ ئاتىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

فىك چېگچۈن ئەپەندى تۈزگەن «غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» Qoco، يەنە Kocho دېگەن ئىككى يەرنىڭ گېرمانىيىلىك فون. لىكوك قاتارلىق ئېكىسپېدىتسىيىچىلەر تۇرپاندا ئېرىشكەن تۇركچە ھۆججەتتە ئۇچراتقانلىقىنى، فرانسىيىلىك پېللىئوت بۇنى 高昌 نىڭ ئاھاڭى دەپ قارىغانلىقىنى، ئورنى بۈگۈنكى تۇرپان ناھىيىسىگە قاراشلىق قاراخوجا (Karahoja) شەھىرىدە ئىكەنلىكىنى؛ ئۇ ئىدىقۇت شەھىرى يەنى دەقيانۇس شەھىرى (Dakyanus Shari) دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقىنى. خەن دەۋرىدە قوس قەلئەسى (高昌壁)، تاڭ دەۋرىدە قوس ناھىيىسى (高昌县)، سۇڭ، يۈەن مەزگىللىرىدە 高昌 ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پايتەختى (高昌回鹘国都) بولغانلىقى، «لياۋ خانلىقىنىڭ تارىخى» دا: 和州回鹘 (قوچۇ ئۇيغۇرلىرى) دەپ ئاتالغانلىقىنى «يۈەن خانلىقى تارىخى» دا: 高昌亦都护 (ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى) دەپ ئاتالغانلىقىنى: «جىن خانلىقى تارىخى» ۋە «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دە؛ قوس قوچۇ (高昌) سۆزى قوچۇ (和州) دەپ خاتا تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنى؛ «يۈەن خانلىقى تارىخى» دا: يەنە قارا قوچۇ، قاراخوجا،

合剌和州,合剌火州,哈剌霍州,合剌火者 دېگەندەك تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى: «قوچۇدىكى شى جەمەتىنىڭ شەجەرىسى» دە: 高昌 (قوس) بۈگۈنكى: قارا قوچۇدۇر ( 哈剌和卓 دېيىلگەنلىكىنى، «مىڭ خانلىقى تارىخى» : دا « 火州 (قوچۇ) يەنە بىر نامى قارا، تۇرپاننىڭ 30 چاقىرىم شەرقىدە، ئۇنىڭ شەرقىدەرەك قاقاس شەھەر ( 荒城 ) بار، دەل شۇ قوس ئېلىنىڭ پايتەختىدۇر» دېيىلگەنلىكىنى؛ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىكى قارا قوچۇ دېگەن ئەنە شۇ قاقاس شەھەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى قەيت قىلىنغان ㉑. بۇلار پەقەت 高昌 (قوس) ئاتالغۇسىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشىنىلا چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەندۈرەلمىگەن.

قوس سۆزى توغرىسىدا تارىخشۇناس مىڭ فەنرېن ئەپەندى «بېشبالىقنىڭ تارىخى جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدا: غوز ( 姑师 )- qusi بىلەن قوس( 车师 ) - qushu ئوخشاش بىر نامنىڭ خەنزۇچە باشقىچە تەرجىمە قىلىنىشى بولۇپ، شىگيۇەننىڭ 2 - يىلى (مىلادىدىن 63 يىل بۇرۇن) ئالدى ( 车师前部 )، ئارقا قوس ( 车师 后部 ) دەپ ئايرىۋېتىلىشتىن ئىلگىرى، قوس (گوس ياكى غوز) - 姑师 دەپ ئاتىلاتتى. ئايرىۋېتىلگەندىن كېيىن ئالدى قوس، ئارقا قوس دەپ ئاتالدى، دېيىلگەن، يەنە شۇ كىتابتا قوسلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، سېن جۇڭمىيەن ئەپەندىنىڭ «كۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچۇ ھاكىمىيىتى ھەققىدە تولۇقلىما» ناملىق ماقالىسىدە: غوز - قوس ئوخشاش بىر نامنىڭ خەنزۇچە گۇشى، جۈيشى ( 车师 ، 姑师 ) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشىدۇر. ئۇلارنىڭ ئوخشاش بىر نام ئىكەنلىكىدىن شۇبھىلىنىش ھاجەتسىز. بۇ ئەسلىدە قوس (qusi) دەپ ئاتىلاتتى. قەدىمدە قوس (qusi) قۇسۇ (qushu) غا ئۆزگەرگەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. شۇڭا، غوز ( 姑师 ) ياكى قوس ( 车师 ) پانتىكىن تاش پۈتۈكىدە Qosu ياكى Qusu دەپ پۈتۈلگەن. پىلليئوت ئەپەندى («غەربىي يۇرت جەنۇبىي دېڭىز تارىخىي جۇغراپىيىسى ھەققىدە مەجمۇئە» 68 - بەتتە) دە: Qosu بىلەن «تاڭنامە جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دىكى 孤舒

www.uyghurkitap.com

(قوس) تاۋۇش جەھەتتە يېقىن. 孤舒 (قوس) بىلەن 哥舒 (قوسۇ) ئوخشاش بىر نامنىڭ (خەنزۇچە) باشقىچە تەرجىمە قىلىنىشى... 哥舒 (قوسۇ ـ قوشۇ) تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى. قوس (姑师) گەرچە شەھەر دۆلىتى بولسىمۇ، غەربىي خەن (مىلادى بۇرۇنقى 206 ـ 25 ـ يىللىغىچە) نىڭ ئاخىرلىرى ھونلار بۇ جاينى (قوسلار زېمىنى دىمەكچى) كۆپ قېتىم تالاشقان... دېمەك ھون قەبىلىلىرى ئىچىدە قوس (姑师) لار بارلىقى مەلۇم. ئۇلار كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تۈركلەرگە قارام بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (قوس) نىڭ نامى 哥舒 (قوسۇ) ياكى 孤舒 (قوس) دەپ تەرجىمە قىلىنىدىغان بولدى. بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت» دەيدۇ دېيىلگەن ⑬.

«كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «ئۇشۇرغولدىن شىمالغا قاراپ ماڭغاندا، ئالدى قوستىكى 高昌壁 (قوس قورغىنى) غا 1200 چاقىرىم، ئۇ يەردىن شىمالغا قاراپ ماڭغاندا ئارقا قوسنىڭ ئالتۇنبالىق قەلئەسىگە 500 چاقىرىم كېلىدۇ) دېيىلگەن. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: « ئالدى قوس 高昌 ئوردىسىنىڭ قورغىنى... ئۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز، ئاۋام پۇقرالىرى باياشات بولغاچقا 高昌 قورغىنى 高昌 شۇ دۆلەتنىڭ نامى بولۇپ قالغان» دېيىلىدۇ ⑭. «سۇڭ خانلىقى تارىخى. قوچۇ تەزكىرىسى» سىدىمۇ: «قوچۇ شەھىرى ( 高昌城 ) دەپ ئاتىلىشى، ئۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز، ئاۋام پۇقرالىرى باياشات بولغاچقا، 高昌 دەپ ئاتالدى. ئۇ يەردە خەن خانلىقى دەۋرىدىلا 高昌 قورغىنى بولغاچقا، دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن ⑮. بۇنىڭدىن مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدە 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان 高昌 (قوچۇ) دېگەن سۆزنىڭ (مەنىسىنىڭ) مەركىزى جاينىڭ يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى ئېگىز، ئاۋام پۇقرالىرىنىڭ باياشات ئىكەنلىكىدىن 高昌 دەپ ئاتالغان، دەپ قارىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەپسۇسكى، 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان كىشىلەر 高昌 (قوچۇ) دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان بۇ نامنىڭ كېلىش مەنبەسى زادى قەيەردە؟

بىز يۇقىرىدا تۇرپان رايونىدا ئەڭ دەسلەپتە پائالىيەتتە بولۇپ ئولتۇراقلاشقان خەلق قوسلار ئىكەنلىكىنى بايانلاپ ئۆتكەنىدۇق. تارىخنامىلەردىمۇ بۇ ھەقتە ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەر بار. مەسىلەن، ئالدىنقى خەن. كېيىنكى خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىلىرىدىكى بايانلاردا 高昌 رايونىدا ئەسلىدە قوسلار ( 姑师 ، 车师 ) بار ئىدى، دەپ خاتىرىلەنگەن. «جۇنامە» 50 - جىلدىدا: « 高昌 ئالدى قوس خانلىقىنىڭ ماكانى» دېيىلگەن ⑯. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97 - جىلدىدا: «قوسلار خانلىقى يەنە ئالدى قوس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ خاقانى يارغول شەھىرىدە تۇرىدۇ» دېيىلگەن ⑰. بۇ خاتىرىلەردە 高昌 ئەسلىدە قوسلار ( 车师 ) نىڭ ماكانى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. شۇڭا 高昌城 (قوس قەلئەسى) نى ئالدى قوس دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، تۇرپاندىكى يەرلىك خەلق قوسلار قۇرغان قوس قورغىنى ياكى قوس قەلئەسىنى خەنزۇلار 高昌垒 ، 高昌城 دەپ تەلەپپۇز قىلىپ تارىخنامىلەرگە خاتىرىلەنگەنلىكى ئېنىق.

高昌 نامى - ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان ئويمانلىقىغا كەلگەن خەنزۇلار تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يەرلىك خەلق قوسلار ( 车师 - مەنىسى ھارۋىكەش، ھارۋا ئۇستىلىرى) نىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئۇرۇش ماجىرالىرىدا ئىشلىتىۋاتقان كۆپ گۇگۇسۇنلۇك، ئېگىز ھەم يوغان چاقلىق ھارۋىلارنى كۆرۈپ ئۇلارنى قاڭقىللار ( 高车 ) دەپ ئاتىغان. 高车 نامىنىڭ قانداق قىلىپ 高昌 دەپ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى مەلۇم بولمىسىمۇ، لېكىن 高昌 نامى - مەزكۇر يەرنىڭ يۈزى تۈزۈلۈشىنىڭ ئېگىز بولۇشىدىن كەلگەن بولماستىن 高车 سۆزىنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقتىن كەلگەنلىكى روشەن. تارىخنامىلەردىكى ئالدى قوس - قوس قەلئەسى 高昌壁 - 车师前部 ئەمەلىيەتتە ھازىرقى قوچۇ ( 高昌 ) - قوس ( 姑师 ، 车师 ) نىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەنلىكى تارىخىي رېئاللىق، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى گېرمانىيىلىك فون. لىكوك 1905 - يىلى تۇرپان رايونىدا ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا قاراغوجىدىكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تاپقان مانى دىنىغا

ئائىت پارچىدىكى قوچۇ xocvo دېگەن نام ( 高昌 - 火州 ) ئارقىلىق ئىسپاتلاشقىنى بولىدۇ. روسىيىلىك مىنورسكىي xocvo - khocho نى 高昌 دەپ قارايدۇ. ياپونىيىلىك ئەنبۇجىيەنفۇ ئەپەندى «غەربىي ئۇيغۇرىيە تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدا guju (قوچۇ) - 高昌 نى كۆرسىتىدۇ. يەنى Quju - 高昌 نى سۆزلەپ كېلىپ 高昌 - Qucu ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىدۇر. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىي ماكانى، دەيدۇ ⑱، مەسئۇدىنىڭ «ئالتۇن يايلاق» ناملىق كىتابىدا: Kouchan - 高昌 دېگەنلىكتۇر دەپ يېزىلغان ⑲.

10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى (مىلادى 983 - 982 - يىللار) ئىسمى نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن پارس تىلىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان «ھۇدۇدۇل ئالەم» (Alam - Hududu) («ئالەمنىڭ پاسىللىرى») ناملىق كىتابتا: « Qoco — chan — Kaot — chanh — Kaot 高昌 دۇر» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭ ئۆزگىرىشى ئەسلىدىكى قوسلار يەنى قوس ئۇلۇسى ( 姑师人 Qozugus ، 车师人 ) يىراق قەدىمكى زامانلاردىن بۇيانقى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ھەر خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن بولغان ئىستىخىيىلىك ۋە ئىستىخىيىسىز تىل ئىستىلاھلىرى نەتىجىسىدە —Khoco—Khocha, Khouchan. Kao Chan, Kcio—tchang qosu, qusi, qush Quz ←qoco ←qoco ←Qoco ←Qocho ←Hocho بولۇپ خەنزۇچىدا 高昌 دەپ ئاتالغان.

يەنە تارىخىي ئەسەرلەردە قوسلار ياكى غوزلار توغرىلىق: «ئۇلار ھەر قېتىملىق يۇرۇشكە ئاتلانغاندا ئۇلارنىڭ ئىگىز چاقلىق ھارۋىلىرىدىن ‹قاڭقا›، ‹قاڭقا›، ئاۋازى چىقسا، ئەسكەرلىرى (ئاياغ) دىن ‹گۇس›، ‹گۇس›، (مەنىسى ئالغا - ئالغا) دېگەن ئاۋاز چىقاتتى» ⑳ دېگەندەك مۇھىم ماتېرىياللار بار. بۇنى قوس ياكى غوز نامىنىڭ قانداق كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى يېڭى مەنبە دېيىشكىمۇ بولىدۇ. «قاڭقا» توغرىلىق ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» دە: «. . . ئوغۇز خاقانىنىڭ لەشكەرلىرىگە، نۆكەرلىرىگە، خەلقىگە شۇنداق كۆپ غەنىمەتلەر

چۈشتىكى، ئۇنى تۇشۇشقا شۇنچىۋالا ئات، خېچىر، كالىلار ئازلىق قىلدى. ئوغۇز خاقاننىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدە ياشانغان بىر چىۋەر كىشى بار بولۇپ، ئىسمى بارماغلىق يوسۇن بىلىگ ئىدى. بۇ چىۋەر ئادەم بىر ئېگىز (چاقلىق) ھارۋا ياسىدى. ھارۋا ئۈستىگە جانسىز غەنىمەتلەرنى قاچىلىدى. ھارۋىنىڭ ئالدىغا جانلىق غەنىمەتلەرنى قوشتى. ئۇلارغا ھارۋىنى تارتقۇزدى. نۆۋكەرلەر، ئەل - جامائەت بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۇلارمۇ ھارۋا ياسىدى. ئېگىز چاقلىق ھارۋا ماڭغاندا «قاڭقا، قاڭقا» دېگەن ئاۋاز چىقاتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا «قاڭقا» دەپ ئات قويدى. ئوغۇز خاقان قاڭقالارنى كۆرۈپ كۈلدى. ئېيتتىكى: «قاڭقا بىلەن جانسىز غەنىمەتنى جانلىق غەنىمەت سۆرەپ ماڭىدىكەن. ئېگىز ھارۋىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن «قاڭقالىق ساڭا ئات بولسۇن». سۆزىنى تۈگىتىپ يۈرۈپ كەتتى» دېيىلگەن. ㉑ «قاڭقا» سۆزى ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدە 高车 دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى بىلەن قوللانغان. ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىدە قاڭقا مەھەللىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بار.

«قامۇس» نىڭ 191 - جىلدىدا: «جىن دەۋرىدە يارغول شەھىرى قوچۇ ۋىلايىتى ( 高昌郡 ) دەپ ئاتالدى» دېيىلگەن㉒. بۇ مەلۇمات، قوچۇ ۋىلايىتى يارغولدا ئەمەس، قارا خوجىنىڭ قوس قەلئەسىدە يەنى قوچۇدا تەسىس قىلىنغانلىقىنى. «قامۇس» نىڭ مۇئەللىپى دۈيۈنىڭ خاتالىشىشى سەۋەبلىك، «يېڭى تاڭنامە» قاتارلىق تارىخنامىلەرنىڭ ھەممىسىدە يارغول قوچۇ خانلىقى ( 高昌国 ) نىڭ پايتەختى دەپ ئاتىلىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە قوچۇ ۋىلايىتى ( 高昌壁 ) جايلاشقان ئورۇن ۋە قوچۇ خانلىقى ( 高昌王国 ) نىڭ پايتەختى يارغولدا بولماستىن، بەلكى قوس قەلئەسى ( 高昌壁 ) ياكى قوچۇ ( 高昌 ) دا ئىدى. لېكىن قوچۇ خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن يارغول قوسلارنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىساد مەركىزى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم كەڭ يايلاق رايونلىرىغا مەشھۇر ئىدى.

قوچۇ ۋىلايىتى ۋە قوچۇ خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن قوسلار تۇرپان

ئويمانلىقىدىكى ئاساسلىق ئاھالە بولۇپ، ۋېي، جىن خانلىقلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى (مىلادى 220 ـ 420 ـ يىللار) دا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، نۇرغۇنلىغان خەلق ئۇرۇشتىن بىزار بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىغا قېچىپ كېلىشتى. بۇنىڭ بىلەن خېشى كارىدورىدىكى بىر قىسىم تەپرىقچى كۈچلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇۋېلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ئەمما خېشى كارىدورىدىكى لياڭجۇ ئايمىقى چەت ـ ياق بىر جاي بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەر بىر قەدەر تىنچ ئىدى. شۇ چاغدا جاڭ گۈي ئىسىملىك بىر سەردار بۇ يەردە بىر تەپرىقچى ھاكىمىيەت قۇرۇپ دۆلەت نامىنى ئالدىنقى لياڭ خانلىقى دەپ ئاتىدى. مىلادى 317 ـ يىلى، ئالدىنقى لياڭ ھۆكۈمرانى جاڭ گۈينىڭ نەۋرىسى جاڭ جۈن تەختكە چىقىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي قوشۇن باشلاپ قوسلار قەلئەسىگە ( 高昌壁 ) ھۇجۇم قىلىپ ئىگىللىۋالدى. ھەم قوسلار قەلئەسىدە ۋىلايەت تەسىس قىلىپ قوچۇ ۋىلايىتى ( 高昌郡 ) دەپ ئاتىدى. بۇ تۇرپان رايونىدا ناھىيە ـ ۋىلايەت تۈزۈمىنىڭ تۇنجى قېتىم يولغا قويۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئالدى قوس زېمىنىدا ئالدى قوس خانلىقى ( 车师前国 ) بىلەن قوس (قوچۇ) ۋىلايىتى ( 高昌郡 ) دىن ئىبارەت تەپرىقە ھالەتتىكى ئىككى ھاكىمىيەت سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. كېيىن جياڭ جىنسۇن ئىسىملىك بىر كىشى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ جاڭ جۈننى يوقاتتى. لېكىن قوچۇنىڭ ۋىلايەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتمىدى. ئالدىنقى لياڭدىن جاڭ جۈن، ئالدىنقى چىندىن فۇجيەن، كېيىنكى لياڭدىن لۈي گۇاڭ، غەربىي لياڭدىن لى گاۋ، شىمالىي لياڭدىن قۇتقۇ مۇنسۇنلار قوچۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ قوچۇ ۋىلايىتىنى ئىدارە قىلدى. شۇ چاقىچە تۇرپان ئويمانلىقىدا ئالدى قوس خانلىقى بىلەن قوچۇ ۋىلايىتى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. خانلىقنىڭ پايتەختى يارغولدا، ۋىلايەتنىڭ مەركىزى ھازىرقى قوچۇ قەدىمكى شەھىرىدە ئىدى.

مىلادى 386 ـ يىلى سىيانپىلاردىن بولغان تۇغباتكۈي خانلىق قۇردى. خانلىق نامى تارىختا شىمالىي ۋېي دەپ ئاتالدى. مىلادى 439 ـ يىلى،



www.uyghurkitap.com

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد خانى تۇغباتتاۋ شىمالىي لياڭنىڭ خانى قۇتقۇ مۇقاننى تۇتۇۋېلىپ، شىمالىي لياڭ خانلىقىنى يوقاتتى. تۈركلەشكەن هون ئەۋلادىدىن بولغان قۇتقۇ ئۇرغۇ ئاكىسى قۇتقۇ مۇقان ۋە ئىنىسى قۇتقۇ ئارغۇ قاتارلىق خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن بىللە غەربكە قاراپ قېچىپ، تارىم چۆللۈكىدىكى پىشامشان (هازىرقى چەرچەن، چارقىلىق دائىرىسىدە) ئارقىلىق قوچۇغا كېلىۋالدى. «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «قۇتقۇ ئۇرغۇ خان جەمەتىدىكى قەۋم قېرىنداشلىرىنى باشلاپ غەربتىكى قۇملۇققا قېچىپ كەتتى» دېيىلگەن ㉓. مىلادى 442- يىلى 9 - ئايدا قۇتقۇ ئۇرغۇ پىشامشان، كېنگىت ئارقىلىق قوچۇغا ئۇشتۇمتۇت هۇجۇم قىلىپ، قوچۇنىڭ ۋالىيسى غانشۇاڭنى قوغلاپ چىقاردى. غانشۇاڭ ئاۋارلارنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى. مىلادى 444 - يىلى 6 - ئايدا قۇتقۇ ئۇرغۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلدى. بۇنىڭ بىلەن هۆكۈمران تەبىقە ئىچىدە غەۋغا كۆتۈرۈلدى. بۇ غەۋغادا قۇتقۇ ئۇرغۇنىڭ ئىنىسى قۇتقۇ ئارغو تاشقى كۈچنىڭ ياردىمى ئارقىلىق قۇتقۇ ئۇرغۇنىڭ ئوغلى قۇتقۇ چەنشۇنىڭ قولىدىكى هەربىي هوقۇقنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنى شىمالىي لياڭ خانى دەپ ئاتىدى. قۇتقۇ چەنشۇ ئەگەشكۈچىلىرىدىن 500 ئائىلىنى باشلاپ شەرق تەرەپتىكى ئاۋارلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى ئىۋىرغولغا قاچماستىن، غەربىي تەرەپتىكى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قاراشلىق ئالدى قوس خانلىقىغا قاچتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، قۇتقۇ ئارغۇ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاشتا ئاۋارلاردىن پايدىلانغانلىقى ئېنىق. ئەينى چاغدا كېنگىتنىڭ شەرقىدىكى يەتتە شەهەر پىشامشان بىلەن قوچۇ ئوتتۇرىسىدىكى يول ئۇستىدە بولۇپ، ئۇلار قۇتقۇ ئارغۇنىڭ قولىدىكى شىمالىي لياڭ خانلىقىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ئىدى. شىمالىي ۋېيغا قارام بولغان قوس خانى قايلونىڭ بولسا قۇتقۇچەنشۇ قاتارلىقلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ كۈچىنى زورايتقانلىقىدىن، پۇرسەت بولسىلا سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ ئەمدىلا تەختتە ئولتۇرغان قۇتقۇ ئارغۇغا تەهدىت سېلىپ تۇراتتى. ئۇ ئوغلىنى پايتەخت يارغول شەهرىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئەسكەر باشلاپ جەنۇب تەرەپتىن كېنگىتنىڭ شەرقىدىكى

يەتتە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇ يەرنى ئىشغال قىلىۋالدى. قۇتقۇ ئارغۇ بۇ يەردىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىماي، يەنە ئاۋارلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. «ئارغۇ قوسلارنىڭ كۆچىنىڭ بۆلۈنۈپ ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئاۋارلارنى باشلاپ كېلىپ يارغولنى ساقلاپ قالغان شاھزادە قوسقا ئۈچ تەرەپتىن كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلدى. قوس ئۇلار بىلەن قاتتىق تىركەشتى. ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلغاچقا، يارغول شەھىرىگە قامىلىپ قالغان قوس سىرتتىن كېلىدىغان ياردەمگە ئېرىشەلمەي، ئاخىرى ئارغۇ تەرىپىدىن يېڭىلدى ۋە پىتىراپ كەتكەن 1000 تۈتۈندىن ئارتۇق خەلقنى يىغىپ كېڭگىتكە كەتتى.» «ۋېينامە. قوس تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، مىلادى 450 - يىلى قوس خانلىقىنىڭ خانى قايلو: «خانلىقىمىزغا قۇتقۇلار سەككىز يىلدىن بۇيان ئۇدا ھۇجۇم قوزغاپ كەلمەكتە. يۇقرالار ئاچ - يالىڭاچلىقتا، ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالدى. قاراقچىلار دائىم پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغاچقا، خانلىقىمىز ئۆزىنى - ئۆزى باشقۇرالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. خەلق ئەتراپ - ئالەمدىكى ئەللەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ سەرسان - سەرگەردان بولدى. بەزىلىرى شەرقتىكى كېڭگىتكە كەتتى. كەمىنىلىرىگە مېھرى - شەپقەت قىلىپ مۇرۇۋەتلىك قوللىرىنى سۇنۇپ، قۇتقۇزغايلا!» دەيدۇ. ㉔ شۇنىڭ بىلەن ۋېي خانلىقىنىڭ خانى تۇغباتتۇ (تەيۋۇدى) كېڭگىتكە ھال سوراپ ئاشلىق ياردەم قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن قوس بىلەن قويلۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا مىلادى 451 - يىلى ۋە 452 - يىلى ئۆلگىرى - ئاخىرى بولۇپ، شىمالىي ۋېي خانلىقىغا بېيئەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 700 يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرگەن ئالدى قوس خانلىقى مۇنقەرز بولدى.

ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى بىلەن ئۆز يۇرتىدا قېپقالغان پىتىراپ كەتكەن خەلقنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان تەخمىنەن 200 تۈتۈندەك خەلق قۇتقۇ ئارغۇنىڭ بۇ زېمىندىكى ئاساسلىق يۇقرالىرى بولۇپ قالدى. بۇ قۇتقۇ ئارغۇنىڭ ئالدى قوس خانلىقى بىلەن قوس ۋىلايىتىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرپان ئويمانلىقىنى تۇنجى قېتىم بىرلىككە كەلتۈرۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇتقۇ ئارغۇ تۇرپان ئويمانلىقىنى بىرلىككە

كەلتۈرۈپ، 10 يىلدىن كېيىن يەنى 460 - يىلى، ئاۋارلار قوتقۇ ئارغۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا غانبو جۇنى تەختكە چىقىرىپ، قوچۇ خانى دەپ ئاتىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان ئويمانلىقى قوچۇ خانلىقى ( 高昌国 ) دەپ ئاتالدى. غانبوجۇ شۇبھىسىزكى غانشۇاڭنىڭ مىراسخورىدۇر. شۇندىن باشلاپ تۇرپان رايونىدا ئاۋارلار يۆلەپ تۇرغۇزغان قورچاق ھاكىمىيەت 30 يىلدەك ھۆكۈمرانلىق قىلدى. غان جەمەتىدىن غانشۇاڭ غانبوجۇ، غانشۇكويدىن ئىبارەت ئۈچ كىشى ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

مىلادى 487 - يىلى، ئاۋار خانى تورېن جەنۇبدىكى شىمالىي ۋېي خانلىقىغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولۇپ، قاڭقىللار ( 高车 ) تەۋەلىكىدىكى قەبىلىلەردىن ئەسكەر يىغدى. قاڭقىللارنىڭ پۇۋوغۇر قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئاپۇرغۇر تورېنغا كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، تورېن بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى. ئاپۇرغۇر بۇنىڭغا غەزەپلىنىپ قەبىلىسىدىكى خەلقنى باشلاپ غەرب تەرەپتە ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئالدى قوس خانلىقىنىڭ زېمىنىنىڭ غەرب تەرىپى (ھازىرقى توقسۇندىن ئالغوي، ئۈرۈمچى نەنسەنگىچە بولغان جايلارنى كۆرسىتىدۇ)گە كېلىپ ئۆز ئالدىغا خانلىق تىكلىدى. خەلق ئۇنى «بەگ قۇلى» دەپ ئاتىدى. بۇ شىمالىي ۋېيلارنىڭ «پەغپۇر» (تەڭرىنىڭ ئەركىسى) دېگىنى بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىدى. قاڭقىللار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن قاڭقىللار بىلەن ئاۋارلار ئوتتۇرىسىدا تۇرپان رايونىنى تالىشىش كۈرىشى باشلاندى. مىلادى 491 - يىلى ئاپۇرغۇر ئاۋارلار يۆلەپ تۇرغۇزغان قورچاق ۋالىي غان شۇكۇينىڭ قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈپ توخار جاڭ مىڭمىڭنى خان دەپ ئاتىدى. مىلادى 460 - يىلى ئالدى غوزلار ( 前部胡人 ) يەنى قوسلار جاڭ مىڭمىڭنى ئۆلتۈرۈپ مارۇي ئىسىملىك بىر كىشىنى خان دەپ ئاتىدى. مارۇي ئاۋارلارغا مايىل كىشى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئاۋارلارنىڭ قوچۇ رايونىدىكى تەسىرى قايتىدىن كۈچەيدى. بىراق ئەينى چاغدا قوچۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋەزىيەت ئاۋارلارغا نىسبەتەن پايدىسىز ئىدى. مىلادى 488 - يىلى شەرقتىكى ئاۋارلاردىن ئىۋىرغولنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان مۇھاپىزەتچى ئەمەلدار 3000 كىشى بىلەن شىمالىي ۋېيغا بەيئەت قىلدى.

غەربىي شىمالدىكى قاڭقىللار خانلىقىمۇ شىمالىي ۋېي خانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشۈۋالدى. غەربىي جەنۇبىدا ئاۋارلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرغان ياپبانلار تەڭرىقۇتلۇقى بار ئىدى. جەنۇبىي تەرىپىدە شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ ئاساسلىق ئۆگىلىرىدىن كېڭگىت ۋە پىشامشانلار بار ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، قوچۇ رايونىنىڭ ۋەزىيىتى ئانچە تىنچ بولمىدى. مىلادى 502 - يىلى ئانا ۋەتىنىگە چوڭقۇر مۇھەببىتى بولغان ئەسلىدىكى قوسلار شەرققە كۆچۈشنى خالىماي، ئاخىرى مارۇينى ئۆلتۈرۈپ چۇرجانىنى خان قىلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزدى. قوچۇ خانى ئاۋارلارنىڭ ھامىيىسى ئاستىدا سەلتەنەت يۈرگۈزۈۋاتاتتى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي قاڭقىللار ئاۋارلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن چۇر جانى قاڭقىللارغا بەيئەت قىلدى. دەسلەپتە ئالدى غوزلار (قوسلار) قاڭقىللارغا قارام بولدى. بىر قىسمى كېڭگىتكە كۆچۈپ كەتتى. يەنە ئابداۋۇللار (يەپتالىلار، ئېفتالىتلار) بېسىپ كېلىپ ئۇلارنى پاراكەندە قىلدى. مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن بۇ ئەلدىكى خەلق كۆپ قېتىم سەرسان بولدى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئالدى غوزلار ( 前部胡人 ) ئەينى چاغدىكى قوسلارنىڭ قالدۇقلىرى بولغان تۇرپانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىز مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقان نىگىزلىك مەسىلە 高昌 سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىز بۇنى تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشاپ كەلگەن قوسلار ئەتراپىدىكى جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا ئاساسەن ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ ئاساسلىق دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ يەرنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى ناھايىتى تۆۋەن بولغانلىقتىن، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەسلا مۇمكىن بولمىغان. شۇڭا بۇ يەرنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىك ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قوسلار ئەتراپ مۇھىتىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان گوگوسۇنلىرى كۆپ، چاقى يوغان بولغان قاتناش قورالى - ھارۋىنى ئىجاد قىلغان. بۇنى ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن يېزىسىدىكى تاغ غولىنىڭ ئارىسىدىكى قىياتاشقا چېكىلگەن ھارۋا رەسىملىرى ئىسپاتلايدۇ. بەزىلەر مۇشۇ دەلىللەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇلار بۇ يەرگە كەلگەندە

تۇرپاندىكى قەدىمكى خەلق ـ قوسلارنىڭ ئېگىز چاقلىق ھارۋا ئىشلىتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، تۇرپان ئويمانلىقىنى ئۇلار ئىشلەتكەن ھارۋىسىنىڭ نامى بىلەن قاڭقىللار ( 高车 ـ ئېگىز چاقلىق ھارۋالىقلار ) دەپ ئاتالغانلىقىنى، لېكىن 高车 نىڭ 高昌 دەپ خاتا تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنى بىلگىلى بولىسمۇ، 高昌 نامى مەزكۇر جاينىڭ يەر يۈزى تۈزۈلۈشىنىڭ ئېگىز بولۇشىدىن كەلگەن بولماستىن 高车 سۆزىنىڭ بۇزۇپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغانلىقىدىن كەلگەنلىكى روشەن دەيدۇ. ㉕ ئەسلىدە تۇرپان رايونىدىكى قەدىمكى خەلق قوسلار ( 车师 ـ مەنىسى ھارۋىكەشلەر، ھارۋا ئۇستىلىرى) نامىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن 高车 ( 高昌 ) سۆزى كېيىنچە پۈتۈن مۇڭغۇل ـ شىنجاڭ ئېگىزلىكىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان تۇرا خەلقلىرى تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدا تۇرالار يەنە قاڭقىللار دەپمۇ ئاتالغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە: «قاڭقىل ( 高车 ) ئەسلىدىكى قىزىل تۇرالارنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇلار دەسلەپتە تېرىلار، تۇرالار دەپ ئاتالغان. شىماللىقلار ئۇلارنى تېرىلار، قاڭقىللار دەپ ئاتىغان. شيالىقلار (خەنزۇلار) قاڭقىللار تىگىرىكلار، تۇرالار، تۇرانىلار دەپ ئاتىغان. بۇ قەۋملەر ئىچىدە تېرىلار ئۇيغۇر، قوغۇرسۇ، چۆجە، قۇتلۇق غوز قەۋمى ئىزگىلار بار ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قاڭقىللار تۇرالار ـ بولۇپ قاڭقىل 高车 نامى. باشقىلار ئۇلار ئىشلەتكەن كۆپ گوگۇسۇنلۇك، ئېگىز چاقلىق، ماڭغاندا «قاڭقا، قاڭقا» ئاۋازى چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قاڭقىللار ( 车高 ) دەپ ئاتىغان. ئەمەلىيەتتە ئەينى ۋاقىتتا قاڭقىللار موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە ياشىغاندىن باشقا يەنە تۇرپان ئويمانلىقى ۋە بېشالىق قاتارلىق جايلاردا ياشىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى قوسلارمۇ قاڭقىللار ( 车高 ) دەپ ئاتىلىپ كەتكەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، مىلادى Ⅵ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى ئەسلىدە ئاۋارلارنىڭ تۆمۈرچى قۇللىرى بولغان تۈركلەر ئالتۇنتاغ ( ئالتاي تېغى ) نىڭ جەنۇبىدا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار قاڭقىللار خانلىقىغا غەرب

تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەش تۈمەن تۇتۇندەك پۇقراسىنى ئەل قىلىۋالدى. يەنە تۈركلەرنىڭ سەردارى تۈمەن ئاۋارلارغا قۇدىلىشىش قىلىش تەلىپىنى قويدى. بىراق تۈمەن ئاۋار خاقانى ئاناغاينىڭ تىل ھاقارىتىگە ئۇچرىدى. تۈمەن بۇنىڭغا غەزەپلىنىپ ئاۋارلارنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، ئۆزئارا بېرىش - كېلىشنى ئۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ئاۋار خاقانلىقى بىلەن قوچۇ خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى يول تۈركلەر تەرىپىدىن ئۈزۈۋېتىلدى. مىلادى 552 - يىلى تۈمەن ئاۋارلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاۋارلار قوشۇنىنى تارمار قىلدى. ئاۋارلار خاقانى ئاناغاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. تۈمەن ئۆزىنى «ئىل قاغان» دەپ ئاتاپ ھازىرقى جىمسارىدا چېدىر تىكىپ، تۈرك خانلىقىنى قۇردى. نەچچە يىلدىن كېيىن تۈرك خانلىقى بىلەن قوچۇ خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى. . . تۈركلەرنىڭ ئەسكەرلىرى قاۋۇل، ھەيۋەتلىك، ئىنتىزامچان، چېنىققان ئىدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى قاتتىق ئىركەشكەندىن كېيىن، ئاۋارلار پۇرسەت تېپىپ چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن قايتا ئۇرۇشقا پۇختا تەييارلىق قىلىپ، چېگرا - قورغانلارنى مۇستەھكەملىدى. ئاقىۋەتتە ئۇلار ئۇرۇشماي، ئىتتىپاقلىشىپ قۇدىلاشتى. بۇ قوچۇ خانى چۇرشانىشنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدا يۈز بەرگەن ۋەقە بولۇپ، مىلادى 554 - 552 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قوچۇ خانلىقى تۈركلەرگە قارام خانلىق بولۇپ، خان تۈركلەر بەرگەن ئوتتۇغات نامىنى قوبۇل قىلدى. قوچۇ خانى چۇر شانىشنىڭ شاھزادىسى چۇرباغامۇ تۈرك خاقانىنىڭ مەلىكىسىنى خوتۇنلۇققا ئالدى. دېمەك، مىلادى 435 - يىلىدىن 552 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر قانچە يىلدىن باشقا ئاۋارلار قوچۇ رايونىنى 100 يىلدىن ئارتۇقراق ئىدارە قىلدى. مىلادى 497 - يىلى ئەتراپىدا قوچۇدا چۇر (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «بەگ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) جەمەتىدىن چۇرما (ئۇيغۇر) ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا ئالدى. ئۇ 27 يىل دەۋر سۈرۈپ، مىلادى 523 - يىلى ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى چۇركان تەختتە ئولتۇرۇپ يەتتە يىل دەۋر سۈرۈپ، مىلادى 548 - يىلى ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى چۇر ئانىسى تەختتە ئولتۇرۇپ ئىككى يىل دەۋر سۈرۈپ تەخمىنەن مىلادى 550

- يىلى ئۆلدى. ئورنىغا شانشى تەختتە ئولتۇرۇپ تۆت يىل دەۋر سۈرۈپ مىلادى 554 - يىلى ئۆلدى. مىلادى 555 - يىلى چۇرباغا (؟) تەختتە ئولتۇرۇپ ئالتە يىل دەۋر سۈرۈپ، مىلادى 561 - يىلى ئۆلدى. ئورنىغا چۇرجەنگوي (؟) تەختتە ئولتۇرۇپ 41 يىل دەۋر سۈرۈپ، مىلادى 601 - يىلى ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى چۇربايار تەختتە ئولتۇرۇپ 12 يىل دەۋر سۈرۈپ، مىلادى 613 - يىلى ئۆلدى. مىلادى 614 - يىلى چۇرۋى (؟) تەختتە ئولتۇرۇپ ئالتە يىل دەۋر سۈرۈپ، مىلادى 619 - يىلى ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى چۇر ۋېنتاي تەختتە ئولتۇرۇپ 17 يىل دەۋر سۈرۈپ، مىلادى 640 - يىلى ئۆلدى. ئورنىغا ئوغلى چۇرچشان تەختتە ئولتۇردى.

بۇ مەزگىللەردە قوچۇ رايونى 150 يىل ئەتراپىدا ئاۋارلار، قاڭقىللار ۋە تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېغىر قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ تۇرغانلىقتىن، قوچۇ خانلىقىدىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. قوچۇ خانلىقىغا چۇر جەمەتىدىن جەمئىي توققۇز كىشى خان بولۇپ 141 يىل ئەتراپىدا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، قوچۇ خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولغانلىقتىن، خانلىق روناق تېپىپ شەھەر بازارلىرى كۆپىيىپ ئەسلىدىكى سەككىز شەھەردىن 22گە يەتتى. بۇ جەرياندا قوچۇ خانلىقى يەنە سىرتقى جەھەتتە ئوتتۇرا ئىقلىم ۋە شىمالىي ۋېي خانلىقىدىن تارتىپ سۈي، تاڭ سۇلالىرىگىچە، ئاۋارلار قاڭقىللار ۋە تۈركلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدى. ئىچكى جەھەتتە ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ باشقا مىللەتلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش تېز بولدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئەسلىدىكى تۇرا، قاڭقىللار ھەر قايسى قەبىلىلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنى ئاساس قىلىپ بىرلىككە كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار ئۇيغۇر دەپ ئاتالدى. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەسلىدىكى قوچۇ رايونىدىكى قوس، غوزلارنى ئاساس قىلىپ ھون، سيانپى، ئاۋار، توخرى، ئاسىيۇ، تويوخۇن، ئېفتالىت، تۈرك قاتارلىق خەلقلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى شەكىللەندۈردى.

مىلادى 640 ـ يىلى جۇر جەمەتىدىن چۇرچشان قوچۇ خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇردى. ئۇ غەربىي تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ تاڭ ئوردىسىغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى تاڭ تەيزوڭ (لى شىمىن) چوڭ سانغۇن خوجۇنجىنى قوچۇنى تىنجىتىشقا ئەۋەتىپ قوچۇنى تىنجىتىپ، بۇ يەردە ئايماق تەسىس قىلىپ غەربىي ئايماق (西州) دەپ ئاتىدى. قوچۇ ئايمىقىنىڭ ئاستىدا ناھىيە، ناھىيىنىڭ ئاستىدا يېزا، يېزىنىڭ ئاستىدا مەھەللە ـ كەنت تەسىس قىلىندى. يارغول بۇ چاغدا قوچۇ ئايمىقىنىڭ ئەڭ چوڭ ناھىيىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

مىلادى 755 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەنلۇك ـ سۈيگۈن توپىلىڭى يۈز بەردى. بۇ مەزگىللەردە تاڭ سۇلالىسى ئىچكى قىسىمدىكى توپىلاڭنى تىنجىتىش بىلەن ئاۋارە بولغاچقا، قوچۇنى ئىدارە قىلىشقا ئامالسىز قالدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان تىبەت ئاقسۆڭەكلىرى غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى توسۇۋېلىپ، غەربىي يۇرتنى تاڭ سۇلالىسى قولىدىن تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قوچۇ تىبەتلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. «سۇڭنامە. قوچۇ تەزكىرىسى» دە: «قوچۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىللىرى (627 ـ 649) خو جۈنجى باشچىلىقىدا تىنجىتىلغاندىن كېيىن ئۇ قوچۇ ئايمىقى دەپ ئاتالدى. لېكىن ئەنلۇك ـ سۈيگۈن توپىلىڭى سەۋەبىدىن قولدىن كېتىپ قالغان قوچۇ خانلىقى يەنە مۇستەقىل بولۇۋالدى. بۇ يەردە ئەسلىدىلا ئۇيغۇرلار كۆپ بولغاچقا، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى (大福大回鹘国) دەپ ئاتالدى، دېيىلگەن ㉖. VIII ئەسىردە تىبەتلەر ھۇجۇم قىلىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بېشبالىق بىلەن جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئاستانىنى ئىشغال قىلىۋالدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىلى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل دالاسىدا 100 يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرگەن ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قەھەتچىلىك، ۋابا، قار ـ جۇدۇن بىلەن نۇرغۇن چارۋا ماللار قىرىلىپ، ئۈزلۈكسىز تەبىئىي ئاپەت يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھۆكۈمران گۇرۇھلار تەبىقىسى ئىچىدىكى ئىچكى نىزالاردىن پايدىلىنىپ قىرغىز قەبىلىلىرىبېسىپ كىرگەنلىكتىن، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى مەغلۇپ بولدى. تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي

ئاپەتلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى پېتىراپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى ئۆز ماكانىدا قېپقالغاندىن سىرت، كۆپ قىسمى غەربىي جەنۇبقا قاراپ كۆچتى. غەربكە قاراپ كۆچكەنلەر 15 قەبىلە ئۇيغۇر بولۇپ، بۇلار پانتېكىن باشچىلىقىدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئەسلى زېمىنى بېشبالىققا كېلىپ، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە تايىنىپ تاڭغىتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بەردى ۋە پانتېكىن ئۆزىنى خان دەپ ئاتىدى. مىلادى 866 - يىلى بېشبالىق ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار ئىچىدىن يەنە بىر بۆكە (بۇقا) تېكىن ئىسىملىك يېڭى يولباشچى مەيدانغا چىقتى. بۇ كىشى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى ئىدى. بۆكە تېكىن قوچۇ رايونىدىكى تىبەت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ قوچۇنىڭ ھۆكۈمرانى بولدى. شۇنىڭ بىلەن قوچۇ ۋە بېشبالىق شەھەرلىرى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇردى. خانلىقنىڭ نامى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى دەپ ئاتالدى. بەزى ماتېرىياللاردا مىلادى 13 - ئەسىردە (1209 - يىلى) قوچۇ (ئۇيغۇر) ئارسلان تېكىن يەنى بارچۇق ئارتېكىن چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، چىڭگىزخان ئۇنىڭغا ئۆز قىزى ئالتۇن بىكەنى خوتۇنلۇققا بېرىپ بارچۇق ئارتېكىننى بەشىنچى ئوغۇللۇققا (كۆيئوغۇل) قوبۇل قىلدى. چىڭگىزخانغا ئوغۇل بولغان بارچۇق ئارتېكىن ئۆزىنى بەختلىك بىلىپ «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىدى. دېيىلىدۇ. ئەمما مىلادى 735 - يىلى ئەتراپىدا تىكلەنگەن بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشىدا: «ئۇلۇغ خاقانىمىز بىلگە خاقان — 20 يېشىدا باسمىل ئىدىقۇتى ئۇرۇقىمىزدىكى خەلق ئىدى. ئۇلار تارتۇق (سوغا) ئەۋەتمىدى، دەپ ئۇلارغا يۇرۇش قىلدىم. ئۇلارنى بويسۇندۇردۇم» دەپ قەيت قىلىنغان. ㉗ ئىدىقۇت ئەسلى VII - ئەسىردە شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئالتۇن بالىق (جىمسار) تەرەپتە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى باسمىل قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ نامى بولۇپ، كېيىن قوچۇ ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى «ئىدىقۇت» دېگەن نامنى ئۆزىگە نام قىلىش بىلەن ياد ئەتكەن. مەنىسى بەخت ياراتقۇچى، بەخت ئىگىسى، مۇقەددەس دېگەنلىكتۇر. مەشھۇر

www.uyghurkitap.com

شەرقشۇناس بارتولد: «مىلادى 676 - يىلى غەربىي تۈركلەر قارلۇقلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى. . . ئۇ چاغدا تۈركلەر ئىچىدىكى بىردىنبىر ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان قەبىلە بېشبالىقتىكى باسمىللار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدىقۇت (Idok - Kut خان ئالىيلىرى) دەپ ئاتىلاتتى» دەيدۇ ㉘.

ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن خانلىقنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ئىدىقۇتنى ئۆزگە خانلىق نامى قىلىپ، ئادەت بويىچە قوچۇ شەھىرى بىلەن بېشبالىق شەھىرىنى قوش پايتەخت قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خانلىق ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەپ ئاتالدى. قوچۇ شەھىرى ئىدىقۇت شەھىرى دەپمۇ ئاتالدى. يەرلىك خەلق بۇ توغرىلىق تۆۋەندىكىدەك رىۋايەت قىلىشىدۇ: قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى قارا خوجىنى قوچۇ دۆلىتىنىڭ پادشاھى ئىدىقۇتنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى. قارا خوجا باتۇر، قارام، ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر كىشى ئىدى. ئۇ ئاخىرى ئىدىقۇتنى بويسۇندۇردى. قوچۇ دۆلىتىنىڭ پادشاھى «ئىدىقۇت» كۆچلۈك قوشۇنىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا ئادەم ئەۋەتىپ، قارا خوجا بىلەن سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. قاراخوجا قوچۇ پادشاھى ئىدىقۇتنى ئۆز مەلىكىسىنى بېرىش ئارقىلىق ئۇرۇش توختىتىشنى شەرت قىلدى. قوچۇ پادشاھى - ئىدىقۇت بۇ شەرتكە ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش توختىدى. ئۇرۇش توختاپ ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن قاراخوجا ئىدىقۇتلۇقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۆلۈكى كارىزغا تاشلىۋېتىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قارا خوجىلىقلار ئۇنى ئىزدەپ ئۆلۈكىنى كارىزدىن تېپىپ چىقىپ تۆگىگە ئارتىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتتى. ئەمما تۆگە ئاستانە (3 - قەلئە) گە كەلگەندە ماڭغىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن قاراخوجا ئاستانىگە دەپنە قىلىندى (ھازىرغا قەدەر ئاستانىدىكى قەبرىلەر ئىچىدە قارا خوجىنىڭ قەبرىسى ئەڭ ياخشى ساقلانغان قەبرە ھېسابلىنىدۇ). شۇندىقتىمۇ قاراخوجا ھايات چېغىدا 2 - قەلئەدە تۇرغان بولغاچقا، قوچۇ پادشاھى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن كىشىلەر قاراخوجىنى ياد ئېتىش يۈزىسىدىن 2 - قەلئەنى قاراخوجا دەپ ئاتىغان ㉙.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى (1127 ـ 960) دە تىل - يېزىق ئىستىلاھلىرى نەتىجىسىدە ئۆزگىرىپ قوچۇ - خوجۇ دەپ ئاتالغان. بۇ خەنزۇچە مەزكۇر رايوننىڭ ياز پەسلىدىكى تومۇز ئىسسىق تەبىئىي شارائىتىغا قارىتا 州火 دەپ ئاتالغانلىقى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرى (1368 ـ 1279) دە قوچۇ ياكى خوجا ئاتالغۇسىغا «قارا» سۈپەت سۆزى قوشۇلۇپ قارا قوچۇ ياكى قارا خوجا دەپ ئاتالدى. بۇ خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە: «ئۇ يەردە تاغ كۆپ، تاغلىرى قىپقىزىل بولۇپ، خۇددى ئوتقاشقا ئوخشايدۇ. قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان بولغاچقا، ئوت يۇرتى ( 州火 ) دەپ ئاتالدى، دېيىلگەن. يەنى بەزىلەر قارا تاغ بار. ئۇ يەرنىڭ هاۋا كېلىماتى قۇرغاق، تومۇز ئىسسىق، شۇڭا، قارا خوجا ( 哈剌火州 ) دەپ ئاتالدى» دېيىلگەن ㉚. بۇنىڭ ئانچە ئىلمىي ئاساسى بولمىسا كېرەك. چۈنكى، بۇ يەردىكى قاراتاغ ياكى تومۇز ئىسسىق مۇشۇ دەۋردىلا بارلىققا كەلگەن ئەمەس. بەلكى ئۇ ئۇزاق قەدىمكى دەۋرلەردىلا مەۋجۇت. ئەگەر قارا قوچۇ مۇشۇ رايوندىكى قاراتاغ بىلەن بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىت ئالاھىدىلىكى بولغان ياز پەسلىدىكى تومۇز ئىسسىققا قارىتا ئاتالغان دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇ قەدىمكى زامانلاردىلا شۇنداق دېيىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ ئاتالغۇ پەقەت X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا بارلىققا كەلگەن. بۇ دەل شىنجاڭ رايونىغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا باشلىغان دەۋر بولۇپ، بۇ چاغدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئۇلۇغ خانلىقىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ چەكسىز روناق تاپقان مەزگىل ئىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى تېررىتورىيىسىگە ئىسلام دىنىنىڭ سىڭىپ كىرىش تەسىرى بىلەن ئەسلىدىكى قارا قوچۇ يەنى ئۇلۇغ قوچۇ، چوڭ قوچۇ خوجا، غوجا، بەگ، سۇلتان تۆرە، باي، خوجايىن، ئىگە. . . دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان قارا خوجا (چوڭ خوجا، ئۇلۇغ خوجا) دېگەن ئاھاڭ ۋە مەنا جەھەتتىمۇ يېقىن بولغان ئاتالغۇغا ئۆزگەردى.

يۈەن دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى ئاۋ ياڭشۈن: قارا قوچۇ ئۈستىدە توختالغاندا: «قوچۇ ـ گاۋ چاڭ ( 高昌 ) دېگەنلىكتۇر» دېگەنىدى ㉛

. گەرچە قوچۇ سۆزىگە نېمە ئۈچۈن «قارا» دېگەن سۈپەت سۆزى قوشۇلۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە بولمىسىمۇ، لېكىن «قارا» سۆزى قەدىمكى تۈرك تىلىدا «ئۇلۇغ»، «بۈيۈك»، «بىپايان» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بەلكىم خانلىقنىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن، تېررىتورىيىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. بۇ تارىخىي بايانلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، شۇ ۋاقىتلاردا ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئەمەلىيەتتىمۇ ناھايىتى چوڭ بولۇپ، شەرقتە گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن ناھىيىسىگىچە، غەربتە تەڭرىتاغنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى كۇچاغىچە، شىمالدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغىچە، جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان بىپايان زېمىننى ئىگە ئىدى. بۇ ئارىلىقتا تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى ۋە تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئويمانلىقنى ئۆز تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋالغاندىن سىرت يەنە، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنى «سۇڭنامە. قوچۇ تەزكىرىسى» بىلەن ۋاڭ يەندىنىڭ «قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» ئارقىلىق تېخىمۇ كونكرېت دەلىللەشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن قارا خوجا دېگەنلىك قوچۇنى مەركەز قىلغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى دېگەن مەنا چىقىدۇ.

خەنزۇچە تارىخنامىلەردە مىڭ دەۋرى (1368 ـ 1644) گە كەلگەندە ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى دېگەن نام تۇرپان خانلىقى دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. قوچۇ شەھىرى يەنى ئىدىقۇت شەھىرى پايتەختلىك ئورنىدىن قېلىپ شەھەر مەمۇرلىرى تۇرپانغا يۆتكىلىپ مەركەزلىشىشكە باشلىدى، دېيىلگەن. بىراق، دۇنياغا مەشھۇر قەدىمكى مەدەنىيەت ماكانىنىڭ نامى بولغان تۇرپان سۆزى مىللىي تىل - يېزىقىمىزدىكى خەت - چەك، ھۆججەتلەردە خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ، قەدىمكى خوتەن (ساك) يېزىقىدىكى «خېشىدىكى ئەلچىلىك خاتىرىسى» ۋە تۇرپان TturPana دەپ خاتىرىگە ئېلىنغان. ⑫ مەملىكىتىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلىرىدە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى تۇرپان تۈمەن (10 مىڭ ئائىلە) مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى دارۇغاچىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، بۇ

يەر (تۇرپان ۋادىسى) ئۈچ مەمۇرىي رايون: لۈكچۈن، قوچۇ، تۇرپان دەپ بولۇپ باشقۇرۇلغاندى. بۇ تۇرپان دېگەن يەر نامىنىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈلۈشى بولۇپ، مىڭ خانلىقى دەۋرىدە بۇ يەر قوچۇ (火州) ياكى قارا قوچۇ (哈剌火州) دەپ ئاتالدى. بۇ ئاساسەن ھازىرقى قارا خوجىنى كۆرسىتىدۇ، دېيىلگەن ㊶.

يەنە چىڭ خانلىقى (1644 ـ 1911) دەۋرىدە تۈزۈلگەن «مىڭ خانلىقى تارىخى» دا: «قوچۇ يەنە بىر نامى قارا لۈكچۈننىڭ 70 چاقىرىم غەربىدە، تۇرپاننىڭ 30 چاقىرىم شەرقىدە» دەپ خاتىرىلەنگەن. ㉞ بۇ تارىخىي خاتىرىلەردىن تۇرپان دېگەن نامى خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇچە تارىخنامىلەرگە پەقەت چىڭ خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئاندىن 土尔番 دەپ تەرجىمە قىلىنىپ خاتىرىلەنگەنلىكى مەلۇم ㉟. ئۇنداقتا تۇرپان دېگەن نام قاچان مەيدانغا كەلگەن؟ ئۇنىڭ كېلىش مەنبەئى قانداق؟ مەنىسى نېمە؟ بۇ توغرىلىق ھازىرغا قەدەر جامائەتچىلىك تولۇق ئېتىراپ قىلغان توغرا يەكۈن چىقىرىلغىنى يوق.

مەلۇمكى، ھازىر كەسىپ ئەھلىلىرى تۇرپان دېگەن نام توغرىلىق بىر قەدەر ئىشەنچلىك، دەپ قارىلىــــۋاتقان يازما مەنبە خەت ـ چەكلەر خاراكتېرىدىكى ئەسەر «خېشىدىكى ئەلچىلىك خاتىرىســى» بولۇپ، بۇ توغرىلىق 1959 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك بەيلېي (H. W Bailey) ئەپەندى «(قەدىمكى) خوتەن ساك يېزىقىدا يېزىلغان خەت ـ چەكلەر ‹خېشىدىكى ئەلچىلىك خاتىرىلىرى› ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە ئالدى بىلەن «تۇرپان» قەدىمكى خوتەن يېزىقىدىكى TturPana دېگەندىن كەلگەن، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ㉝ جاڭ گۇاڭدا ئەپەندى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1984 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا «قېزىۋېلىنغان ھۆججەتلەر ۋە مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ، جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى» ناملىق تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىدە بەيلېي ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى چۈشەندۈرۈشىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ، ئۆزىنىڭمۇ TturPana دېگەن سۆز تۇرپان دېگەن نامىنىڭ قەدىمكــى تەلەپپۇزى

ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇردى. ㊲ گې شىن ئەپەندى بۇنى تولۇقلىغان هالدا: TturPana شۇ يەرنىڭ (تۇرپاننىڭ يەرلىك تىلى بولسىمۇ، لېكىن قايسى مىللەتنىڭ تىلىدىن كەلگەنلىكىنى، يەنى تۇخار تىلىمۇ، قارا شەھەر تىلىمۇ ۋە ياكى قوس ( 车师 ) لارنىڭ ئەنئەنىۋى تىلى (قوسلارنىڭ تىلى خور تىلى ( 胡语 ) دىكى ئاتىلىشىمۇ؛ مەنىسى نېمە؟ بۇلار ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋېتۇ، دەپ يازىدۇ ㊳.

«خېشىدىكى ئەلچىلىك خاتىرىسى» تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا خوتەن خانلىقى بىلەن خېشى رايونىدىكى ساجۇ (دۇڭخۇاڭ) گۇاڭجۇ (ئەنشى) گەنجۇ (جاڭيې) قاتارلىق جايلاردىكى يەرلىك هاكىمىيەتلەرنىڭ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. چۈنكى مۇشۇ مەزگىللەردە خوتەننىڭ خېشىدا تۇرۇۋشلۇق ئەلچىلىرى خەت - چەك ئۇسۇلى ئارقىلىق خوتەن خانىغا خېشىدىكى ئەھۋاللارنى پات - پات مەلۇم قىلىپ تۇرغان. «خېشىدىكى ئەلچىلىك خاتىرىلىرى» مانا مۇشۇ شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن. ئاپتور بۇ خەت - چەكلەردە غەربىي يۇرتتىكى ئۆزى بېرىپ كۆرگەن ياكى بارمىغان بولسىمۇ پىششىق بىلىدىغان بىر قانچە جاينىڭ نامىنى تەپسىلىي خاتىرىلىگەن. بۇ «خاتىرە» ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىنىڭ جۇغراپىيىسىنى ۋە يەر ناملىرىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك هۆججەت بولۇپ، خىزمەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا « TurPana » دېگەن ئىسمىنىڭ تىل قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئەڭ يېڭى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ هېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن تۇرپان دېگەن سۆزنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن خاتىرىگە ئېلىنغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇنداقتا تۇرپان دېگەن نام قانداق كەلگەن؟ X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى يېزىلغان «هۇدۇ دۇلئالەم» ناملىق ئەسەرنىڭ «توققۇز ئوغۇز، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى)» ماددىسىدا: «قوچۇ شەھىرىنىڭ يېنىدا تافقان (Tafqan - 贪汗山 ) (ياپونىيىلىك ئەنبۇ جىيەنفۇ ئەپەندى يازغان «غەربىي ئۇيغۇرىيە تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق كىتابىنىڭ 162 - بېتىدە

تۇفقان Tafqan 254 ـ ۋە 255 ـ بەتتە: ت. فقان Ta. fqan دەپ يېزىلغان) تاغ بار. تاغنىڭ ئارقىسىدا بەش شەھەر بار... توققۇز ئوغۇز خانى يازدا (تاغ كەينىدىكى) پەنجىكەند (Panjikanth ـ بېشبالىق) دە تۇرىدۇ» دەپ يازغان ㊳.

قوچۇ شەھىرىگە يېقىن تافقان (Tafqan) تاغ توغرىلىق مىنورسكىي: «بۇ تاغ نامىنىڭ كېلىش تارىخى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنى تۇرپان (Tafqan) دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشىغا بەكمۇ ئوخشاپ تۇرىدۇ. بۇ بەلكىم ھازىرقى بوغدا تېغىغا توغرا كېلىشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ» فرانسىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس خامىلتون ئەپەندى: پارىسچە يېزىق شەكلىدە تافقان (Tafqan) تاغ دەپ يېزىلىشىدىن قارىغاندا بۇ تەڭرىتاغ (تىيانشان ـ 天山) دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىمۇ ئېھتىمال دەپ قارايدۇ ㊴ بوغدا تېغى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «بوغدا» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا تەڭرى دېگەنلىك بولىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن قارىغاندا بۇ ئىككى ئالىمنىڭ كۆرسەتكەن ئورنى بىلەن يەكۈن پىكرى بىردەك، يەنى ئۇلار تەڭرىتاغ دېگەن بىر جاينى كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن بىز تۇرپان دېگەن نامىنىڭ تەڭرىتاغ دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ھەممىمىزگە مەلۇم، تەڭرىتاغنىڭ قەدىمكى نامى مىلادىدىن ئىلگىرى Ⅲ ئەسىردىن مىلادى X Ⅷ ئەسىرگىچە بولغان 2000 يىللىق ئۇزۇن تارىخي دەۋر جەريانىدىكى خەنزۇچە تارىخي كىتابلار ۋە يازما خاتىرىلەردە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىلىرى دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇن 206 ـ مىلادى 220 ـ يىللار) دىكى كىتابلاردا بۇ تاغ «بېيشەن» (北山) دەپ يېزىلغان. ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (مىلادى 220 ـ 589 ـ يىللار) دىكى كىتابلاردا تەنخەنشەن (贪汗山) دەپ يېزىلغان. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرى (مىلادى 581 ـ 907 ـ يىللار) دىكى كىتابلاردا بەيشەن (白山)، تيەنشەن (天山) قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان. سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرى (مىلادى 1644

_ 960 ـ يىللار) دىكى كىتابلاردا «تيەنشەن» ( 天山 ) دەپ ئاتالغاندىن باشقا، يەنە «تەڭرىتاغ» ( 腾理塔格 ) دەپمۇ ئاتىغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 1911 ـ 1644 ـ يىللار) دا بولسا «تيەنشەن» ( 天山 ) دېگەن نام ئاساسەن ئومۇملاشقان ۋە تۈركىي تىللارغىمۇ شۇ تەلەپپۇز بويىچە قوبۇل قىلىنىپ ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي هالدا خەنزۇ تىلى بىلەن تۈركىي تىللاردا ئورتاق قوللىنىلىدىغان نام بولۇپ قالغان.

تەڭرىتاغنىڭ قەدىمدە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تەلەپپۇزلار بىلەن ئاتىلىشى دەل شىنجاڭنىڭ قەدىمكى هەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تارىخىي ئۆزگىرىش ئەهۋالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاندى. «ۋېينامە»، «يېڭى تاڭنامە» لەردە ئۇچرايدىغان تەنخەنشەن ( 贪汗山 ) دېگەن سۆز قەدىمكى تۈركچە «تەڭرىخانتاغ» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە خەت بىلەن تەرجىمە ئارىلاشقان ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى بولۇپ ⑩ بۇ تۇرپان ( 土尔番 ـ Tafqan ) ياكى تافقان ( 贪汗 ـ Tufqan ) نامىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاهاڭ تەرجىمىسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

«سۈينامە. شىمالىي تۇرالار هەققىدە قىسسە» دە: «تۈرك خانى چۇلۇق تۇرالارنىڭ سەركەردىسىدىن نەچچە يۈزىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. بۇنىڭ سەۋەبى: تۇرالار تۈركلەرگە قارشى چىقىپ چۇلۇق خاقانغا بويسۇنماي، ئىلپا ئىركىن چۆبە غالىبنى ئىئوش باغا خاقان دەپ ئاتاپ تافقان تېغىدا ئولتۇراقلاشقانلىقىدىن بولدى» دېيىلىدۇ. ⑪ «تافقان تېغى» ( 贪汗山 ) قوچۇنىڭ شىمالىغىراق توغرا كېلىدىغان تەڭرىتاغىنى كۆرسىتىدۇ.

«ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: قوچۇنىڭ شىمالىدا، قىزىلتاغ ( 赤石山 ) بار. تاغنىڭ 70 چاقىرىم شىمالىدا تافقان ( 贪汗 山 ) تېغى بار. يازدا ئۈستىنى قار قاپلاپ تۇرىدۇ. شۇ تاغنىڭ شىمالىي تۇرالارنىڭ چېگرىسىدۇر» دېيىلگەن ⑫. «ۋېينامە، قوچۇ تەزكىسى» دە: «قوچۇنىڭ شىمالىدا تيەنشەن تېغى بار. تاغنىڭ 70 چاقىرىم شىمالىدا تاپقان ( 贪汗山 ) تېغى بار. ئۇنىڭ ئۈستىنى قىشمۇ ـ ياز، قار، مۇز قاپلاپ تۇرىدۇ. بۇ تاغنىڭ شىمالىي تۇرالارنىڭ چېگرىسى هېسابلىنىدۇ»

دېيىلگەن ㊸. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان تۇرالار ئەينىي چاغدا تۇرپان ئويمانلىقىدا خانلىق قۇرغان تۇرا - قاڭقىل - قوسلارنى كۆرسىتىدۇ. يېڭى، كونا «تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە: تاڭ سۇلالىسى مىلادى 640 - يىلى قوچۇنى تىنجىتقاندىن كېيىن قوچۇدا ئايماق تەسىس قىلىپ، ئۇ يەرنى قوچۇ ئايمىقى، دەپ ئاتىدى. ئايماقنىڭ ئاستىدا بەش ناھىيە تەسىس قىلدى. قوچۇ ناھىيىسى، لۈكچۈن ناھىيىسى، يارغول ناھىيىسى، تەڭرىتاغ ناھىيىسى ۋە پۇچاڭ ناھىيىسى ㊹ (ھازىرقى پىچانغا توغرا كېلىدۇ). تەڭرىتاغ ناھىيىسى (ھازىرقى ئاستانە ۋە سىڭگىم يېزىلىرىغا توغرا كېلىدۇ، يەنە «توقسۇن ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ» دېگۈچىلەرمۇ بار).

يۇقىرىقى تارىخىي خاتىرىلەردىكى بايانلار بىلەن «خېشىدىكى ئەلچىلىك خاتىرە» نىڭ دەۋرىنى سېلىشتۇرغاندىمۇ تۇرپان دېگەن نام ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىق، لېكىن تۇرپان ئۆز دەۋرىدە سىياسىي ھەربىي ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە يارغول ۋە قوچۇ رايونلىرىغا ئوخشاش مۇھىم رول ئوينىمىغاچقا، تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆپ تىلغا ئېلىنماسلىقى ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى «خېشىدىكى ئەلچىلىك خاتىرىسى» نىڭ يېزىلغان دەۋرى توغرىلىق مۇنداق ئۈچ خىل قاراش بار. 1. مىلادى 757 - يىل ۋە 760 - يىل دائىرىسىدە بولسا كېرەك، دېگۈچىلەر. يەنە ئەڭ كېچىككەندىمۇ 770 - يىلىدىن كېيىنكى خاتىرە ئەمەس، دېگۈچىلەر. 2. مىلادى 865 - يىلى دېگۈچىلەر 3. مىلادى 925 - يىلى دېگۈچىلەر. يەنى 925 - يىلىدىن كېيىن ئەمەسلىكىنى مۇتلەقلەشتۈرگۈچىلەر ㊺. بۇ تارىخى خاتىرىلەر تۇرپان دېگەن نام سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا تەڭرىتاغ (山天)، تافقان، توفقان (贪汗山) نامى بىلەن خاتىرىگە ئېلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ

ئىسمى ۋەناملىرى ئىچىدە كۆن، ئاي، تەڭرىتاغ. . . تەڭرىخان دېگەندەك سۆزلەر كۆپ قوللىنىلغان ㊻ . مەسىلەن، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بۆكە (بۇقا) خان مىلادى 790 - يىللىرى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قوچۇ بېشبالىقنى ئىگىلىۋالغان تىبەت ئاقسۆڭەكلىرىگە زەربە بېرىپ، ئۇلارنى بۇ يەردىن سۇغۇرۇپ چىقىرىپ، مىلادى 866 - يىلى ئۆزىنى تەڭرىخاقان، تەڭرىخان ( 腾里可汗 - 腾格里可汗 - 天可汗 - TangriqaHan ) دەپ ئاتىغان ㊼ دېمەك، تۇرپان دېگەن نام تۈركىي تىلىدىكى «تەڭرىخانتاغ» ( 贪汗山 ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇنى بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ تارىخى دېگەن ئۇقۇم بويىچە يەنىمۇ دەلىللەشكە بولىدۇ.

«مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دا: تۇرپان قوچۇنىڭ 100 چاقىرىم غەربىدە، قۇمۇلغا 1000 چاقىرىم، جيا يۇگۇەنگە 2600 چاقىرىم كېلىدۇ. خەن دەۋرىدە قوس ئالدى خانلىقىنىڭ زېمىنى ئىدى. سۇي دەۋرىدە قوچۇ خانلىقى دەپ ئاتالدى. تاڭ دەۋرىدە تاڭ سۇلالىسى قوچۇ خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ، قوچۇ ئايمىقى تەسىس قىلدى. ئايماقىنىڭ ئاستىدا يارغول ناھىيىسى تەسىس قىلىندى. ئارامگاھ شەھىرى ( 安乐城 ) يارغول ناھىيىسىدە، سۇڭ دەۋرىدە تۇمەن مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى ㊽ . تۇرپان دەسلەپكى چاغلاردا خوتەن، بېشبالىق قاتارلىق قۇدرەتلىك قانلىقلار ئارىسىدىكى ئاجىز خانلىق ئىدى. كېيىن ئۇ قوچۇ ۋە لۇكچۇنگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغانلىقتىن خانلىق كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى. مىلادى 1473 - يىلى تۇرپان خانلىقى قۇمۇلنى تۇنجى قېتىم ئىشغال قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ جيا يۇگۇەننىڭ غەربىگە جايلاشقان سەككىز ۋىلايەت، 11 ناھىيىسىنى بېسىۋالدى. (قۇمۇلدىن باشقا ئەنشى، دۇڭخۇاڭ قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ㊾ . مىلادى 1488 - يىلى تۇرپان خانلىقىنىڭ سۇلتانى

ئەلىنىڭ ئوغلى ئەمەت شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن مەركىزىي خاندانلىق ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جىايۇگۇەننىڭ شەرقىدىكى جيۇچۇەن، جاڭيې قاتارلىق جايلارنىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن تۇرپان خانلىقىنىڭ كونتروللۇقىغا ئالدى ⑩.

مىلادى 1644 ـ يىلى مىڭ سۇلالىسى مۇنقەرز بولدى. شەرقىي شىمالدىن قوزغىلىپ ئىچكىرىگە كىرگەن مانجۇلار بېيجىڭدا چىڭ سۇلالىسىنى قۇرۇپ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈردى.

چەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى (مىلادى 1759 ـ يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى پىچاندا گەنسۇ پەرمانبەردار مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى پىچان خان ئامىنلى ئەمەلىنى تەسىس قىلدى. بۇنىڭ ئاستىدا تۇرپان قاتارلىق ئالتە شەھەر قۇرۇلدى. چەنلۇڭنىڭ 44 ـ يىلى (مىلادى 1779 ـ يىل) پىچان خان ئامىنلى، تۇرپان ئاغلاقچى خان ئامىنلى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، مەمۇرىي مەھكىمىسىنى تۇرپانغا يۆتكىدى. چەنلۇڭنىڭ 46 ـ يىلى (مىلادى 1781 ـ يىلى) تۇرپان كونا شەھىرى ئۆزگەرتىلىپ قۇرۇلدى. گۇاڭشۈينىڭ 10 ـ يىلى (مىلادى 1884 ـ يىلى) شىنجاڭ رايونى ئۆلكىگە ئۆزگەرتىلىپ بۇرۇنقى ھەربىي ھۆكۈمەت تۈزۈملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. گۇاڭشۈينىڭ 12 ـ يىلى (1886 ـ يىل) تۇرپان بىۋاسىتە قاراشلىق ۋازارىتى دەپ ئاتىلىپ (ئۇرۇمچى) مەھكىمىسىگە قارىدى. تۇرپان ۋازارىتى تۇرپان، توقسۇن، پىچان ئۈچ ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913) تۇرپان بىۋاسىتە قاراشلىق ۋازارىتى تۇرپان ناھىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى پىچان ئۆز ئالدىغا ناھىيە دەپ ئاتىلىدىغان بولغاچقا، تۇرپان ناھىيىسى پەقەت تۇرپان بىلەن توقسۇننى ئۆز ئىچىگە ئالدى. مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936) توقسۇن ناھىيە دەپ ئاتالدى. مىنگونىڭ 26 ـ (1937.)

يىلىغىچە تۇرپان ناھىيىسى قاراشەھەر مەمۇرىيىتىگە قارىدى. مىنگونىڭ 27 ـ يىلىدىن (1938) كېيىن دىخۇا (ئۈرۈمچى) مەمۇرىيىتىگە قارىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن توقسۇن، پىچان ناھىيىلىرى ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيىلەرگە ئۆزگەرتىلدى. تۇرپان ناھىيىسى 1950 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە دىخۇا ۋىلايىتىگە (كېيىن ئۈرۈمچى ۋىلايىتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) قارىدى. 1958 ـ يىلىدىن 1969 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ناھىيىگە ئۆزگەرتىلدى. 1970 ـ يىلىدىن 1975 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىگە قارىدى. 1975 ـ يىلى تۇرپان، توقسۇن، پىچان ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرپان ۋىلايىتى بولۇپ، قۇرۇلۇپ، تۇرپان ۋىلايىتى دەپ ئاتالدى. ۋىلايەت مەركىزى تۇرپان ناھىيىسىدە بولدى ⑤①. 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن تۇرپان ناھىيىسى شەھەر دەپ ئاتالدى. 1985 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تۇرپان رەسمىي تۇرپان شەھىرى دەپ جاكارلاندى ⑤②.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش نەشىر قىلىش ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ)

---

ئىزاھلار

①، ②، ③، ④، ⑤، ⑥ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىل 8 ـ، 7 ـ سان (ئىچكى ژۇرنال) 6 ـ بەت ⑪ «خەننامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى 849 ـ، 851 ـ، 854 ـ، 906 ـ، 920 ـ، 930 ـ، 937 ـ، 951 ـ، 952 ـ بەتلەر.

⑦ تاشقورغان ـ (石城) بارغولنىڭ شىمالىدا بولۇپ، تاشلاردىن قوپۇرۇلغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان.

⑧ كىچىك بارىكۆل دۆلىتى ـ ھونلارنىڭ شەرقىي بارىكۆل خانى باشقۇرىدىغان يەرلەر نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

⑨ كىچىك سىڭگىم دۆلىتى ـ بۇ دۆلەتنىڭ ئورنى ئىدىقۇتنىڭ شىمالىدىكى سىڭگىم ئېغىزىدا ئىدى.

⑩ ۋۇچۇەن ( 五船 ) ـ قۇس بەگلىكىدىن يۇمىنگە ئېچىلغان يېڭى يول ـ كىچىك جەنۇبىي يول ئۈستىدىكى بىر جاي. ئورنى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ئەنشى ناھىيىسىدە بولۇشى مۇمكىن.

⑫ فىڭ چېڭجۇن: «غەربىي يۇرت يەر ناملىرى» 1980 ـ يىل. جۇڭخۇا كىتابچىلىقى ئىدارىسى نەشرى (دەسلەپكى نۇسخا) 77 ـ، 78 ـ بەتلەر.

⑬ مىڭ فەنرىن: «بېشبالىق تارىخىي جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل 4 ـ ئاي بىرىنچى نەشرى (خەنزۇچە) 266 ـ بەت

، ⑰ ، ㉕ سۇ بېيخەي: «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىي جۇغراپىيىسى» شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1988 ـ يىل 8 ـ ئاي (خەنزۇچە) 1 ـ نەشرى 262 ـ، 264 ـ، 266 ـ بەت.

⑮، ㉖ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 ـ جىلد: «قوچۇ تەزكىرىسى». جۇڭخۇا كىتابچىلىقى ئىدارىسى نەشرى. 14111 ـ بەت. (خەنزۇچە)

⑯ فىڭ چېڭجۇن: «غەربىي يۇرت جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلەر توغرىسىدىكى ماقالىلەر توپلىمى» جۇڭخۇا كىتابچىلىقى 1957ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ قېتىم نەشرى ㊿ ـ، (67) ـ بەت.

⑱، ⑲، ⑳، ㊴، ㊼ ئەنبۇ جىيەنفۇ (ياپونىيە): «غەربىي ئۇيغۇرىيە دۆلىتىنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل 12 ـ ئاي (خەنزۇچە) 1 ـ قېتىم نەشرى. 135 ـ، 162 ـ، 210 ـ، 211 ـ، 249 ـ، 254 ـ، 255 ـ بەتلەر.

㉑ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ـ ئوغۇزنامە» مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى 55 ـ، 56 ـ بەت.

㉒، ㉓، ㉔ «تۇرپانشۇناسلىق توغرىسىدىكى ماقالىلەر توپلىمى» دۆڭخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىقنىڭ شىنجاڭ تەتقىقات ماتېرىيال مەركىزى تۈزگەن. ئىچكى ماتېرىيال (خەنزۇچە) 141 ـ، 142 ـ بەت.

㉗ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى 100 ـ بەت.

㉘، ㊾ «ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» 1 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 ـ يىل 4 ـ ئاي 2 ـ قېتىم بېسىلىشى (خەنزۇچە) 58ـ بەت.

㉙، ㉚ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى (خەنزۇچە) 139 ـ، 140 ـ بەتلەر.

㉛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىل 7 ـ سان (خەنزۇچە) 14 ـ بەت.

㉜، ㉟ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 ـ يىل 2 ـ سان 62 ـ، 68 ـ بەتلەر.

㉝، ㊺، (51) يۇ ۋېيچىڭ: «شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى يەر ناملىرى تەتقىقاتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى (خەنزۇچە) 25 ـ، 26 ـ، 27 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

㉞، ㉟ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» جۇڭخۇا كىتابخانىچىلىقى (خەنزۇچە) 329 - جىلد.

㊲ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1984 - يىللىق 1 - سان (خەنزۇچە).

㊱، ㊳ «جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى» جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى كاتىباتلىق ئىشخانىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن (ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان ماتېرىيال). 1991 - يىل 9 - ئاي باسمىسى (خەنزۇچە) 268 - بەت.

㊵ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى. 1988 - يىل 8 - ئاي 2 - قېتىم بېسىلىشى 28 - بەت.

㊶ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 1992 - يىل 4 - سان (خەنزۇچە) 22 - بەت.

㊷، ㊸ «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى» 1985 - يىل 2 - سان (خەنزۇچە) 65 - بەت.

㊹ سۇگىتەن شۇنەن (ياپونىيە): «قەدىمكى تەڭرىتاغنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى توغرىسىدا تەتقىقات» مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى 1987 - يىل 4 - ئاي نەشرى (خەنزۇچە) 52 -، 57 - بەتلەر.

㊻ گاباگىن (گېرمانىيە): «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىجتىمائىي هايات» تۇرپان شەهەرلىك تەزكىرە تۈزۈش ئىشخانىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلدۇرۇلۇپ، 1989 - يىل 3 - ئايدا باستۇرۇلغان (ئىچكى ماتېرىيال خەنزۇچە) 44 -، 45 - بەتلەر.

㊽ چېڭ گاۋخۇا: «مىڭ خانلىقى دەۋرىدىكى قۇمۇل - تۇرپان هەققىدىكى ماتېرىياللار توپلىمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل 8 - ئاي نەشرى (خەنزۇچە) 22 -، 23 - بەتلەر.

㊿ تۇرپان شەهەرلىك تارىخىي ماتېرىياللىرى گۇرۇپپىسى تۈزگەن «تۇرپان تارىخىي ماتېرىياللىرى» ‹1›، 1988 - يىل بېسىلغان 33 - بەت.

(52) جاڭ فا، شى تيەنشىلار تۈزگەن «بۈگۈنكى تۇرپان» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1988 - يىل 7 - ئاي نەشرى (خەنزۇچە) 2 - بەت.

# ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ نادىر يادنامىسى — «تۇرپان تىببىي تېكىستلىرى» ھەققىدە

ئەيسا ناسىر

1

مەلۇمكى، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن تەدرىجىي تەرەققىيات (ئېۋالىيۇتسىيە) ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخى ئۇنىڭ سالامەتچىلىكىنى ساقلاش يۈزىسىدە ھەر خىل تەبىئىي تاللاش ۋە رىقابەتلىك كۈشەندىلەر بىلەن كۈرەش قىلىش تارىخىدۇر. سالامەتلىكنى ساقلاش، كېسەللىككە قارشى كۈرەش ئىنساننىڭ پۈتۈن جانلىق تەبىئەتتە «كۈچلۈكلەر غالىبلىقى» ئورنى ۋە تەسىرىنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ كەلدى. تىبابەت تەجرىبە - ئادەتلىرى بىلەن ئەنئەنىۋى تىبابەت ۋە ئىلمىي تىبابەت دەل ئۇنىڭ مەنىۋى مەھسۇلىدىن ئىبارەت.

گەرچە، ھەر قايسى خەلقلەر تارىخىي تىببىي ئىدىيە، تىببىي ئادەت ۋە تىببىي پائالىيەتتىن ئايرىلمىسىمۇ، ئەمما مۇئەييەن نەزەرىيىۋى تەپەككۇر سىستېمىسى خاراكتېرىنى ئالغان، تارىخىي جەھەتتە ئىزچىللىقى، ئەمەلىيەت جەھەتتە بىر يۈرۈشلۈككە ئىگە بولغان تىبابەت ئىلمى مۇئەييەن مەدەنىيەت چەمبىرى ھاسىل قىلغان، كۆپ قەبىلە - مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئىنسان گۇرۇھى ئىچىدە، شۇ تۈركۈمدىكى مەشئەلچى مىللەتنى گەۋدە قىلىپ شەكىللىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ.

مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى گۇرۇھىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى دەل مۇشۇ مىللەتنىڭ بىر قاتار تارىخىي ئەۋزەللىكلىرىنى شەرت قىلىپ شەكىللەندى. تارىخىي مەنبە جەھەتتىكى قەدىمىيلىك، ئىزچىللىق، شەھەر مەدەنىيىتىگە ئەڭ قەدەم قويغانلىق، خەلقئارا سودا ۋە جاھاننىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەت قانىلىدا ئەركىن دەۋران سۈرۈش، يېزىق ۋە مەتبەئە ئەۋزەللىكى، ھېسسىي ئەمەلىيەتنى نەزەرىيىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش

www.uyghurkitap.com

ئەۋزەللىكلىرى ئۇيغۇرلارغا مەرىپەتچىلىكنىڭ نۇپۇزىنى ئاتا قىلدى. ئۇيغۇرلار يايلاق مەدەنىيىتى دەۋرىدە قەدىمكى ئەجدادلىرى ساكلار ـ سىكتايلار، ئۇجىيە ـ دىڭلىڭلارنىڭ جاراھەت، ئىچ ئۆتكۈر، سۆڭەك سۇنۇق كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسا، ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە غەربىي رايون شەھەر مەملىكەتلىرى دەۋرىدە ئىچكى كېسەللىكلەر ۋە ئۆسمۈلۈك، هايۋان، مەدەن دورىلىرى بىلەن ئەم ـ ئىرىمچىلىكتە ئۆز تىبابەتچىلىكىنىڭ يېڭى تارىخىي قاتلىمىنى شەكىللەندۈردى. بۇ دەۋردە يەنە ئۇلار يىپەك يولى ئالاقىلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەل (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك)، ھىندىستان، مېسوپوتامىيە، مىسىر، گرېك ـ رىم تىبابەت ۋە دورىگەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن تونۇشتى. ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى گەرچە ئۇيغۇر ھاكىمىيەت مەركىزىدىكى غايەت چوڭ زىلزىلە بولسىمۇ، ئۇ ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدىكى ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتقا ھالاكەت ئېلىپ كەلگىنى يوق. ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئىزىدىن مەيدانغا كەلگەن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، بۇددىزم ۋە ئىسلام ئېتىقادى شارائىتىدا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ يەنە بىر يېڭى تارىخىي قاتلىمىنى شەكىللەندۈردى. «تۇرپان تىببىي تېكىستلىرى» بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ مۇشۇ ئەسىرگىچە ساقلىنىپ قالغان ۋە ھازىرغىچە تېپىلغان نادىر تارىخىي ھۆججىتىدۇر.

2

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى شىنجاڭنى قىدىش قىزغىنلىقىغا چۆمدى. سۋېن ھېدىن، ستەيىن، فون. لىكوك، گرونۋېدېل، پېللىئوت قاتارلىق كىشىلەر خوتەندىن قۇمۇلغىچە، مىراندىن دۆڭخۇاڭغىچە كۆپ قېتىم قىدىرىپ، تام رەسىملىرى، بۇددا ھەيكەللىرى، ياغاچ ئويما ۋە ياغاچ سىزما بۇيۇملىرى، قاش ۋە كاھىشقا (ساپالغا) ئىشلەنگەن فىگۇرىلار بىلەن بىر قاتاردا تارشا ۋە پەرگامىنتقا يېزىلغان براخمى، سانسكرىت، قارۇشتى،

توخار - سوغدى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كۆپلىگەن قولىيازمىلارنى ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، بۇددىزم، مانى دىنى، تىياتىر، ئەدەبىيات، قانۇن - ۋەسىقە، چۈش تەبىرى، پالچىلىق ۋە تىبابەتچىلىككە دائىر ھۆججەتلەر بار ئىدى.

رەشىت رەخمەتى ئارات، ۋە فون. گابائىن خانىم تەرىپىدىن 1929- يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» نامىدا ئېلان قىلىنغان 10 توملۇق فاكسىملى تۇرپان يارغول ۋە قارا قوجۇدىن نېمىس ئېكسپېدىتسىيىسى ئېلىپ كەتكەن كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 1936 بەتلىك ھۆججەتتىن تەركىب تاپقان. مانى دىنى نەزمىلىرى، ئاتادۇكادېۋە ھەققىدىكى بۇددا ھېكايىتى، سەككىز يۈكمەك سۇترىسى، بۇگوخان رىۋايىتى، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق تېكىستلىرى قاتارىدا تىبابەتچىلىككە دائىر قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ پارچە سەھىپىلىرى تېپىلغان. رەشىت رەخمەتى ئارات 1930 - 1932 - يىللىرى «ئۇيغۇرلاردىكى تىبابەت» (zur heI kunde der viguren) نامىدا ئېلان قىلىنغان ئىككى توملۇق ئۇيغۇرچە 14 پارچە تېكىست ئىچىدە تىبابەتكە دائىر بەش پارچە فاكسىمىل بولغانىدى. X X ئەسىر كىرگەن يىلى قازاندا تۇغۇلغان، كېيىنچە گېرمانىيىدە تەلىم ئېلىپ 33 يېشىدا دوكتور - پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە كېيىنكى ئىلمىي پائالىيىتىنى تۈركىيىدە داۋاملاشتۇرغان مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس تۈرك ئالىمى رەشىت رەخمەتى ئارات ئۆز ھاياتىنى ئۈچ ئۇلۇغ تەتقىقاتقا - «تۇرپان تېكىسلىرى» (30 - يىللار) گە، «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ ئىستانبۇل مەتنىنى (1949 - يىل) ۋە ئەنقەرە تەرجىمە نۇسخىسى (1959 - يىل) گە، «قەدىمكى تۈركىي ھوقۇق ۋەسىقىلىرى» (ھېلسىنكى، 1964 - يىلى) نامىدا ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرگە بېغىشلاپ بۇ تېكىستولوگىيىلىك ساھەدە دۇنياۋى ئۈلگە تىكلىدى.

رەشىت رەخمەتى ئاراتتىن كېيىن كامال ھۆسەيىنى بىلەن دوكتور سۇھەيلى ئۈنۋېر قاتارلىق ئالىملار ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە ئائىت تۇرپان تېكىستلىرى ئۈستىدە ئىلمىي مۇھاكىمىلەر ئېلىپ باردى.

«تۇرپان تىببىي تېكىستلىرى» ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ نادىر دەستۇرلىرىدىن ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن تىكىلگەن جايىدىن ئاجرىلىپ كەتكەن، سەھىپە چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەر خىل بولغان پارچىلار بولۇپ، بەزى ۋاراق (ياپراق) لارنىڭ بىر بېتىگە، بەزىلىرىنىڭ ھەر ئىككى بېتىگە خۇش قەلەمدە يېزىلغاندى. سەھىپىلەر ئەينى زامان ئىدىقۇت كالىگرافىيچىلىكى (كىتابچىلىقى) ئادەتلىرى بويىچە زىننەت ـ بېزەكلىنىپ ئىشلەنگەن. 20.2: 21، 29: 30 سانتىمېتىر ھەجىمدىكى بۇ سەھىپە تۈركۈملىرى بايان ۋە مۇناسىپ ئىزاھلار، بابلار بويىچە پۈتۈلگەن.

3

رەشىت ئەخمەتى ئارات «تۇرپان تىببىي تېكىستلىرى» نى ئەسلى مەتىنى بويىچە ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى تۈركىيە تىلىدىكى يەشمىسى بويىچە قايتا ئىشلەپ ئېلان قىلدى. تېكىستلار سىستېمىلىق تىببىي دەستۇرلارنى ئىپادىلەپ تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا يوقىلىشقا يۈزلەنگەن پارچىلار بولغاچقا، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ بىر پۈتۈن تىزما ئىشلىنىپ چىقىلدى. بۇنىڭغا كۆرە بۇتېكىستلارنى مۇنداق تىببىي ۋە دورىگەرلىك تۈرلىرىگە ئاجرىتىلدى:

تېرە كېسەللىكلىرى؛
كۆز كېسەللىكلىرى؛
قۇلاق، بوغۇز، بۇرۇن كېسەللىكلىرى؛
چىش كېسەللىكلىرى؛
تەنەففۇس ئەزاسى كېسەللىكلىرى؛
يۈرەك ـ قان كېسەللىكلىرى؛
ھەزىم قىلىش ئەزاسى كېسەللىكلىرى؛
مۇتەفەررىق كېسەللىكلىرى؛
ئەسەبىي كېسەللىكلىرى؛
ئىدرار ۋە تاناسۇل كېسەللىكلىرى؛
يۇقۇملىنىش كېسەللىكلىرى؛

سەھىيە تەربىيىسى.

بۇلاردىكى ھەر بىر يۇرۇش كېسەللىكلەر ئۆز ئىچىدە بىر قاتار كونكرېت كېسەللىكلەرگە ۋە ئۇنىڭغا قارىتا داۋا (ئىلاج) ۋە دورىلارغا قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. مەسىلەن، «بىر ئادەمنىڭ چىشى ئاغرىسا قارىياغاچىنىڭ قاپىقى يا قىلىۋر»، «ئەگەر بىر ئىنساننىڭ ئىدرارىدىن قان كېلىۋرسە سوغان قايناتىپ بال بىلەن يېسە مەنپەئەت بېرەر»، «قۇلاق ئاغرىقىغا قارشى ئىلاج، تۇرۇپ پارچىلانىۋر، سىقىلىۋر. ئۇسارىيە سۇسام ياغى بىلەن قۇلاققا تامىلىۋر، ئاغرىقى بىر تەرەپ بولۇر» ۋەھاكازا.

«تۇرپان تىببىي تېكىستلىرى» دا نەچچە يۈزلىگەن دورا ماتېرىياللىرى - مىنېراللار، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانات دورىلىرى، ئۇنىڭ شىپالىق تەسىرى تىلغا ئېلىنغان. بۇ دورا ماتېرىياللىرى ئاساسەن مەركىزىي ئاسىيا ئەنئەنىۋى دورىگەرلىكى ئاساسىدىكى دورىلار بولۇپ، يەنە ھىندىستان، ئىران، ياۋروپا، جۇملىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دورا ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇلار مىسىرنىڭ تاماكىسىدىن دېڭىز ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلىرىگىچە چوڭ تىزىملىك ھاسىل قىلغان.

«تۇرپان تىببىي تېكىستلىرى» كېسەل ئالامەتلىرى؛ كېسەلنى بايقاپ ھۆكۈم قىلىش (دىئاگنوز) ئۇسۇلى؛ دورىلارنى تەييارلاش يوللىرى، ئەسۋابلىرى ۋە تەييارلانغان دورىلارنىڭ تۈرلىرى؛ دورىلارنىڭ ئىستېمال مىقدارى ۋە ساقلاش ئۇسۇلى؛ پارلانغان سۇ ياكى يامغۇر سۈيى، نىجاسەت ۋەسۋەيدۇك، ئىسپىرتلىق سۇيۇقلۇقنىڭ تىبابەتچىلىكتىكى ئەھمىيىتى؛ 18 خىل يۇقۇملىنىش ۋە جاراھەت يۇقۇملىنىشى؛ دورا بىلەن تاماقنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق جەھەتلەرگە ئائىت مەنبەلەرنى تىلغا ئالغان. قان، بەلغەم، ئۆت، سەۋدا سەۋەبىدىن سۇ، تۇپراق، ھاۋا، ئوت ناتەكشىلىكىدىن، سىرتقى سەۋەب ۋە ئىچكى سەۋەب تۈپەيلىدىن كېسەللىنىش ھەققىدىكى تىببىي پىكىر يوللىرى ئۈچۈن ئىزنا قالدۇرغان.

نامازشام كورلۇقى، قىچىشقاق، كۆيۈك، قان سىيگۈ، غالجىر، قان قۇسما، سېرىق ئۆت، قەۋزىيەت، ماخاۋ، يۈرەك سانجىقى، قالقانسىمان بەز، بالىلار ئاۋاقلىقى، ئۇيقۇسىزلىق، يۇقىرى - تۆۋەن قىزىتما، بۇرۇن

www.uyghurkitap.com

پۇتۇش، كۆز ئىششىقى، ئىچ سۈرگە، زەھەرلىنىش، تاناسىل كېسەللىكى، تۇغۇت مۇشكۈللۈكى، ئاياللار كېسەللىكلىرى، ئەسەبىي ئاغرىقلىقلارنى داۋالاش ھەققىدە قىممەتلىك تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

4

شۇنى ئېيتىش بىلەن تىلغا ئېلىش لازىمكى، «تۇرپان تىببىي تېكىستلىرى» (تۇرپان تېكىستلىرىدىكى تىببىي سەھىپىلەر) ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تىبابەتچىلىكتىن دۇنياغا يۈزلەنگەن، دۇنياۋى تىبابەتچىلىكقىممىتى ھاسىل قىلغان ئىلمىي - نەزەرىيىۋى سىستېمىغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئەگەر بىز «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «ئالتۇن كۆل مەڭگۈ تېشى» دا «ئۇماي» ئانا تەڭرى مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن دەيدىغان بولساق، تۇرپاندىن تېپىلغان تىببىي تېكىستلەردە ئانا قارنىدىكى «بالا ھەمرىيى» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. «ئۇ ماي كېچە تۇشەر . . . نى ئىچسۈن»، «ئۈگ قارنىتتا - ئۇ مايدا . . . .» دېگەن ئىبارىلەر ئۇنىڭ يارقىن مىسالىدۇر.

«بىز تۇرپان تىببىي تېكىستلىرى» نىڭ بىر كىتابتىن ئەمەس، بىر قانچە تىببىي كىتابتىن ساقلىنىپ قالغانلىقىنى؛ ئۇنىڭ ئەينى زامان ئىدىقۇت تىبابەتچىلىكىنىڭ بەختكە يارىشا ساقلىنىپ قالغان ناھايىتى كىچىك سەھىپىلىك ئۇچۇرى ئىكەنلىكىنى؛ بۇ سەھىپىلەردە تىلغا ئېلىنغان تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك دېتاللىرىنىڭ ف. ۋ. مىللېۋر ئېلان قىلغان تۇرپان تېكىستلىرىنىڭ 1910 - يىلى نەشر قىلىنغان 2. تومىدىكى «ئاغرىق ئاغرىق ئىگ»، «بوغۇز ئاغرىق ئىگ»، «بۇرۇن ئاغرىق ئىگ»، «يۈرەك ئاغرىق ئىگ»، «كۆز ئاغرىق ئىگ»، «ئۆگۈچ ئاغرىق ئىگ»، «قۇلاق ئاغرىق ئىگ» قاتارلىقلار ۋە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تىببىي لۇغەتلەر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى؛ ئەينى زاماندا ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى مۇھىتىدا راۋاجلىنىپ، شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلۈڭلىك، غەربتە ماۋرائۇننەھىر ۋە ئىران تىبابەتچىلىكىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى نەزەرگە ئالساقلا، «ئالتۇن

ئۇزۇككە ياقۇت كۆز» دېگەندەكلا، «VIII - XII ئەسىردىن ئىبارەت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى»[1] بۇ تىبابەت ئىلمىي سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بوستان تۇپرىقى بولغانلىقىنى چۈشىنىمىز.

دەرۋەقە، سۇي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا «غەربىي دىيار ئەۋلىيا دەۋش ھۆكۈمالىرىنىڭ رېتسېپ - نۇسخىلىرى»، «غەربىي دىيار داڭدار ھۆكۈمالىرى توپلىغان نۇسخىلاردىن تۆت جىلد»، «خۇرلارگىياھ دەستۇرى» قاتارلىقلار ئىچكى ئۆلكىلەردە شۆھرەتلىك مۆتىۋەر تىببىي قامۇس ھېسابلانغانىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن تاڭ گاۋزۇڭ لى جى 683 - يىلى دەۋۋار كېسىلىگە مۇپتىلا بولغىنىدا ئۇنى چىمەنقۇلى داۋالىغانىدى. تاڭ دەۋرىدىكى 15 جىلدلىق تىببىي دەستۇر «بىباھا شىپاھ نۇسخىلىرى» دا «ئىدىقۇت ئۆمۈر بەخش شەربىتى» ۋە ئۇنىڭ توققۇز دورا - دەرمەكتىن ياسالغان تەركىبى كۆرسىتىلگەن. 1970 - يىلى شىئەننىڭ جەنۇبىدىكى تاڭ دەۋرىگە ئائىت بىر قەبرىستانلىقتىن 755 - يىلقى ئىدىقۇت دورا بوتۇلكىسى ۋە ئۇستىگە دوم كۆمتۈرۈلگەن ئىدىقۇت خۇرلىرى رەسىمى چۈشۈرۈلگەن دورا ئىچىدىغان ئالتۇن رومكا تېپىلدى. رومكىغا «قۇت» دېگەن خەت چېكىلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «قامۇسنامە» ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «جۈبىنگىن خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ باش سۆڭىكىنى يېرىپ خالتىلىق قۇرتنى ئېلىۋەتكەنلىكى، قورسىقى كۆپۈپ يىقىلغان ئاتنى بېكەتتىكى بىر قېرى ئۇيغۇرنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىپ تىكىپ ساقايتقانلىقى يېزىلغان. مانا بۇلار ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئەينى زامان چەمبىرىدىكى شۆھرىتىدىن يازما ھۆججەت، يۈەن سۇلالىسى پايتەختىدە «ئۇيغۇر دورىگەرلىك مەھكىمىسى» نىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى، نەزەرنىڭ «شاپائەت جۇجۇقى» نىڭ مىرزا بېگى بولغانلىقى، ئۇ جىلەنچى ھىيا ۋە ئايشوي قاتارلىق ئۇيغۇر دوختۇرلىرىنىڭ داڭق قازانغانلىقى ئەينى زامان ئوردا ئاكادېمىيىسىدە خېلى سالماقلىق ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ بولغانلىقى بىلەن بىر خىل پازىل ھادىسە ئىدى. بۇ ھال يىپەك يولى خارابىلاشقاندىن كېيىن ئۆز نوپۇزىنى يوقاتتى.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (1037 - 980) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىدىن

---

[1] ئا. سۇھەيلى ئۈنۋېر: «ئۇيغۇرلاردا تىبابەت»، 1936 - يىل، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تىب تارىخى ئىنستىتۇتى نەشرى 15 - بەت.

ئىمادىددىن قەشقەرى، ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنى، جامالىددىن ئاقسارايى، مىراد بەگ، ئەلى بەگ ئوغلى ۋە باشقا ئۇيغۇر ئالىملىرى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ۋە ئەبۇ نەسىر فارابى قاراشلىرىغا داۋاملىق ۋارىسلىق قىلدى. فارابى ئىبىن سىنا ـ يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئالىملار ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمىنى يەنە بىر تارىخىي باسقۇچقا كۆتۈردى. ئۇنىڭ نادىر نامايەندىسى بولغان «ئەل قانۇن» ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە ئەمەلىي بۇلاقلىرى قاتلىمىدا ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمىي ئۇتۇقلىرىنى ئەرەب تىبابەتچىلىكى ئۇتۇقلىرى بىلەن تويۇندۇرۇپ، ياۋروپا پراكتىكانت بىئو ـ خىمىك مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ يېڭى شىپاگەرلىك سارىيىنى راسلىدى.

5

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ نادىر يادىكارلىقى «تۇرپان تىبابىي تېكىستلىرى» مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا چەت ئەل ئېكىسپېدىتسىيىچىلىرى ئېلىپ كەتكەن ۋە ھازىر پېتىربۇرگ، بېرلىن، لوندون قاتارلىق شەھەرلەردىكى مۇزېيلاردا ساقلىنىپ، تېخى تولۇق رەتلىنىپ، سىرى ئېچىلمىغان كۆپلىگەن قولىيازمىلار ئىچىدە ھەر ساھە بويىچە قىممەتلىك تارىخىي مەنبەلەرنىڭ بارلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. بۇ يەنە، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك تارىخىنى ھەر قايسى تارىخىي قاتلاملار بويىچە تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ تارىخىي مەنزىرىسى بىزگە بىر قاتار تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئەمەلىيىتىدىن ئىلھام بەخش مەلۇمات بېرىپلا قالماستىن، يەنە تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسى جەھەتتە ئىزچىل ئىزدىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇلارنىڭ مۇھىملىرى كېسەللىكنىڭ تۇپراق، سۇ، يەل، ئوتتىن ئىبارەت تۆت زات تۆت خىلتكە بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تىببىي پەلسەپە قارىشى؛ كېسەللىكنىڭ مۇھىتقا مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تىببىي ـ بىئولوگىيە قارىشى؛ داۋالاش بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش تەرتىپى ھەققىدىكى تىببىي ـ ئوزۇقشۇناسلىق قارىشى؛ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى سەھىيە تەربىيىسى قارىشى؛ بەدەننى داۋالاش بىلەن روھنى داۋالاش ھەققىدىكى تىببىي پسىخولوگىيە قارىشى؛ بەزى داۋالاش ۋە دورا ئىستېمال قىلىش ھەققىدىكى بىئولوگىيىلىك ۋاقىت قارىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسى، بولۇپمۇ ئوزۇقلاندۇرۇش،

روھنى داۋالاش ۋە بىئولوگىيىلىك ۋاقىت (سائەت) قارىشى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ ئەينى زاماندىكى ھەر قايسى تىبابەتچىلىك ئىلمى سىستېمىلىرىدىن ئۈستۈنلۈكى بىلەن ھازىرقى تىبابەتچىلىك پائالىيىتىدىكى بۇ ئاجىز نۇقتىنى تېزدىن تولۇقلاش زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

مەلۇمكى، ئۇزۇقلۇق بىلەن دورا بىر - بىرىدىن مۇتلەق ئاجرالغان ئىككى نەرسە ئەمەس. دورا بىلەن ئۇزۇقلۇقنى بىر مەقسەتكە قارىتىش ۋە بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم.

روھىيەت ئىنسانىنىڭ ئۇنىۋېرسال - ئومۇمىي ھالىتىگە، بەدەننى مۆلچەرلەش، بەدەننى سەپەرۋەر قىلىش جەريانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك. نو قۇلى كېسەللىك ۋە دورا بىلەن داۋالاشنى نەزەردە تۇتۇپ، روھنى نەزەردىن ساقىت قىلىش ھەقىقىي تىبابەتچىلىك ئەمەس.

بىئولوگىيىلىك سائەت قارىشى بەزى دورا ۋە داۋالاش تەدبىرلىرىنى مەيلى دورا گىياھ ۋە ماتېرىياللىرىنى ھازىرلاش ياكى مەيلى دورا ئىستېمال قىلىش جەھەتتىن بولسۇن بەلگىلەنگەن ئاي - كۈندە ئىستېمال قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. «تۇرپان تىببىي تېكىستلىرى» دە «ئادەم بىر ئادەمدە سۆگەل ئالۇر ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئىستىكى بولسا، يېڭى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى ئايا باقىراق ئېيتىپ ۋە چامۇرۇنى ئالىپ ئۈستىگە قويار ساداۋاقىلار» ، «بىر - ئۈچ ياش تاكى قارا ئۆكۈز گۇبرىسى بىر قايتا - قايتا تىلىپ، ئاغرىغان جايغا قوندۇرسا چىش ئاغرىقى زائىل ئالۇر» ، «دائىمىي ھۇمما ۋە مۇزمىن ھۇمما پەسلىنىڭ 2 - ئىلاجى ئۇ سىرتى تېنففۇ سىيگە قارشى داۋادۇر» دېگەندەك تەۋسىيەلەر ساقلانغان.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى تەتقىقاتى ئۆز ئىچىگە نەزەرىيىۋى تەتقىقات، دورىگەرلىك تەتقىقاتى، ئەمەلىي كلىنىكىلىق تىبابەت تەتقىقاتى بىلەن بىللە تىبابەت تارىخىي تەتقىقاتى ۋە تىبابەت مىراسلىرى تەتقىقاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «تۇرپان تىببىي تېكىستلىرى» بۇ جەھەتتىكى قىممەتلىك ھۆججەت، ئەلۋەتتە.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدا مۇئاۋىن مۇدىر ۋىراچ بولۇپ ئىشلەيدۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# دىۋان تىلى ۋە تۇرپان تىلى

رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، مەخمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەينى زامانلاردا ھەممە تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق ئەدەبىي تىل بولغان «خاقانىيە تىلى» دا يېزىلغان. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان زور تۆھپىلەرنىڭ بىرى.

مەخمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىش ئۈچۈن 20 دىن ئارتۇق قەبىلىنىڭ تىلىنى تەكشۈرگەن ۋە ئۇ تىللارنى بىر - بىرى بىلەن سېلىشتۇرغان. شۇڭا «دىۋان» نى تۈركىي خەلقلەر تىلىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا بىردىنبىر مەنبە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇنداقلا «دىۋان» تىل تەتقىقاتىدا، بىزنى ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ يېتەرلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«دىۋان» پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق بايلىقى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى سۆزلەر ھەر قايسى تۈركىي خەلقئارا تىلىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلانماقتا.

ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «دىۋان» دىكى سۆزلەر خوتەن، قەشقەر، لوپنۇر ۋە تۇرپان تىللىرىدا شەكلى ئەينەن ياكى ئاز - تولا ئۆزگەرگەن ھالدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ سۆزلەر شۇ رايونلار دائىرىسىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئالاقىلىشىش ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.

«دىۋان» دىكى سۆزلەر تۇرپان تىلىدىمۇ ساقلانماقتا دېگەندە: بەزىلەر: مەخمۇر قەشقەرى ھەر قايسى قەبىلىلەر تىلىنى تەكشۈرگەندە قوچۇ خانلىقى تەۋەسىگە كەلمىگەن تۇرسا، ئۇنىڭ تىل تەكشۈرۈش دائىرىسى پەقەت قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى يەرلەر بىلەن چەكلەنگەن تۇرسا، قانداق قىلىپ «دىۋان» تىلى تۇرپان تىلىدا ساقلىنىدۇ، دەپ سوئال قويۇشى

مۇمكىن. شۇنداقلا يەنە بەزىلەر: قاراخانىلار تەۋەسىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، ئىسلام دىنى شۇ دائىرىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان؛ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بولسا بۇددا دىنىنىڭ قەتئىي ھىمايىچىلىرى سۈپىتىدە بۇددا دىنىنى قەتئىي قوغداپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا مەخمۇت قەشقەرىنىڭ تىل تەكشۈرۈش ئۈچۈن قوچۇ تەۋەسىگە كېلىشى مۇمكىن ئەمەس دېيىشى مۇمكىن.

كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مەخمۇت قەشقەرى تىل تەكشۈرۈش ئۈچۈن قوچۇ تەۋەسىگە كەلگەن ئەمەس. بۇنى مەخمۇت قەشقەرىنىڭ، ئۆز سۆزى بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن. مەخمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا يازغان كىرىش سۆزىدە: مەن كىتابتا مۇسۇلمان بولغان تۈرك ئەللىرىدىكى تاغلار، چۆللەر، ۋادىلار، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ ناملىرىنى يازدىم، دەيدۇ. (1) مەخمۇت قەشقەرى يەنە: بۇ ئەلدە (ئۇيغۇرلار ئېلىدە) بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر: سولمى، قوچۇ، جانبالىق، بېشبالىق، ياڭى بالىق دەپ يازىدۇ. (2) ئۇنداق بولسا قانداق قىلىپ «دىۋان» تىلى تۇرپان تىلىدا ساقلىنىدۇ، دېگەن سوئال قويۇلۇشى مۇمكىن.

بىزگە مەلۇم، قوچۇ خانلىقى، قاراخانىلار خانلىقى ۋە خېشى كارىدورىدا قۇرۇلغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئۇرقۇن دەرياسى بويىدا قارا بالغاسۇننى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىپ بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر خانلىقلىرى ئىدى. بۇ خانلىقلار گەرچە باشقا - باشقا يەرلەردە قۇرۇلغان خانلىقلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى قەبىلىلەر ئېتنىك جەھەتتىن بىر گەۋدە ئىدى، شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن بۇلاردا تىل بىرلىكى، مەدەنىيەت بىرلىكى بار ئىدى. شۇنداقلا بۇ خانلىقلار ئوتتۇرىسىدا مەشھۇر يىپەك يولى ئارقىلىق بولۇپ تۇرىدىغان قويۇق ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقە بار ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ھەر قايسى ئۇيغۇر خانلىقلىرى تەۋەسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ تىللىرى بىر - بىرىگە تۇتۇشۇپ تۇرۇش مۇقەررەر ئىدى.

«دىۋان» دىكى سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى تۇرپان تىلىدا ئەينى شەكلى ۋە ئەينى مەنىدە ساقلانغان بولسا، بەزىلىرىنىڭ شەكلى ئاز ـ تولا ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەينى مەنىدە قوللىنىلماقتا. بۇنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن؛

(1) ئارىخ ـ (86.1) بۇ سۆزگە «پاكىز» دېگەن مەنە بېرىلگەن. ئەكس تەسىرات قانۇنى بويىچە «ئا» تاۋۇشى «ئى» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىپ تۇرپان تىلىدا «ئېرىخ» سۆزى «دىۋان» دا سۆپەت شەكلىدە بېرىلگەن بولسا، تۇرپان تىلىدا «ئېرىغدىماق» دەپ پېئىل شەكلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

(2) ئالاچۇ ـ (184.1) بۇ سۆزگە «كەپە» دېگەن مەنە بېرىلگەن. بۇ سۆز تۇرپان تىلىدا شەكلى ئاز ـ تولا ئۆزگەرگەن هالدا يەنى «ئالچۇق» شەكلىدە ئەينى مەنىدە قوللىنىلماقتا.

(3) بارلىغ ـ (595.3) بۇ سۆز باي، قول ئىلكىدە بار دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ سۆز تۇرپان تىلىدا ئەينى شەكىل ۋە ئەينى مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

(4) تەگشۇت (589.1) بۇ سۆز بىر نەرسىنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن بەدەل دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. تۇرپان تىلىدا ھەمكارلىشىش، لايىقلىشىش دېگەن مەنىدە «تەشكۇت» شەكلىدە قوللىنىلماقتا. تىل تەرەققىياتى جەريانىدا بۇ سۆزدىكى «گ» تاۋۇشى بىلەن «ش» تاۋۇشى ئورۇن ئالماشتۇرغان.

(5) پۇتۇگە ـ بۇ سۆز «پىدىگەن» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ، سۆز شەكلى ئۆزگەرگەن هالدا تۇرپان تىلىدا قوللىنىلماقتا.

(6) تۇرما ـ (562.1) بۇ سۆز «تۇرۇپ» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، سارىغ تۇرما (سېرىق تۇرۇپ يەنى سەۋزە) دېگەندەك تۇرپان تىلىدا «تۇرۇپ»، «ئاقتۇرما» (يەنى ئاق تۇرۇپ) دېيىلىدۇ. دېمەك «تۇرما» سۆزى ئومۇمىي نام بولۇپ، بۇنىڭ تۈرلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «سېرىق»، «ئاق» دېگەندەك سۆپەتلەر قوللىنىلغان.

(7) تۇرمەك ـ (404.2) بۇ سۆزگە «تۇرمەل» دېگەن مەنە بېرىلگەن. بۇ تۇرپان خەلقى ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان تاماقلىرىدىن بىرى.

(8) شاپ ـ (1. 418) بۇ سۆز «پات» ، «تېز» ، «چاپسان» دەپ چۈشەندۈرۈلۈپ «شاپ كەل» (تېز كەل) دېگەن مىسال كەلتۈرۈلگەن. تۇرپان تىلىدىكى «شاپ ـ شوپ» ، «شاپپىدە» دېگەن سۆزلەر مۇشۇ «شاپ» سۆزى بىلەن ياسالغان.

(9) كىرىر ـ (1. 463) بۇ سۆزگە «ئاچقۇچ» دېگەن مەنە بېرىلگەن. «دىۋان» دا «كىرتىلەمەك» (قۇلۇپلىماق) ، «كىرتىلىك» (قۇلۇپلاقلىق) دېگەن پېئىل ھەم سۈپەت شەكلى بار. تۇرپاندا بولسا پەقەت «ئاچقۇچ» دېگەن ئىسىم شەكلى بار. «كىرىت» سۆزى تۇرپاندا «كىلىت» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ سۆزدە «ر» تاۋۇشى بىلەن «ل» تاۋۇشى ئورۇن ئالماشتۇرغان، بۇ خىل «ر» تاۋۇشى بىلەن «ل» تاۋۇشىنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى باشقا سۆزلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «دىۋان» دا «پار ـ پۇر» (3. 52) دېگەن سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «يالپۇز» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

(10) كوسۇرگە ـ (1. 638) بۇ سۆز دېڭىز چاشقىنىنىڭ بىر تۈرى دەپ چۈشەندۈرۈلگەن تۇرپان تىلىدا «كۇسۈتكە». دەپ قوللىنىلىدۇ.

(11) يامىلادى ـ سۈپۈردى «دىۋان» دا «يامىلا» شەكلىدە كۆرۈلسە، تۇرپان تىلىدا «يامدا» دەپ قوللىنىلىدۇ. «يامدا» دېگەن پېئىلغا «ق» تاۋۇشىنى قوشۇپ «يامداق» (سۈپۈرگە) دېگەن ئىسىم ياسالغان.

(12) يايقا ـ (1473) بۇ سۆز «دىۋان» دا «چايقا» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. تۇرپان تىلىدا ئەينى شەكىل ۋە ئەينى مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

(13) شەشمەك ـ (2. 427) بۇ سۆز تۇرپان تىلىدا ئەينى شەكلىدە قوللىنىلىدۇ، ئەمما ئەدەبىي تىلدا «يەشمەك» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

(14) كۇشلەندى ـ (2. 352) بۇ سۆز «ئارام ئالدى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. تۇرپان تىلىدا بولسا «چۈشلىمەك» دېگەن شەكىلدە، ئەينى مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن بىر نەچچە سۆز «دىۋان» تىلى بىلەن تۇرپان تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقلارنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەپسۇسكى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بۇ سۆزلەرگە شىۋە قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىپ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىدىن ئورۇن ئالماي كەلدى. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەدەبىي تىل دىئالېكت ـ شېۋىلەردىن هاياتىي كۈچكە ئىگە تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى بېيىتىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ. ئەدەبىي تىلدا بولمىغان سۆزلەر دىئالېكت ـ شېۋىلەردە بولىدۇ. ئېيتايلى، تۇرپان رايونىدا (پىچاندا) لىمدىن ئىنچىكە، بادىردىن توم ياغاچ «تانا» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ سۆز ئەدەبىي تىلدا يوق. شۇڭا مۇشۇ خىلدىكى سۆزلەرنى ئەدەبىي تىلغا قوبۇل قىلىپ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىش كېرەك.

تۇرپان تىلى يالغۇز لېكسىكا جەھەتتىن «دىۋان» تىلى بىلەن ئوخشاشلىقلارغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، يەنە گرامماتىكىلىق شەكىل جەھەتتىنمۇ ئوخشاشلىقلارغا ئىگە. ئېيتايلى، «دىۋان» دا پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى سۈپىتىدە «غۇز»، «قۇز»، «گۇر»، «كۇر» لەر كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن، ياتقۇزدى، توشقۇزدى، (253 .2) دېگەندەك تىل تەرەققىياتى جەريانىدا بۇ قوشۇمچىلاردىكى «ر» تاۋۇشى «ز» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «غۇز»، «قۇز»، «گۇز»، «كۇز» شەكلىنى ئالغان، لېكىن تۇرپان تىلىدا بولسا بۇ قوشۇمچىلار «دىۋان» دىكى شەكلىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن:

(1) ئۇ مېنى سۇدىن ئۆتكۈزۈپ قويدى.
(2) بالىنى ياتقۇزۇپ قويدۇم.
(3) ئۇ دادىسىنى يۇرتىغا ماڭغۇزۇۋەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ سۈپەتداش ياسايدىغان قوشۇمچىلار ئىچىدە «ئار»، «ئەر» قوشۇمچىلىرى بار. لېكىن بۇ قوشۇمچىلار مەيلى «دىۋان» دا بولسۇن، مەيلى تۇرپان تىلىدا بولسۇن «ئار»، «ئەر» دىن ئىبارەت. مەسىلەن، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «بارارمەن»، «كېلەرمەن» دېسە، تۇرپان تىلىدا «بارۇرمەن»، «كېلۇرمەن» دېيىش بۇنىڭ مىسالى.

يۇقىرىدىكى تىل پاكىتلار «خاقانىيە تىلى» بىلەن قوچۇ

ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا ئورتاقلىق بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۇرپان مەشھۇر «يىپەك يولى» كېسىپ ئۆتىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىدى. بولۇپمۇ تۇرپان رايونىنىڭ تارىختىن بۇيان ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان تۇرلۇك مۇناسىۋەتلىرى باشقا يەرلەرگە قارىغاندا قويۇق ئىدى. شۇ سەۋەبلىك تۇرپان تىلىدا خەنزۇ تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر بىر قەدەر كۆپ، ئۆزلەشكەن بۇ سۆزلەر مۇشۇ رايوننىڭ تىل خۇسۇسىيىتىگە يەنى فونىتىكىلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە بويسۇندۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ سۆزلەر ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شەكلىنى تامامەن ئۆزگەرتكەن، بۇ سۆزلەرنىڭ خەنزۇچە سۆز ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشمۇ قىيىن. مەسىلەن، «گۈەن گۈڭ» دېگەن سۆز «گاڭگۈڭ» دەپ، «ساگۇۋا» دېگەن سۆز «ساخۇ» دەپ، «جەنبو» دېگەن سۆز «جانبۇ» دەپ، «ئەنبەن» دېگەن سۆز «ئەمبەل» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغىنىغا ئوخشاش «تۇرپان تىلى» دېگەندە پۈتۈن شەرقىي شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايوننىڭ تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «تۇرپان تىلى» نىڭ فونىتىكىسىنى، لېكسىكىسىنى ۋە گراماتىكىسىنى قايتىدىن ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تېخىمۇ ئېنىق خۇلاسىگە كېلىش لازىم.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى)

# قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقى ـ «ئالتۇن يارۇق» ۋە ئۇنىڭ قۇتۇلدۇرۇلۇشى

ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

1

تارىختىن مەلۇمكى، قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغانىدى. تۇرپان بولسا، پان تىكىن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىشتىن خېلى ئىلگىرىلا بۇددا دىنىنىڭ مۇستەھكەم قورغانلىرىدىن ئىدى. شۇڭلاشقا قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدە تۇرپان ئويمانلىقىدا ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتى ئىلگىرىكى ئاساستا تېزدىن تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋردە «ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىلىم ئەھلى قوچۇ ۋە بېشبالىقتا توخار ۋە سانسكرىت تىللىرىدىن مەشھۇر بۇددا نوملىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، ئۆزلىرىگە خاس دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرغانىدى». بولۇپمۇ، بۇددا رىۋايەتلىرى ۋە ئەقىدىلىرىنى مەزمۇن قىلغان، زور بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇلار ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىللە، بىر ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى نوقۇل بۇددا دىنى ئەقىدىسىنىلا ئىپادىلەپ قالماستىن، بەلكى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر بەدىئىي تەجرىبە ۋە ئەنئەنە يارىتىپ بېرىشتىمۇ چوڭ رول ئوينىغانىدى. ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر يېزىقى قۇملۇقنىڭ شىمالىدا قوللانغان تۈرك يېزىقى (ئۇرقۇن يېزىقى) نىڭ ئورنىنى باسقانىدى. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق

نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر ئىجاد قىلىنىپ تارىخلار خاتىرىلەندى. ھىندى، خەنزۇ، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىندى. ئەنە شۇ نامايەندىلەرنىڭ بىرى خەلقئارا تۈركشۇناسلار تەرىپىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىگ» بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ، دەپ قارالغان «ئالتۇن يارۇق» دۇر.

«ئالتۇن يارۇق» ئۇيغۇر تەرجىمە سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك نامايەندىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يازلىق پايتەختى بولغان بېشبالىقتا تۇغۇلغان مەشھۇر ئوقۇتقۇچى، داڭلىق تەرجىمان، ئەدىب، يېتىشكەن تىلشۇناس ۋە تەتقىقاتچى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن قەدىمكى خەنزۇچىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

2

«ئالتۇن يارۇق» چوڭ تىپتىكى پروزا خاراكتېرلىك ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرغا قەدەر ئەڭ تولۇق دەپ قارالغان قولىيازما نۇسخىسى روسىيىلىك س.ي. مالوف تەرىپىدىن 1909 ـ 1911 ـ يىللىرى ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن ۋىلايىتى ئەتراپىدىكى ۋىن شوگۇ دېگەن يەردىكى سېرىق ئۇيغۇرلاردىن قولغا چۈشۈرۈلگەن. بۇ يادىكارلىق ھازىر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ لېنىنگراد تارمىقىدا ساقلانماقتا. بۇ قولىيازما جەمئىي 397 ياپراق 794 بەت بولۇپ، تېكىستلەر قومۇش قەلەم بىلەن قارا سىياھدا سامان قەغەزگە پۈتۈلگەن. ھەر بەتنىڭ فورماتى: ئۇزۇنلۇقى 62 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 23 سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتكە 22 قۇردىن 25 قۇرغىچە خەت يېزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى بەتنى شىۋىتسىيىلىك ئارخېئولوگ ف.ۋ بىرگمان 1927 ـ، 1935 ـ يىللىرى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە قاتناشقان مەزگىلدە گەنسۇ ئۆلكىسىدىن قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن. ھازىر سېدگارمۇ مىللىي مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۇلاردىن باشقا، «گېرمانىيە ـ تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى» (1903 ـ، 1914 ـ يىللار) تۇرپانغا كەلگەندە، لىكوك تۇرپاندىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئانچە تولۇق بولمىغان

پارچىلىرىدىن ئىككى-ئۈچ نۇسخا تاپقاندىن باشقا سانسكرىتچە (ھىندىچە)، تىبەتچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە نۇسخىلىرىنى ئۇچراتقان. ئۇلار ھازىر بېرلىندا قەدىمكى زامان تارىخى ۋە ئارخېئولوگىيە مەركىزى تەتقىقات ئورنىنىڭ تۇرپان تېكىستلىرى بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

«ئالتۇن يارۇق» ناھايىتى كەڭ تارقالغان، ئەتىۋارلىق يۇقىرى بولغان، بۇددا دىنىنىڭ ئاساسلىرى ۋە بۇددا دىنىنىڭ ماھىيانا مەزھىپىگە ئائىت «مۇقەددەس نوم» بولۇپ، ئەسەر ئەسلى سانسكرىتچە يېزىلغان. سانسكرىتچە ئىسمى «سۇۋارنا پراباسا» بولۇپ، كېيىن خەنزۇ، تىبەت، ئۇيغۇر، موڭغۇل، مانجۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

بۇ ئەسەر تەرجىمە قىلىش تەس ۋە قىيىن بولغان قەدىمكى خەنزۇ يېزىقى «ئالتە سۇلالە ئۇسلۇبى» بىلەن يېزىلغان بولۇشىغا قارىماي، خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، سانسكرىتچە، تىبەتچە تەرجىمە نۇسخىلىرىغا قارىغاندا بەكمۇ مۇكەممەل، تولۇق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە لايىقلاشقان. ئاممىباب، چۈشىنىشلىك چىققان. ئۇنىڭدىكى قەدىمكى شېئىرىيەت شەكلى بىلەن يېزىلغان شېئىرلارنىمۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيەت شەكلى بويىچە جانلىق، ئوچۇق ھەم راۋان تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئەسەردىكى چۈشىنىش قىيىن بولغان جايلارنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەش ئىمكانىيىتى بولغانلىكى ئاتالغۇلار ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەنگەن. ئىمكانىيەت يار بەرمىگەنلىرىنى خەنزۇچە ئەمەس، ئەسلىدىكى ئەنەتكەك (سانسكرىت) تىلىدىكى ئاتالغۇسى بىلەن ئېلىنغان. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى ھېسسىيات، كۆز قاراش جەھەتتىن بېيىتىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس ئۇسلۇبتىكى مۇكەممەل بىر ئىلمىي ئەمگەككە ئايلانغان.

## 3

«ئالتۇن يارۇق» نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭدۇر.

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يازلىق پايتەختى بېشبالىقتا دۇنياغا كەلگەن. ئىدىقۇت (تۇرپان)، بېشبالىق (جىمسار)

www.uyghurkitap.com

قاتارلىق جايلاردا بىلىم ئېلىپ، ئۆز دەۋرىگە يارىشا ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولغان. سېڭقۇ سەلى توتۇڭ ئىنتايىن تىرىشچان، زېھنى ئۆتكۈر بولغاچقا، ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا يەنە توخار تىلى، سانسكرىت تىلى، خەنزۇ تىلى، تاڭغۇت تىلى قاتارلىق تىللارنى پىششىق ئۆگەنگەن. تۇرپان، ئاستانە ـ قارا قوجا، جىمسار قاتارلىق جايلاردا ئۇزۇن يىللار ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئارقىلىق سانسىزلىغان شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ زور شۆھرەت قازانغان.

سېڭقۇ سەلى توتۇڭ گەرچە ئۆز زامانىسىنىڭ ئەنە شۇنداق داڭلىق كىشىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجتىمائىي، ئىجادىي، ئىلمىي پائالىيەتلىرى توغرىلىق كىشىلەر قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك تولۇقراق مەلۇمات يوق. دەسلەپكى ئىزدىنىش ماتېرىياللىرى ۋە خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە قالدۇرۇلغان قىسمەن خاتىرىلەردە: «سېڭقۇ سەلى توتۇڭنىڭ ئەسلى ئىسمى سېڭقۇ بولۇپ، سېلى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن» دېيىلگەن. توتۇڭ ئۇنىڭ راھىبلىق مەرتىۋىسىگە بېرىلگەن نام ئىكەن.

سېڭقۇ سەلى توتۇڭنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «ئالتۇن يارۇق» (قەدىمكى ئۇيغۇرچە تولۇق ئىسمى «ئالتۇن ئۆڭلۈك يارۇق يالتىراقلىق قوپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلىكى ئاتلىق نوم» ـ يەنى ئالتۇن رەڭلىك يورۇق نورلۇق ئىنتايىن مۇقەددەس دىنىنىڭ شاھ ئەسىرى ناملىق مۇقەددەس كىتاب)، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە «ئابخاتخار ھاكۇ شاھ» قاتارلىق نادىر تەرجىمە ئەمگەكلىرىدىن باشقا ئۇنىڭ يەنە خەنزۇچە، قەدىمكى كۇچا، قەدىمكى قاراشەھەر تىللىرىدىن ئۆز ئانا تىلىغا تەرجىمە قىلغان بىرمۇنچە نوم ۋە ئەسەرلىرى بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

«ئالتۇن يارۇق» نى قاچان تەرجىمە قىلغانلىقى توغرىلىق تېخى ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. شۇنداقتىمۇ خېلى يىللاردىن بېرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ئالىملار تارىخشۇناسلىقتا ۋە تىلشۇناسلىقتا ئائىت ماتېرىياللار تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش

بولمىغان كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن، روسىيىلىك رادلوۋ بىلەن مالوۋ بۇ ئەسەرنى XIII ، XIV ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار يەنە بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىدىكى گىراماتىكىلىق قائىدىلەر ۋە ئىشلەتكەن سۆزلەرنىڭ دەۋر خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ IX ، VIII ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئوخشىشىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

گېرمانىيىلىك ئا. فون گابائىن (1901 ـ 1993) خانىم سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان يەنە بىر ئەسەر «شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» توغرىسىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىدا X ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ئالىمى فىڭ جياشېڭ ئەپەندى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» توغرىسىدا تەتقىقات دوكلاتى تېمىسىدىكى ماقالىسىدە «شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى شىمالىي سۇڭ دەۋرى (1127 ـ 960 يىللار) دا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايدۇ.

پروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى توغرىسىدا يازغان ماقالىسىدا: «ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ۋە يۈەن سۇلالىسىدىن بۇرۇن يەنى IX ، XII ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغان، دەپ قارايدۇ.

ني خوڭجيېننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى› نىڭ تەرجىمە قىلىنغان يىل دەۋرى توغرىسىدا يېڭى دەلىللەر» دېگەن ماقالىسىدا: «شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ھەرگىز IX ئەسىردىن بۇرۇن تەرجىمە قىلىنغانمۇ ئەمەس، ئەسىردىن كېيىنمۇ تەرجىمە قىلىنغان ئەمەس، بەلكى X ئەسىرنىڭ تەرجىمە ئەسىرىدۇر، دەپ خەنزۇ تىلىنىڭ ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ VIII ئەسىردىن XI ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن خۇلاسە چىقىرىدۇ.

قىسقىسى، سېڭقۇ سەلى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمە

قىلىنغان ۋاقتى توغرىسىدا خىلمۇ خىل قاراشلار بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى قاراشلار ئىچىدە مۇنداق قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بولىدۇ. يەنى، ئا. ۋون گاباتىن: سىڭقۇ سەلى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان داڭلىق ئەسەر «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» كېيىنكى تاڭ دەۋرى (927 - يىلىدىن كېيىن) دە تەرجىمە قىلىنغان دېگەن قارىشى، ئەگەر بۇ قاراش توغرا بولغاندا، سىڭقۇ سەلى توتۇڭ X ئەسىردە ياشىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنداق بولغاندا «ئالتۇن يارۇق» مۇ ئۇيغۇر تىلىغا X ئەسىردە تەرجىمە قىلىنغان بولىدۇ.

تىل جەھەتتىن تەكشۈرگەندىمۇ «ئالتۇن يارۇق» نىڭ تىلى IX ، X ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ پاكىتمۇ سىڭقۇ سېلىنىڭ X ئەسىر ئۆپچۆرىسىدە ياشىغان ئادەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بىزگە مەلۇم، بۇ دەۋر قوچۇنى مەركەز قىلغان تۇرپان ئويمانلىقىدا بۇددىزم مەدەنىيىتى راسا گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. سىڭقۇ سەلى تۇغۇلغان بېشبالىق ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇرلىرىنىڭ (خانلىرىنىڭ) يازلىق قارارگاھىدۇر.

ئۇندىن باشقا، تۇرپان بېزەكلىكتىكى ۋە بېشبالىق بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى تام رەسىملىرىگە يېزىلغان ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە بېغىشلىمىلارنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى، ئىملا قائىدىلىرىمۇ سىڭقۇ سېلىنىڭ X ئەسىردە ياشاپ ھەم «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

**4**

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى دۇنخۇاڭدا چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 26 - يىلى (مىلادى 1687 - يىلى) كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ تۇنجى قېتىم تولۇق قوتۇلدۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە ئەڭ تولۇق نۇسخىسى 1910 - يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۇەن شەھىرى يېنىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىن

www.uyghurkitap.com

تېپىلغان. بۇ نۇسخىنى س. ي. مالوف روسىيىگە ئېلىپ كېتىپ، 1913 ـ، 1917 ـ يىللىرى رادلوف بىلەن بىرلىكتە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا قوغۇشۇن ھەرپتە تىزىپ نەشىر قىلغان. بۇ نۇسخا جەمئىي 707 بەت، ئىلاۋىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ 722 بەت، بۇ «ئالتۇن يارۇق» نىڭ قۇتقۇزۇلۇش جەريانىدىكى يەنە بىر قىممەتلىك ئۇلۇغ ھەم خاسىيەتلىك ئىشتۇر.

1902 ـ، 1914 ـ يىللىرى گېرمانىيە ئارخېئولوگلىرى تۇرپاندىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ پارچىلىرىنى تېپىپ ئېلىپ كەتكەن بىر قانچە نۇسخىسى بولسىمۇ، بۇ نۇسخىلار تولۇق ئەمەس.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ يازمىلىرى بىلەن ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۇچرىشىش پۇرسىتى تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىزچىل تۈردە مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ، دۇنيا تۈركولوگلىرىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ قۇتقۇزۇلۇش جەريانىدىكى بىر مۇھىم پائالىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گېرمانىيىلىك تۈركولوگ ف. ۋ. ك مۇللېر 1908 ـ يىلى «ئويگۇرىكا» (ئۇيغۇرشۇناسلىق) نىڭ بىر تومىدا ۋە WAPA (پرۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، بېرلىن 1918 ـ يىل) دا ئۆزىنىڭ «ئالتۇن يارۇق» توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى ئېلان قىلدى. ئۇ گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان «ئالتۇن يارۇق» نىڭ قولىيازمىسىغا ئاساسەن «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر توپلىمى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىدە «ئالتۇن يارۇق» نىڭ تولۇق بولمىغان نۇسخىلىرىنىڭ 1 ـ، 16ـ ۋە 17ـ جىلدلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى. رادلوف بىلەن مالوف 1913 ـ، 1917 ـ يىللىرى بۇ كىتابنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا قوغۇشۇن ھەرپتە تىزىپ نەشىر قىلغاندىن كېيىن، 1930 ـ يىلى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلدى. شۇ يىلى ۋىلىيام بانگ بىلەن گاباىن «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات» تېمىسىدىكى ماقالىسىدە «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 3 ـ جىلدىنىڭ 5 ـ بۆلۈمىنىڭ بىر

قىسمىنى تەتقىق قىلىپ (ھونگىرىيە يىلنامىسى 10 تومىدا) ئېلان قىلدى. 1941 - يىلى، گابائىن ئۆزىنىڭ «قەدىمكى تۈرك تىلى گىرامماتىكىسى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا يەنى 270 -، 285 - بەتلىرىدە بۇ ئەسەرنىڭ 10 - جىلدىنىڭ 26 - بۆلۈمىدىكى ئىككى تىكىن ھېكايىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى ئېلان قىلدى. 1945 - يىلى تۈركىيىلىك ئالىم سائادەت چاغاتاي «ئالتۇن يارۇقتىكى ئىككى ھېكايەت توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ماقالىنى (تۈركىيە ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل تارىخ، جۇغراپىيە مەجمۇئەسىنىڭ 46 - سانىدا) ئېلان قىلدى. 1951 - يىلى مالوۋ «قەدىمكى تۈركىي تىلى ھۆججەتلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 145-، 194 - بەتلىرىدە يۇقىرىقى ئىككى ھېكايەت ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىنى ئېلان قىلدى. 1953 - يىلى، چېنشۈن لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە (قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىق ئالتۇن يارۇقنىڭ گىراممatikىلىق ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» تېمىسىدا ئىلمىي دىسسېرتاتسىيە يېقىلاپ كاندىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

1958 - يىلى، تۈركىيىلىك سىناش تېكىنكا دوكتورلۇق ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن، گېرمانىيىنىڭ خامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 5 - جىلدىنىڭ 9 - ۋە 10 - بۆلۈملىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى ئاساسىدا يازغان ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىسىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ بۇ توغرىلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى 1971 - يىلى ۋىس بادېندا رەسمىي نەشر قىلىندى.

1961 - ۋە 1966 - يىلى سىناش تېكىن يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 2 - جىلدىنىڭ 3 - بۆلۈمىنى «ئورال - ئالتايشۇناسلىق يىلنامىسى» نىڭ 33 - تومىدا ۋە كىتابنىڭ خاتىمە قىسمىدىكى بېغىشلىمىلارنى تەتقىق قىلىپ ئۇنى «رېشىد رەخمەتى ئارات ئەپەندىنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» دا 1976 - يىلى نەشر قىلدۇردى. 1962 - يىلى ياپونىيىلىك ئالىم خويافۇ «ئالتۇن يارۇقنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى» دېگەن تېمىدا «تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى» نىڭ

www.uyghurkitap.com

1971 ـ يىلى 9 ـ ساندا ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى» دا «ئالتۇن يارۇق» نى مەخسۇس تونۇشتۇردى، 1976 ـ يىلى گېرمانىيىلىك ئالىم پروفېسسور بېسىم ئاتالاي «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 1 ـ جىلدىنىڭ 2 ـ بۆلۈمىنىڭ بىر بۆلۈكى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىنى ئېلان قىلدى. 1977 ـ يىلى ، ئۇ گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئىككى ھېكايەتنىڭ پارچىلىرىنى (ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى «تۈركشۇناسلىق تەتقىقاتى» مەجمۇئەسىنىڭ 1977 ـ يىللىق 1 ـ ساندا) ئېلان قىلدى. 1979 ـ يىلى گېرمانىيىلىك ئالىم پروفېسسور ك. روربىرن ۋە ماۋيى بىلەن بىرلىكتە «ئالتۇن يارۇق» نىڭ بىرىنچى جىلدىدىكى «تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرخان ئېيتقان يەر جاھاندىكى سەككىز خىل نۇرلۇق زاد دېگەن مۇقەددەس نوم» ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىنى (گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 129 ـ تومىدا) ئېلان قىلدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلەردىن باشقا، گېرمانىيىلىك نوبېل «ئالتۇن يارۇق» نىڭ سانسكرىت تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە تىبەتچە نۇسخىلىرىغا ئاساسەن تەتقىقات ئېلىپ باردى.

مەملىكىتىمىزدە «ئالتۇن يارۇق» نى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇ ئۈستىدىكى تەتقىقات، ئۆگىنىشلەر دۆلىتىمىز ئازاد بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا باشلانغانىدى. قەدىمكى تۈرك جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا زور تۆھپە قوشۇۋاتقان، ئېلىمىزنىڭ داڭلىق تۈركلۇگلىرىدىن پروفېسسور گېڭ شىمىن ئەپەندى 1958 ـ يىلىدىن تارتىپ «ئالتۇن يارۇق» ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا كىرىشكەنىدى. «قەدىمكى ئۇيغۇر تەرجىمانى سېڭقۇ سەلى» تېمىسىدىكى ماقالىنى («كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلىنىڭ 1978 ـ يىلى 2 ـ ساندا) ئېلان قىلدى. 1986 ـ يىلى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق› نىڭ 6 ـ جىلدىدىكى تۆت ئىلاھنىڭ خاقان مۈلكىنى قوغدىشى ئۈستىدە تەتقىقات» ماقالىسى (مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى تىل ـ ئەدەبىيات قوشۇمچە مەجمۇئەسى) ئېلان قىلىندى.

مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، ئالىي تەتقىقاتچى ئىبراھىم مۇتئى ئەپەندى 1982 - يىلى خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي مۇناسىۋەتكە زور تۆھپە قوشقان مەشھۇر تەرجىمان سىڭقۇ سەلى تېمىسىدا لېكسىيە سۆزلەپ «ئالتۇن يارۇق» ئۈستىدە ئۆز تەتقىقاتىنى باشلىدى.

1984 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقاتچىلىرىدىن تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقېيۇم خوجا قاتارلىقلار «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغانىدى. ئۇنىڭدا «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 26- بۆلۈكىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى. 1988 - يىلى جاڭ تىيشەن ئەپەندى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 7 - بۆلۈمى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى («قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ (خەنزۇچە) 1988 - يىللىق 5 - سانىدا) ئېلان قىلدى. 1990 - يىلى يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 4 - جىلدىنىڭ 6 - بۆلۈمى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى («قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 - يىللىق 1 - سانىدا خەنزۇچە) ۋە 8 - بۆلۈمى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 2 - سانىدا (خەنزۇچە) ئېلان قىلدى، بۇ ئارقىلىق «ئالتۇن يارۇق» نىڭ كەم جايلىرى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ باردى.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشرگە تەييارلاش ئۈچۈن بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى تۇرسۇن ئايۇپ، مەترېھىم قاتارلىقلارغا ئۇيۇشتۇرۇپ، قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ «7 - بەش» يىللىق نەشر پىلانىنىڭ مەملىكەتلىك نۇقتىلىق تۈرىگە كىرگۈزگەنىدى.

مەلۇمكى، ئەسەرنىڭ دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكى ئىجتىمائىي تەسىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوخشاش بولمىغان نۇسخىلىرىنى قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش زۆرۈر بولغانلىقتىن، بۇ ئەسەر «7 ـ بەش» يىللىق نەشر پىلان مەزگىلىدە ئورۇنلىنالماي قالدى. 1993 ـ يىلى تۇرسۇن ئايۇپ قاتارلىق يولداشلار 1913 ـ، 1917 ـ يىللىرى رادلوف بىلەن مالوف قوغۇشۇن ھەرپتە نەشر قىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيىسى يەشمىسى ۋە نۇسخىلىرىنى نەشرگە تەييارلاپ قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىغا تاپشۇردى. قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى بۇ ئەسەرنى «8 ـ بەش» يىللىق نەشر پىلانىغا كىرگۈزۈپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا تاپشۇردى. مەزكۇر كىتاب پات ئارىدا كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى.

---


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى.
2. «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇزلار»، شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى.
3. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1982 ـ يىل ئۆكتەبىردە باستۇرغان.
4. «ئىبراھىم مۇتئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل 10 ـ ماي نەشرى.
5. «غەربىي يۇرت مەرپەت تارىخىدىكى مەشھۇر كىشىلەر تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىل (خەنزۇچە) نەشرى.
6. «مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى»، 1990ـ يىللىق 3ـ سان (خەنزۇچە).
7. «مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى»، 1988ـ يىللىق 2ـ سان (خەنزۇچە).
8. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1992ـ يىللىق 4ـ سان.

# تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر

ئابدۇگۈل ئابلىمىت

تۇرپان ئويمانلىقى دۇنيا بويىچە 2 - ئورۇندىكى ئويمانلىق بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تىرەنلىكتە تۇرىدۇ. كىلىماتى ئىسسىق ھەم قۇرغاق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوتلۇق دىيار دەپ نام ئالغان. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي قىسمى بوغدا تېغى، جەنۇبىي تەرىپى قۇرۇق تاغ، غەربىي قىسمى ئالغويغا، شەرقىي تەرىپى قۇمۇل ئويمانلىقىغا تۇتىشىدۇ. تۇرپان قەدىمكى زاماندا خوز، قوز، قوجو، ئالدى قاڭقىل دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، غەرب بىلەن شەرقنىڭ سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۆۋرۈكى بولغان يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولغان. دېمەك بۇ جاي غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ يىپەك يولى قاتنىشىدىكى ئورنى بىردەك مۇھىم بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ بۇنداق بولۇشىنى ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تاشقى ئىشلار ئېھتىياجى ھەم سودا سېتىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بەلگىلىگەن. تۇرپان بۈگۈنكى كۈندىلا كۆپ مىللەتلىك رايون بولۇپ قالماستىن، قەدىمكى دەۋردىمۇ تۇرلۇك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن مىللەتلىك رايون بولغان. مەسىلەن، غۇز، ساك، سوغدى، قاتارلىق ئوخشاش نۇرغۇن مىللەتلەر ئارىشىلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەلگەنىدى. ئۇلار تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشاپ ئاۋۇغان. ھەر خىل جاپالىق ئەمگەكلەرنى قىلىپ تۇرپان رايونىنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، تۇرپاننى ئېچىش، گۈللەندۇرۇش جەھەتلەردە بولسۇن مەيلى ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، مەيلى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە بولسۇن ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشقان. ئۆزلىرى ئەينى زاماندا ياراتقان تۇرمۇش ۋە ھەر خىل مەدەنىيەت

مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. تۇرپاننىڭ مەدەنىيىتىنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرغان.

مەن بۇ ماقالىدە تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ بەزىبىر كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەسپداشلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

ئۇيغۇرلار ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشايدىغان تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەتلىك قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار بۈگۈنكى كۈنگىچە (1934 -يىل) قەدەر ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەر قايسى دەۋرلەردە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، جىن سۇلالىسى (مىلادى Ⅳ ئەسىر) دەۋرىدە يۈەنخې، سۈي دەۋرىدە (مىلادى 6 - ئەسىر) ۋېيخې، تاڭ دەۋرىدە (Ⅶ، Ⅷ ئەسىرلەردە) خۇيخې، Ⅸ ئەسىردە خويگو دەپ ئۆزگەرتىلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە (XⅢ، XⅣ - ئەسىرلەردە) ۋېيۇئېر دەپ ئاتالغان. تاكى 1934 - يىلىغا كەلگەنگە قەدەر ھەر خىل نام بىلەن ئاتالغان.

ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا كىشىلەر تۇرپان ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۆزلىرىنى غۇزلار، كېيىن قاڭقىلار دەپ ئاتىغانلىقىنى بىلگەن. ئۇلارمۇ ئەينى چاغدا مەدەنىيەتلىك دەۋرلەرگە كىرگەن، ئۆزلىرىنىڭ خانلىقلىرىنى قۇرغان، شەھەرلەرنى بەرپا قىلغان.

غۇزلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تۇرمۇش ئادىتى توغرىلىق تارىخىي ۋە يازما ماتېرىياللار ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇلار توغرىسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىلەر ئېلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاغلىق تارىخشۇناس سى ماچيەننىڭ «تارىخنامە» دېگەن ئەسىرىنىڭ پەرغانە تەزكىرىسى دېگەن بابىدا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدا خاتىرىلىنىشىچە، كرورەن، غۇزدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خانلىقتا پايتەختى بولغان. مەدەنىيەتلىك دەۋرىگە كىرگەن ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى لوپنۇر كۆلىگە تۇتىشىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇرۇق تاغ لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي چېگرىسىدا تۇراتتى، غۇز خانلىقىنىڭ كونتروللۇقىدا تۇراتتى،

دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن تۇرپاندىكى غۇز خەلقى ئۆز تارىخىدا خېلى چوڭ دۆلەت قۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ پەقەتلا تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بەلكى لوپنۇر كۆلىگە تۇتاشقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. غۇزلارنىڭ ئىرقى، تىلى توغرىلىق بىزدە يېتەرلىك ماتېرىيال يوق. بۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىغا، ئېنىقلىشىغا ئەرزىيدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي قاپتاللىرى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ يېڭى يايلاق بويلىرى، تۇرپاننىڭ ئايدىڭكۆل، يارغول جىلغىسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرى پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق، سۇ بېشى دېگەن يەرلىرى سىركىپ (قوش جاڭزا)، چەكمەن كارىز دەپ ئاتىلىدىغان جايلار غوزلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلىرى ئىدى. بۇ جايلار ئەينى چاغلاردا تېرىقچىلىق قىلىشقا ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. بۇ جايلاردىكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان تۇچ پىچاق، تۇچ نەيزە، ھايۋان سۆڭەكلىرى قەدىمكى زاماندا تۇرپاندا ياشىغان غۇزلارنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. غۇزلار گۆشنى تاماق ئورنىدا يەتتى، ھاراق ئىشلەيتتى، مۇراب چىقىراتتى. يۇڭدىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيەتتى. ھەر بىر غۇز ئايال كىيىم توقۇشنى پىششىق بىلەتتى. خوجايىنلار ئۆلسە ياغاچ ئورچۇق ۋە بىر قىسىم ياخشى كۆرىدىغان كىيىملەرنى بىللە دەپنە قىلاتتى. دېمەك، بىز بۇلاردىن غۇزلارنىڭ پۈتۈنلەي چارۋىچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي، قىسمەن دائىرىدە قوشۇمچە كەسىپ بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ساكلار ئەسلى مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى خېشى كارىدورىدىن غەربكە كۆچكەن چارۋىچى مىللەت ياۋچىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئۆز ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ھىندىستاننىڭ كەشمىر قاتارلىق جايلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن. بىر قىسمى تەڭرىتېغىنىڭ جەبۇنىي ئېتەكلىرىدە قالغان. بۇ خىل ساكلارنىڭ ئاساسەن ئىلى دەريا ۋادىلىرى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي، پامىر

رايونى، كەشمىر قاتارلىق جايلاردا ياشىغانلىقى توغرىسىدا يازما ماتېرىياللار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. لېكىن تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغانلىقى توغرىسىدا ماتېرىيال كەمچىل ھەم يوق بولۇپ، ساكلار بۇ جايدا ياشىمىغان دېيىلىپ كەلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، قېزىش ئارقىلىق ئالغوي، شەرقىي ئېغىزدىن نۇرغۇنلىغان ساك قەبرىلىرى تېپىلدى. قەبرىلەردىن بىللە كۆمۈلگەن (نۇرغۇنلىغان) ماددىي بۇيۇملار چىقتى. بۇ ھاسىلاتلار ساك قەبىلىلىرىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ساكلار ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلق ئىدى. كىيىم - كېچەك، ناخشا-ئۇسسۇل، كەشتە قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە بولغان جەسەتنى دەپنە قىلىش جەھەتتىمۇ بىر يۈرۈش قائىدە - يوسۇنلىرى بولغانىدى. يەنى بەلگىلىك شەكىلنى بويلاش مۇراسىم ئادەتلىرى بار ئىدى. ساكلارنىڭ ئىرقى توغرىسىدا تا ھازىرغا قەدەر بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش يوق.

بۇلارنىڭ ئىرقىغا قارىغا ئاساسلىقى سىلاۋيان ئىرقى، ئىران ئىرقى، تۈرك ئىرقى ۋە گرېك ئىرقى دەيدىغان بىر نەچچە خىل كۆز قاراش مەۋجۇت. بۇلارنىڭ ئىچىدە گرېك ئىرقى دېگۈچىلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ساكلار مەيلى قانداق ئىرق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھازىرچە تۈرك ئىرقى دەپ قاراپ تۇرۇش سەل ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ.

سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. بۇ خەلق مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردە ئېچىلغان غەرب بىلەن شەرقنىڭ سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۆۋرۈكى بولغان يىپەك يولى سودىسىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان، خەلقتۇر. قەدىمكى گرېك يازغۇچىلىرىنىڭ يازما ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا سوغدىلارنى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى جايلاردا ياشىغان دەيدۇ. ئەرەب ۋە ئىران تارىخچىلىرىنىڭ يازما خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، ئۇلارنى زەرەپشان دەرياسى ئارىلىقىدا ياشىغان دەپ بايان قىلىدۇ. XI ئەسىردە ياشىغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر ئۇيغۇر تىلشۇناسى، ئالىم مەخمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ يىرىك

ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە: سوغدىلار بوخارا، سەرمەقەنت قاتارلىق جايلاردا ياشىغان، دەپ قەيت قىلىدۇ. دېمەك، سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ياشىغانلىقى توغرىسىدا ماتېرىيال خېلى كۆپ، لېكىن تۇرپان ۋادىسىدا ياشىغانلىقى توغرىسىدا ماتېرىيال ناھايىتى ئاز. مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرى بىلەن «ھۇدۇدۇل ئالەم» دېگەن ئەسىرلەردە بۈگۈنكى جىمسار ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا سوغدىلارنىڭ مەھەللىلىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، دەپ خاتىرىلەنگەن. تۇرپان بېزەكلىكتىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا تەئەللۇق بولغان سوغدىچە ھۆججەت پۈتۈكلەر قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ھازىرمۇ تۇرپان موزېيخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. 1906 - يىلى گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى فون. لىكوك تۇرپاندا قېزىش تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا بىر قىسىم سوغدىچە ۋە ۋەسىقە پۈتۈكلەرنى تېپىپ گېرمانىيىگە ئېلىپ كەتكەن. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، مەشھۇر ئارخېئولوگ ۋاڭ بىڭخۇا ئۆزىنىڭ «تۇرپاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابىدا بۈگۈنكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىدە يارغول قەدىمكى شەھىرىدە سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ دۇكانلىرى، تۇرالغۇ جايلىرى بارلىقىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ بايانلاردىن سوغدىلارنىڭ قەدىمكى زاماندا تۇرپان ۋادىسىدا ياشىغانلىقىنى ۋە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى، پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، سوغدىلار سودىگەرچىلىككە ماھىر بولۇپ، باللىرىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىدىكەن، خەت ساۋاتى چىقىش بىلەنلا باللىرىنى سودا ئىشلىرىنى ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. ئۇلار ساۋاتسىز كىشىلەرگە قىزىقمايدىكەن. پايدا ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك نەرسە ھېسابلىنىدىكەن. شۇڭا، ئۇلار يېڭى تۇغۇلغان باللىرىنىڭ قولىغا پايدا ساڭا ئۆمۈرلۈك يار بولسۇن، دەپ يارماقتىن تۇمار ئېسىپ قويىدىكەن. تۇرپان رايونىدا ياشىغان سوغدىلار ئاساسەن سوغدى تىلىنى قوللانغان. سوغدى تىلىنىڭ قانداق تىل ئىكەنلىكى

www.uyghurkitap.com

بىزگە مەلۇم ئەمەس، تۇرپاندىن تېپىلغان بىر سوغدىچە كالېنداردا يىل، ئاي، كۈن سوغدىچە، خەنزۇچە يېزىلغان.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قوچۇ تەزكىرىسى»، «سۇينامە. توچۇ تەزكىرىسى» دە قوچۇدىكى خەلقلەر ئۇيغۇرلىشىش جەريانىدا توققۇز جاۋۇپ دېگەن سۆزنى ئۇيغۇر دېگەنگە قوشۇپ توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرى دەپ ئاتالغان ۋە بۇنىڭغا لوپنۇر، قوچۇ، ئوردوس قاتارلىق جايلاردىكى سوغدىلارمۇ قوشۇلۇپ كەتتى، دېيىلگەن.

دېمەك، بىز بۇلاردىن قەدىمكى دەۋردە تۇرپاندا ساك، سوغدى، ئۇيغۇر، خەنزۇ قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئارىلىشىپ ياشىغانلىقىنى، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى ئىشلىتىپ قالماي، باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنىمۇ ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئىسلام دىنى، ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىردى. بۇ شىنجاڭ رايونىنىڭ مەدەنىيەت ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. بۇرۇنقى بۇ جايدا ياشىغان سوغدى، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. بۇرۇن قوللىنىلغان يېزىق، ئۆرپ-ئادەت چەكلىنىپ ئىسلام مەدەنىيىتى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئەرەب يېزىقى ئىگىلىدى. شۇنداق قىلىپ سوغدى يېزىقى ۋە باشقا يېزىقلار ئەرەب يېزىقى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلدى. بۇ رايوندا ياشىغان سوغدى خەلقىمۇ ئۇيغۇر خەلقىگە سىڭىپ كەتتى. سوغدىلار شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ ئاساسلىقى سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولۇپ، غەرب بىلەن شەرقنىڭ سودا ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۆرتكىلىك رول ئوينىغان. بولۇپمۇ، تۇرپان رايونىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان بولۇپ، ئۇلار تۇرلۇك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقا ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىپ كەتكەن. X ئەسىردىن كېيىن، يەنى ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىنكى تارىخىي خاتىرىلەردە ۋە باشقا يازما مەنبەلەردە ئۇلار توغرىلىق ماتېرىياللارنى ئۇچراتقىلى

بولمايدۇ دېمەك، بىز يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن تۇرپاندا ياشاپ كەلگەن ساك، سوغدى، غۇز، قاڭقىل قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تۇرپاننىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنى يارىتىش ۋە تۇرپاننى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خېلى زور تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ ھەقتە تارىخىي خاتىرىلەر ۋە يازما ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز. شۇڭا، بۇ توغرىلىق ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇندىن كېيىن تۇرپانشۇناسلىق ھەققىدىكى مەخسۇس تەتقىقات خىزمىتىنى كەڭرەك قانات يايدۇرۇشىنى، تارىختا ئېنىق بولماي كېلىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشىنى تەكلىپ بېرىمەن.

(ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ئىشلەيدۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




1 : رەسىم سۇ بېشى قەدىمكى قەبرە رايونىنىڭ خەرىتىسى



3 ـ رەسىم 3 نومۇرلۇق قەبرىنىڭ تۈز يۈزلۈك، كەسمە يۈزلۈك خەرىتىسى

1. قۇلۇپ قېپىدىن ياسالغان زىننەت بويۇمى 2. گۈللۈك ياغاچ قاچا پۇچۇقى 3. 9. ياغاچ ئەسۋاب پارچىسى 4. تۆمۈر ماڭقىلىق باش پىچاق 5. 11. ساپال ئاياغ 6. ياغاچ تاسما ئىلمىكى 7. ساپال قەدەھ 8. كىچىك ياغاچ داس 10. سىرلىق قاچا پۇچۇقى.




2 ـ رەسىم: 8 ـ نومۇرلۇق قەبرىنىڭ تۈز يۈزلۈك ۋە كەسمە يۈزلۈك خەرىتىسى

1. 3. 9. قاچا. 2. رەڭلىك ساپال قاچا. 5. رەڭلىك ساپال ئۇرچۇق.

6. چۆچەك 7. تور 8. تەڭنە 10. ساپال ئۇرچۇق 11. جەسەت كارىۋىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4 ـ رەسىم ساپال قاچىلار

1. ئۆرىق (Mg:5) 2. I خىلدىكى كومزەكلەر (M4:10)
3. II خىلدىكى كومزەكلەر (M2:7) 4. I خىلدىكى قەدەھ (M4:2)
5. I خىلدىكى كومزەكلەر (M4:3) 6. IV خىلدىكى كومزەكلەر (M2:1)
7. I خىلدىكى قەدەھلەر (M3:7) 8. I خىلدىكى قاچىلار (M8:9)
9. I خىلدىكى قاچىلار (M5:5) 10. II خىلدىكى قاچىلار (M4:6)
11. II خىلدىكى ئاياغلار (M3:5) 12. I خىلدىكى ئاياغ (M7:1)
13. I خىلدىكى ئاياغلار (M2:2) (6. 8/1، قالغانلىرى 4/1)




5 ـ رەسىم: ياغاچ قاچىلار

1. گۈل ئويۇلغان قاچىنىڭ پۇچۇقى (M3:2) 2. ئىلغۇچ (M3:6)

3. ۋازا (M6:6) 4. كىچىك قۇتا (M6:7)



6 ـ رەسىم: مىس، ئۇستىخان، قۇلۇلە قېپى بۇيۇملىرى

1. مىس ھايۋانات چىشى شەكلىدىكى زىننەت بۇيۇمى (M1:16)

2. ئۇستىخان ئۇرچۇق (M1:13) 3. قۇلۇلە قېپى زىننەت بۇيۇمى (M2:1)

4. ئۇستىخان تاختا (M1:19) 5. ئۇچلۇق ئۇستىخان قورال (M7:11)

6. ھەمدەمبە ئۇستىخان تاختا زىننەت بۇيۇمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى




7 ـ رەسىم

1. چاچ تورى (M8:7) نىڭ توقۇلۇشى بىلەن تۇتىشىش خەرىتىسى 2. چاچ قىپىنىڭ توقۇلۇشى (M8:7)




هىسار ـ قورغان

هىسار ـ «تاللىق خانلىقى» خارابىلىقى شەكلى